

بوستان
مايتاغدىكى ئوق ئاۋازى
يالگوندىكى بىر تەشنەك گۈل
قەلب چۆقانلىرى
1
1998

# كورلا شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى




✦ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى



✦ كورلا شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى شۇجىسى ئەنۋەر ئابدۇراخمان (سولدا) ئۈمىد قۇرۇلۇشىغا پۇل ئىئانە قىلماقتا




✦ ئوبلاست رەھبەرلىرى ئۈمىد قۇرۇلۇشىغا پۇل ئىئانە قىلماقتا




✦ شەھەر خەلقى ئۈمىد قۇرۇلۇشىغا پۇل ئىئانە قىلماقتا



✦ راۋاجلىنىۋاتقان پىئونېرلار ياللىسى



✦ كورلا شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى خادىملىرى

# بوستان 1998 - يىل 1 - سان

(پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال، 20 - يىل نەشرى، ئومۇمىي 60 - سان)



**نەسرىي ئەسەرلەر دۇنياسى**

مايتاغدىكى ئوق ئاۋازى (ئەسلىمە) ........................ مۆمىن تالىپ 2
قەلب چۇقانلىرى (ئەدەبىي خاتىرە) ........................ هۆرلىقا ئابدۇرشىت 20
چۇچۇلا قەترىلەر (نەسر) ........................ رەيھان نۇر 26
بالكوندىكى بىر تەشتەك گۈل (ھېكايە) ........................ هۇسەيىن تاش 27
مەرھۇم ئۇستازىم ئابدۇللا ئېلىنى ئەسلەيمەن (ئەسلىمە) ........................ ئەسقەر ياسىن 38
بەربات بولغان ئولىمپىك (ھېكايە) ........................ ئەركىن ئەمەت 41
مۇھەببەتلىك دۇنيا، ئاتەشلىك يۈرەك (ئەدەبىي ئاخبارات) ... پەخرىدىن مۇسا، مۇھەممەتجان مەمتىلى 56

**[illegible]**

قۇربانجان مەخسۇت ئىنتىزارى، پۇچىنتاي مۇختەر، ئالىمجان ماڭسۇر، شىرئەلى يۇسۇپ ياقۇپ، خۇرشىدەم نۇرئەلى، ئوسمانجان ئۆمەر، ئەمەتجان سايىت، غالىپ مۇھەممەت قارلۇق، مۇكەررەم ئابدۇشۇكۇر، جېلىل خېلىل، تۇرغۇنجان تۇرسۇن، ئابلىمىت ئابدۇباقى (مەشئەل)، ئابدۇللا ئېلى (ئارمان)، نۇرئەھمەد غوپۇر، ئابدۇغېنى ساۋۇت، نۇر سەئىد، ھاياتنوپۇس مۇھەممەت ........................ 33

**[illegible]**

شېئىرلار ........................ روزى سايىت 47

**ئىدراك جىلۋىسى**

«قۇم باسقان شەھەر» — زامانىۋى ئەپسانە ........................ مۇھەممەتتۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار 49
ئازاب ئېگىنى يېتىلدۇرۇش — ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ........................ يالقۇن روزى 50
تىنىمسىز ئۆتكەن 42 يىل ........................ ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن 68
پېشقەدەم شائىر ئابلىز ھەسەن ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ........................ پەرھات ئابدۇرەھىم 70

**[illegible]**

ھۇجۇم، ھۇجۇم، يەنە ھۇجۇم (ئەدەبىي ئاخبارات) ........................ ئابلىكىم تۇراپ تەرجىمىسى 65

**[illegible]**

ئەدەبىي ئۇچۇرلار ........................ 72


مۇقاۋىنى ئەكبەر سالىھ لايىھىلىگەن.


باش مۇھەررىر: ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن
مۇھەررىر: ئەسقەر ياسىن

تەھرىر ھەيئەتلەر: يۇسۇپجان مۇھەممەت، سىتىۋالدى باھاۋۇدۇن، غېنى قۇربان، پەرھات ئابدۇرەھىم، شىرىپجان موللائەمەت، ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن، ئەسقەر ياسىن.
مەسلىھەتچىلەر: ئېزىز ئوسمان، تۇرسۇن ئەبەي، ئەنۋەر ئابدۇراخمان، ئۆمەرجان ئابدۇراخمان، مۇھەممەتجان ئىلياس.




## مۆمىن تالىپ

**ئاپتوردىن:** مېنىڭ بۇ ئەسلىمەم جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىدى. ئۇنى تولۇق يېزىش ئۈچۈن شۇ جەڭلەرگە بىللە قاتناشقان سەپداشلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ يازغان بولساق تولۇق يېزىلاتتى. (چۈنكى بىر ئورۇندا بىرلا ۋاقىتتا بولغان ئۇرۇشتا ھەر بىر ئادەمنىڭ كۆرگەنلىرى بىر - بىرسىگە ئوخشىمايدۇ) لېكىن مەن بۇ پۇرسەتكە ئېرىشەلمىدىم. باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسلىمىلەرنى ئوقۇپ كۆرسەم، ئانچە تولۇق بولماپتۇ. شۇڭا مەنمۇ ئۆزۈم بىۋاسىتە كۆرگەنلىرىمنى يازدىم. ياشىنىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن يېزىشتىن قىينىلىپ ئېغىزچە سۆزلەپ بەردىم. يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن قايتا ئوقۇپ چىقتىم. تولۇق بولمىغان جايلىرىنى يولداشلارنىڭ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

* * *

چۈشىنىشلىك بولىشى ئۈچۈن گەپنى سەل نېرىدىن باشلاي:

مەن 20 ياشقا كىرگەن يىلى، يەنى 1941 - يىلى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىڭشىسەينىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق 6 - باتالىيون 2 - روتا 2 - ئىنژۇتىدا ئەسكەر بولدۇم. 1942 - يىلى شىڭشىسەينىڭ ئىنىسى شىڭشىچى بىزنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ ماڭدى. بىز جەمئىي 600 ئەسكەر ئىدۇق. بۇ مەزگىلدە شىڭشىسەي ئۆزىنىڭ ئىنىسى شىڭشىچىدىن گۇمانلانغاچقا، بىزنى ئۈرۈمچىگە كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن كورلىدا توختىتىش، چەرچەن بىلەن چاقىلىق ئارىلىقىدىكى تاشيولنى ياساشقا سالدى. 1943 - يىلى 11 - ئايدا قاراشەھەرگە ئېلىپ كەلدى. 1944 - يىلىنىڭ باشلىرى تۇرپانغا يۆتكەپ «كونا تۇرپان» دېيىلگەن يەرگە ئورۇنلاشتۇردى. شۇ يىلى 3 - ئايدا شايىڭجاڭ ئىسىملىك خەنزۇ باشلىق كېلىپ 300 ئەسكەرنى قىسقارتتى. قۇربان يىڭجاڭ بىلەن 20 ئوفىتسېرنى قوشۇپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتتى. 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بىزنىمۇ ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ قوغداش 6 - باتالىيوننىڭ گازارمىسىغا (ھازىرقى بىڭتۇەن سىلىڭبۇسىنىڭ ئورنى) ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىزگە يەنە ئىككى روتا خەنزۇ ئەسكەرنى قوشۇپ 3 - باتالىيون قىلىپ ئۆزگەرتتى. 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى گۇچۇڭغا يۆتكىلىپ شۇتۇڭ دېگەن يەردە قاتناش قوغدىغۇچى بولۇپ 24 مىڭ تۆگىنى قوغداپ تۇردۇق. 10 - ئايدىن باشلاپ تاڭپاڭمياۋ، جىبىكۇ، بەنجاكو، كەيگۇڭ، بايانغۇ، چەنزىگەي... دېگەن جايلاردا ئوسمان بىلەن ئۇرۇش قىلدۇق.

1945 - يىلى 1 - ئايدا تۇيۇقسىزلا ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، غەربىي زال (ھازىرقى رايونلۇق پارتكومنىڭ بىناسى) دا 3 كۈنگىچە زىياپەت، ئويۇن كۆرۈش دېگەندەك كۆڭۈل ئېچىش بىلەن بولدۇق. 4 - كۈنى ئەتىگەندە 2 - باتالىيوننىڭ گازارمىسىدا ۋۇجۇڭشىن بىزگە ئالايىتەن سۆزلەپ:

— سىلەر ئوسمان باندىت بىلەن بولغان سوقۇشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتىڭلار، سىلەرگە كۆپ رەھمەت. ھازىر ئىلىدا «ئالتە ئوغرى» پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلارنى تۆپ يىلتىزىدىن يوقىتىش كېرەك. ئىچكىرىدىن كەلگەن خەنزۇ ئەسكەرلەر بۇ يەرنىڭ شارائىتىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا يەنىلا سىلەرگە تايىنىمىز. «ئالتە ئوغرى» نى يوقىتىپ كەلسەڭلار، سىلەرگە قەھرىمانلىق مېدالى تاقايمىز، ئاتا - ئانا، بالا - چاقاڭلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىمىز... دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ «تەلەپىڭلار بولسا ئورۇندايمىز» دەپ قوشۇپ قويدى. بىز ئۇلارغا ئالتە

ئايدىن بۇيان ماڭاش بەرمىگەنلىكىنى، كىيىملىرىمىزنىڭ كونىراپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتۇق. ئالتە ئايلىق ماڭاش ھەم كىيىم مەسىلىسى بىراقلا ھەل بولدى. ئۇنىڭدىن سىرت سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن دېكتار پىلىموت، بەشئاتار مىلتىق بېرىلدى. مەن شۇ چاغدا ئوتدېلېنىيە كوماندىرى ئىدىم. بۇرۇن ھەر بىر روتىدا بىردىن قول پىلىموت بولاتتى. ئەمدىلىكتە بىر ئوتدېلېنىيەگە بىردىن - ئىككىگىچە پىلىموت بېرىلدى. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن 10 ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. ماشىنىنىڭ ئالدى ھازىرقى شىنجاڭ گېزىتخانىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان ئاشپەز، ناۋاي، كاۋاپچىلار قولىنى كۆتۈرگىنىچە: «كىيىمىڭلار ئەجەب يارىشىپتۇ»، «ماڭىدىغان يولۇڭلارنى ياخشى تاللاڭلار! ...» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشتى.

بىز ماناسقا بارغاندا، گومىنداڭچىلار ئالتە - يەتتە ماشىنىغا ئايروپىلاننىڭ سۇنۇقلىرىنى بېسىپ كېتىۋېتىپتۇ. بىز ئۇلاردىن نېمە بولغانلىقىنى سورىساق: «زىۋازىلار بىزنىڭ ئايروپىلانلارنى ئېتىپ چۈشۈرىۋەتتى» دەپ جاۋاب بېرىشتى. يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ تەسىرىدىنمۇ، ياكى باشتا بىرەر پىلانلىق ئىش بارمۇ، ئۇنى بىلمەيمەن. شۇ كۈنى كەچتە 9- روتىنىڭ كوماندىرى سوپاخۇن ئاكا، 8 - روتىنىڭ كوماندىرى ھېسامىدىن، ئۇنىڭدىن باشقا ئۆمەرجان، سىدىقھاجى... قاتارلىقلار گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ بۆلۈنۈپ چىقىپ مىللىي ئىنقىلابچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتۇق. لېكىن ھېسامىدىن قوشۇلمىغاچقا بۇ ئىش شۇ پېتى بېسىلىپ قالدى. ئەتىسى ئەتىگەندە سوپاخۇن ئاكا مېنى يېنىغا چاقىرىپ:

— بىز ماناس كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىمىز. سەن ئاخىرقى ماشىنىدا ئولتۇرۇپ ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەن دۈشمەنگە تاقابىل تۇرىسەن،— دەپ ئۇقتۇردى. مەن ئۇنىڭ دېگىنىچە ئىش قىلىپ ھازىرلىنىپ تۇردۇم. ماناس دەرياسىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئالدىنقى ماشىنىلار توختاپ قالدى. سوپاخۇن ئاكا ماشىنىدىن چۈشۈپ كۆۋرۈكنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قارنىڭ قېلىنلىقىنى تەكشۈردى. قارنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىرغا يېقىن ئىكەن. بىز ئىلى تەرەپكە قاچساق جەزمەن ئالدى تەرەپتىن قارشىلىققا ئۇچرايتتۇق. ئۇ ھالدا ماشىنا يولدىن چەتلىسىلا ماڭالمايتتى. بىزدە ئات يوق، پىيادە مېڭىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇ سەۋەبلىك بۇ مەقسىتىمىز ئەمەلگە ئاشمىدى.

بىز شىخوغا كېلىپ كىنوخانا بىلەن بۇتخانىغا ئورۇنلاشتۇق. 15 كۈن ئۆتكەندە ھېسامىدىننىڭ روتىسىنى مايتاغقا، سوپاخۇن ئاكىنىڭ روتىسىنى ئايرودرومنى ساقلاشقا ئەۋەتتى. 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سوپاخۇن روتىسىدىكى ئابدۇرېھىم ساماساق ئىسىملىك ئوتدېلېنىيە كوماندىرى 12 ئادىمىنى باشلاپ كۆيتۈنگە بېرىپ مەمەت گېيجاڭ قاتارلىق بىر نەچچە باينىڭ 12 ئېتىنى تارتىپ ئېلىپ ئالاتاۋ تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ. گومىنداڭنىڭ 500 ئەسكىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ نەچچە كۈن ئاۋارە بولۇپ تۇتالماي قايتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىزگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى. 3- ئاينىڭ 22- كۈنى سوپاخۇننىڭ روتىسىنى مايتاغقا قايتۇرۇپ چىقىپ، ھېسامىدىننىڭ روتىسى بىلەن قوشۇپ نەزەربەنت قىلىپ قويدى. كۆرۈنۈشتە ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىشتى. ئەمەلىيەتتە بىزدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ھەر كېچىسى بىر پولك ئەسكەر كېلىپ بىز تۇرغان گازارمىنىڭ ئەتراپىنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇردى. بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز يوق زېرىكىپ مايتاغ زاۋۇتىنىڭ پىروتكا ئىشچىلىرىنىڭ ياتىقىغا كىرىشىپ تاشكەنت، ئالمۇتىلاردىن بېرىلگەن 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ھەم غۇلجا ئىنقىلابى توغرىسىدىكى رادىئو خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق. 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئۈرۈمچىدىن نەزەر قازى باشلىغان ھەر مىللەت مۆتىۋەرلىرى ھەم ھەربىي ئەمەلدارلار بولۇپ 30 نەچچە ئادەم چىقىپتۇ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىزگە خىزمەت ئىشلىمەكچى ئىكەن، لېكىن يەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرىدىن ئەھۋال ئىگىلەپ بىزنىڭ ھامان ئۇلارغا ئەگەشمەيدىغانلىقىمىزنى جەزملەشتۈرۈپ ھەممىمىزنى بىر يولىلا ئوققا تۇتۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇشۇپتۇ. بۇ خەۋەرنى ج خ ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان كورلىلىق ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ئادىمىمىز ماڭا خەۋەر قىلدى. بىزنى قەتلى قىلماقچى بولغان جاي بىز تۇرغان گازارمىدىن 50 مېتىرچە يىراقلىقتىكى زاۋۇت دوختۇرخانىسىنىڭ ھويلىسى ئىكەن. بىز بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن پار تۇرۇبىسى ئورنىتىلغان يەر ئاستى يولى بىلەن مېڭىپ تۇرۇبا يولىغا چىقىپ چۈشىدىغان ھەر قايسى ئېغىزغا بىر نەچچىدىن ئەسكەر ئورۇنلاشتۇردۇق. يەنە شۇ يەر ئاستى تۇرۇبا يولى بىلەن ئۆتۈپ دوختۇرخانىنىڭ 3 - قەۋىتىگە تاللانغان 202 جەڭچىنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھالەتتە گازارمىدا تۇرىۋەردۇق. بىر ۋاقىتتا تىزىلىشقا پۈشتەك چېلىنىپ گازارمىدىكى ھەممىمىز ئالتىدىن قاتار تىزىلدۇق. ئاندىن كېيىن دوختۇرخانىنىڭ ھويلىسىغا كىرسەك ئىككى پۈتلۈق پىلىموتتىن توققۇزى بىز كىرىدىغان تەرەپكە قارىتىپ ئورنىتىلىپتۇ. پىلىموتنىڭ ئوق لېنتىسىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قاتار پىلىموتنىڭ ئارقىسى — ئۈچ مېتىرچە نېرىدا گومىنداڭنىڭ تاللانغان 80 چە ئەسكىرى قاتار تۇرغانىكەن. بىز ھويلىغا كىرىشىمىزگە ئالتە قاتارنىڭ ئالدىنقى قاتارى تىزلىكتە يەرگە يېتىپ قوراللىرىنى شۇلارغا قاراتتى. كەينىدىكى ئۈچ قاتار

يېرىم تىزلىنىپ تۇرغىنىمچە قورالنى يەنە شۇلارغا قارىتىپ تەپكىنى ھازىرلا باسىدىغاندەك ھالەتتە تۇردى. كۆتۈلمىگەن بۇ ھالەتتىن دۈشمەن تېگىرقاپ تۇرغاندا ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى دوختۇرخانىنىڭ 3 ـ قەۋەتتىكى دېرىزە ئەينەكلىرى جاراڭلاپ چېقىلىپ پىلىموتنىڭ ئوقى چىقىرىلىپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ يەلكىسىگە توغرىلاندى. ئەتراپنى سۈرلۈك جىم ـ جىتلىق بېسىپ ھەممىمىز ۋەھىمە ئىچىدە قالدۇق. شۇ ئەسنادا گومىنداڭنىڭ بىر كوماندىرى: «ھوي، بىر ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ» دېگەندىن كېيىن ئەسكەرلىرىگە كوماندا بېرىپ مەيداندىن چىقىپ كەتتى.

شۇندىن كېيىن بىز ئەندىشە ھەم ئۈچەملىك ئىچىدە غەزەپلىنىپ يۈردۇق. ئارىدا 4 كۈن ئۆتۈپ گازارمىدا «شىرمەتخان» ناملىق كىنو قويۇلدى. بىز مۇشۇ كىنو كۆرۈش ۋاقتىمىزدا ھەممىسىنى قوشۇپ ئۇقتا تۇتماقچى بولدۇق. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قوراللىق پۇقرالار زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا — ئالدىدا ئەسكەرلەر، ئارقىدا پۇقرالار ئولتۇردى. بىز زالنىڭ ئىككى تەرىپىگە بۆلۈنۈپ ئولتۇردۇق. ھەربىر دېرىزىگە ئىككىدىن ئادەم بەلگىلەندى. مەن پىلىموتنى تۇتۇپ ئېكراننىڭ يېنىدا تۇردۇم. بىزنىڭ مەقسىتىمىز بۈگۈن گومىنداڭچىلارغا ئوچۇق ـ ئاشكارە جەڭ ئېلان قىلىش ئىدى. بىز ئورۇنلىشىپ بولۇپ ئەتراپتىكى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارنى ئويلاشقىچە ئۈچ چاس كىنو قويۇلۇپ بولۇشىغا توك توختاپ قېلىپ ھەممىمىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قېلىپ كىنودىن تاراپ كەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ3ـ قېتىملىق پىلانىمىز يەنە ئەمەلگە ئاشمىدى.

بىزنىڭ بۇ پىلانىمىزنى باتالىيون كوماندىرى ھاكى، روتا كوماندىرلىرىدىن سوپاخۇن ئاكا بىلەن ھېسامىدىنلار پىلانلىغانىدى. ئەمەلىيەتتە ھېسامىدىن بىردىنلا ئۆزگىرىپ بىزنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. بىزمۇ بوش كەلمىدۇق.

— پىلانلىغان ئۆزۈڭ، بۇيرۇق چۈشۈرگەنمۇ ئۆزۈڭ. ئەگەر بىزنى پاش قىلساڭ ئۆزۈڭمۇ قۇتۇلالمايسەن، — دەپ ئۇنى قورقۇتۇپ گەپ ـ سۆز قىلدۇرمىدۇق. ئۇمۇ جىم بولدى. لېكىن ۋەزىيەت تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. بىز تالاغا چىقساقمۇ، ياتاقتا تۇرساقمۇ قورال، گىرانات، بېلىمىزدىكى ئوقلارنى تاشلىمايدىغان بولدۇق. بىر ـ بىرىمىزدىن گەپ يوشۇرماي ئوچۇق سۆزلىشىۋېرىدىغان بولدۇق. قاچاندا بولمىسۇن بىر كۈنى بىزنى قىرغىن قىلىشى ئېنىق بولۇپ قالدى، بىزنىڭ بىردىن ـ بىر قۇتۇلۇش يولىمىز قېچىش ئىدى. ئارىدا بىر نەچچە قېتىم قېچىش توغرىسىدا كېڭىشىپ بىرلىككە كېلەلمىدۇق. ئاخىرى ماڭا كىچىلىك پوستقا چىقىش نۆۋىتى كېلىدىغان 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كېچىدە قاچماقچى بولۇپ، ئۆز ئوتتۇرىمىزدىكى 12 نەپەر ئەسكەر بىلەن كېلىشىپ قويۇپ، ئات تەييارلاشنىڭ كويىغا چۈشتۇق. بىزدە ئات يوق ئىدى. مايتاغ بورىۋايىغا قاراشلىق 700 ئات بولۇپ، بۇ ئاتلارنى بىر روتا ئەسكەر قوغدايتتى. سادىق ئىسىملىك 55 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم ئات باقاتتى. ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىمىز ياخشى بولۇپ، كۆز قارىشىمىزمۇ ئوخشاش ئىدى. مەن گەپنىڭ ئېنىقىنى ئېيتتىم. ئۇ بىزنى قوللاپ 25 ئاتنى توقۇپ تەييار قىلىپ بەرمەكچى بولدى. بۇ ئىشلار پۈتكەندىن كېيىن سوپاخۇن ئاكا بىلەن مۇئاۋىن كوماندىر ئۆمەرجانلارغا خەۋەر قىلسام، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قوشۇلۇپ، بەزىلىرى قوشۇلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ كېچە سائەت 3 تە قاچىمىز دەپ قويۇپ ئىدرىس، خېلىل كىچىك، مەھەممەت ئىسلام، يۈسۈپ خۇدابەردى قاتارلىقلارنى باشلاپ ئات قوراسىغا بېرىپ قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان ئىككى پوستنىڭ يېنىغا باردۇق. مەندە دىژورنىلىق بەلگە بولغاچقا ئۇلار گۇمان قىلمىدى. بىزدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «سىبىرناي»، «پالمىر» ماركىلىق تاماكىلار بار ئىدى. ئۇلارغا سۇندۇق، ئۇلار بىخارامان تاماكا چېكىپ تۇرغاندا ئاغزىغا لۆڭگە تىقىپ باغلاپ قويۇپ، 25 ئاتنى 1.7 مېتر چوڭقۇر، 500 مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى ئاكوپ ئارقىلىق تالاغا ئېلىپ چىقتۇق. شۇنىڭ بىلەن 1ـ، 2ـ، 3ـ پوتەيدىكى پوستلارمۇ ئاتقا مىندى. شۇ ئارىلىقتا پوستتا تۇرغان قاراۋۇللارنى تەكشۈرۈپ كەلگەن ئەبەيدۇللا كۆرۈپ قېلىپ:

— ھەي پوق يەيدىغانلار، نېمە قىلىشماقچىسەن؟— دەپ ۋارقىرىشىغا، خېلىل كىچىك:

— مانا مانداق قىلماقچى، — دەپ گۇملا قىلىپ بىر پاي ئوق ئاتتى. ئەبەيدۇللا ئوكدىسىغا چۈشۈپ ئۈن ـ تىنسىز يېتىپ قالدى. ئوق ئۇنىڭ بېقىنىنى خېلى ئېغىر سۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن 9 ئادەم ئاتلىق قېچىپ چىقىپ كەتتى. مەن پوتەينىڭ ئۈستىدە ئىدىم. سوپاخۇن ئاكىلار بىلەن ھېسامىدىنىنىڭ روتىسى تېخىچە يېتىپ كېلەلمىگەنىدى. (ئۇلارنىڭ كېلەلمەسلىكىگە ھېسامىدىن بىلەن ھاكى ئىككىسى سەۋەبچى بولۇپتۇ.) ئۇلار قارتا ئويناشنى باھانە قىلىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ۋاقىتنى ئارقىغا سوزغانىكەن. مەن ئۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز بولغاچقا، تولىمۇ تىت ـ تىت بولۇپ ئاخىرى سوپاخۇن روتىسىنىڭ ياتىقى تەرەپكە بىر پاي ئوق ئاتتىم. ھايال ئۆتمەي 50 چە ئەسكەرنى باشلاپ سوپاخۇن ئاكا يېتىپ كېلىپ، ھېسامىدىنىنىڭ روتىسىدىكى ئەسكەرلەرنى باشلاپ كېلىش ئۈچۈن مېنى ئەۋەتتى. يۈگۈرۈپ بېرىپ گازارمىغا كىرسەم ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى تەق بولۇپ تۇرۇپتۇ. لېكىن ھېسامىدىن ئىشىككە توغرى ئولتۇرۇۋېلىپ ئەسكەرلەرنى سىرتقا چىقارماپتۇ. مەن ھېسامىدىننى ئالدىماقچى بولۇپ:

— 300 دەك رۇس ئەسكەر كېلىپ ئەتراپىمىزنى قورشاپ ئاپتۇ. دەرھال چىقىپ شۇلار بىلەن

جەلق قىلىمىز. مېنى سوپاخۇن ئاكا ئەۋەتتى، — دەپ يالغان ئېيتتىم، ھېسامىدىن مېنى «شۇ ئورۇسلارنىڭ يېنىغا مېنى باشلاپ بار» دەپ ھەيدەپ ماڭدى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ گازارمىدا سولۇنۇپ قالغان 70 چە ئەسكەرمۇ بىللە ماڭدى. يولدا كېتىۋاتقاندا دوستەك ئىسىملىك تاجىك ئەسكەر ماڭا قاراپ:

— ئىشنى باشلامدۇق؟، — دەپ سورىدى. مەن: «باشلايمىز» دەپ جاۋاب بەردىم. پوتەينىڭ يېنىغا بارساق ھېچكىم يوق. مېنىڭ 9 ئادىمىم بىلەن قوشۇلۇپ سوپاخۇن ئاكىلار ئاللا قاچان كېتىپ قاپتۇ. مەن بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئويلاپ تۇرۇپ قالدىم. شۇ ئەسنادا يۇسۇپ خۇدابەردى دېگەن ئەسكەر:

— ئورۇسلارنىڭ كەلگىنى يالغان، بۈگۈنكى قېچىشنى مۆمىن تالىپ ئۆزى قوزغىغان، — دەپ ئىشنى ئاشكارىلاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ھېسامىدىن مېنى گازارمىغا قايتۇرۇپ كېلىپ تۈۋرۈككە تېڭىپ باغلاپ، ئوبۇلقاسىم قاتارلىق بىر قانچە ئەسكەرلەرگە تاپشۇرۇپ قويۇپ ئۆزى باتالىيون شتابىغا يېنىغا كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئەبەيدۇللا ئىسىملىك ئىزۋوت كوماندىرى كىرىپ «سىدىق ھاجىلارمۇ قېچىپتۇ» دەپ خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپتىكى ئەسكەرلەرمۇ جىددىيلىشىپ بىر - بىرسىگە قاراپ قويۇپ ئۈن - تىنسىز جىم تۇرۇشۇپ قالغاندا ئارىدىن بىرسى: «بىز قانداق قىلىمىز؟» دەپ قالدى. مەن شۇئان: «قانداق قىلاتتىڭ، قولۇمنى يەش» دېدىم. ئۇلارمۇ خۇددى مېنىڭ شۇ سۆزۈمنى كۈتۈپ تۇرغاندەك دەرھال كېلىپ پۇت - قولۇمنى يېشىۋەتتى. مەن دەرھال بېرىپ كارۋاتنىڭ ئاستىدىكى پىلىموتومنى قولۇمغا ئېلىپ: «ئەمدى ئويلىشىپ تۇرىدىغان ۋاق ئەمەس. ئاتاڭمۇ ئوق، ئاناڭمۇ ئوق. ھاياتىمىزمۇ ئوق. ئوقنى بولۇشىغا ئېلىڭلار» دېگىنىمچە ئۆزۈممۇ ئوق قاچىلىدىم. ئاندىن 18 نەپەر ئەسكەر پىيادە يولغا چىقىپ قاچتۇق. كېچىلەپ يول يۈرۈپ بەيياڭگو دېگەن يەرگە كەلگەندە ماڭغىدەك ھالىمىز قالمىدى. بەزى ئەسكەرلەر ئوقنىڭ بىر قىسمىنى تاشلاپ كېتەيلى دېيىشتى، مېنىڭ ئوقنى تاشلىغۇم يوق ئىدى. ئەمما ئوقلارنى كۆتۈرۈپ مېڭىش قىيىن بولدى، شۇ باشقېتىمچىلىقتا تورساق ئۈچ نەپەر ئاتلىق قازاقلار كېلىپ قالدى. بىز ئۇلارغا راست گەپنى ئېيتىپ ئىككى سەر مىقتاردا ئالتۇن ئۆزۈك بېرىپ ئاتلىرىنى ئالدۇق، قازاقلارمۇ رازى بولۇپ ئاتلىرىنى بەردى. بىز يولنى داۋام قىلىپ بەيياڭگونىڭ چىقىش ئېغىزىغا كەلگەندە ئوسمان قارى①، ئەخمەت تىلەش قاتارلىق 30 ئەسكەر ئۇچراپ قالدى. ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش پىكىردە بولۇپ، ئۆز ئارا مەسلىھەتىمىز بار ئىدى. لېكىن قوزغىلىش ئالدىدا خەۋەرلىشەلمىگەنىدۇق. بۇ 30 ئەسكەر تاغ ئۈستىدىكى گېنېرالنى پوتەينى قوغداپ تۇراتتى. بىزنىڭ قاچقان خەۋىرىمىزنى ئاڭلاپ ئەگىشىپ كەلگەنىكەن. ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ 40 بولدۇق. سوپاخۇن ئاكىلارنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيتتۇق. ئالدىمىزدا قانداق ئىشلارغا دۇچ كېلىشىمىزنى تېخىمۇ بىلمەيتتۇق. باشلىقسىز ئەسكەر ھېچنېمىگە يارىمايدۇ. مەن ئەمدى ئارىمىزدىن باشلىق سايلاشنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. باشقىلارمۇ قۇۋۋەتلەپ ئوسمان قارىنى روتا كوماندىرى، ئەخمەت تىلەشنى مۇئاۋىن قىلىپ سايلىدۇق. شۇ ئەسنادا مايتاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئىككى ئاتلىق كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بۇ كۈن 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تاڭ سۈزۈلۈپ كۈن چىقىشنىڭ ئالدىدىكى مەزگىل ئىدى. ئاتلىقلار بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى. قارىساق مېنى تۈۋرۈككە باغلىغان ھېسامىدىن بىلەن تۇراق ئىسمائىل ئىكەن. ئۇلار كېلىپ «بىز سىلەرگە قوشۇلۇپ بىللە كېتەيلى» دېدى. بىز بىللە ماڭدۇق. يولىمىزنى داۋام قىلىپ چىگشۇر تەۋەسىگە كەلگەندە بىر غولنىڭ ئىچىدە سوپاخۇن ئاكىلارنى قوغلاپ يەتتۇق. سوپاخۇن ئاكىلار شۇ يەردىكى بايلارنىڭ 500 - 600 ئېتىنى ئوتتۇرىغا يىغىپ ئېلىپ سالما تاشلاپ ياخشى ئاتلارنى تۇتۇپ ئەسكەرلەرگە تاللاۋاتقانىكەن. شۇ قاتاردا بىزمۇ ئاتقا ئىگە بولدۇق. لېكىن ئىگەر - جابدۇق يوق بولغاچقا، شۇ يەردىكى قازاقلاردىن كىگىز ئېلىپ توقۇم ياساپ، پۇتىمىزغا ئورىغان گۆجەي (پايتىما) نى نوقتا، يۈگەن، چۇلۋۇر قىلىپ ياساۋاتساق 8 - 9 نەپەر موڭغۇللار كېلىپ قالدى. ئۇلار شۇ يەرنىڭ لامالىرى ئىكەن. لامالار بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى كۆرۈپ: «سىلەر قىيىن ئەھۋالدا قاپسىلەر، بىز سىلەرگە ھەممىنى تېپىپ بېرىمىز» دەپ چىگوشۇردىكى بىر بۇتخانىغا باشلاپ بېرىپ ئىگەر جابدۇقى بىلەن 200 ئات بەردى. بىز قولىمىزدىكى بۇرۇنقى ئاتلارنى لامالارغا بېرىپ: «خالىساڭلار ئەسلى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەرسىلەر» دەپ لامالار بىلەن خوشلاشماقچى بولدۇق. لامالار: «سىلەرگە يەنە بىر مەسلىھەت بار» دەپ بىزنى باشلاپ بۆرنۇڭگو دېگەن جايدىكى نورپاي ئىسىملىك قازاقنىڭ ئاۋۇلىغا باشلاپ باردى. ئۇ قازاق بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى ھەم: «سىلەر بۇ يەردىن كەتمەڭلار، بىز ئادەم توپلاپ شىخو، ماناس، بۆرنۇڭگو ئەتراپىدا پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارايلى» دەپ مەسلىھەت بەردى. بىز لايىق كۆرمىدۇق. چۈنكى گومىنداڭنىڭ مىڭلىغان مۇنتىزىم ئارمىيىسى شىخو، جىڭ ئەتراپىدا جىددى ئۇرۇش تەييارلىقى قىلىۋاتاتتى. بىز بولساق ئاران 116 نەپەر كىشى ئىدۇق. ئەھۋالنى نورپايغا چۈشەندۈرۈپ يەنىلا ئىلى تەۋەسىگە ئۆتۈپ كېتىشنى توغرى تېپىپ، ئەمەت

---

① ئوسمان قارى- كېيىنچە مىللى ئارمىيىدە روتا كوماندىرى بولغان ئىدى، ئاقسۇ يېڭى شەھەردىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولدى.

ئېلى ئىسىملىك بىر ياردار سەپدىشىمىزنى نورپاينىڭ ئۆيىگە تاشلاپ كەتمەكچى بولدۇق. لېكىن ئەمەت ئېلى رازى بولمىدى. ئۇ: «مېنى تاشلاپ كەتمەڭلار، ئەگەر قەتئىي ئېلىپ كەتمەيمىز دېسەڭلار، ئەڭ ياخشىسى مېنى ئېتىۋېتىڭلار» دەپ تۇرىۋالدى. ئەمەت ئېلى سىدىق ھاجى باشلاپ چىققان 50 ئەسكەرنىڭ بىرسى بولۇپ، سوپاخۇن ئاكىلاردىن كېيىن بىزدىن ئىلگىرى مايتاغ گازارمىسىدىن قېچىپ چىقىپ بۆرتۇڭگۇگە كەلگەندە گومىنداڭنىڭ ئىككى روتا ئەسكىرىگە دۇچ كېلىپ ئۇلار بىلەن سوقۇش قىلغاندا، ئەمەت ئېلىنىڭ لىپىكىگە ئوق تېگىپ يارىلانغانىكەن، ئۇ پەقەتلا ماڭالمايتتى. شۇ ھالەتتە ئۇنى ئېلىپ ماڭساق قېيىنلىپ قالاتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئىككى مىلتىق، 500 پاي ئوق، تۆت گىرانات قالدۇرۇپ، كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا ئۇنى ئامالسىز تاشلاپ كەتتۇق.

بىز يول بويىدىكى تېلېفون سىملىرىنى ئۈزۈپ ماڭدۇق. كېچىلەپ يول يۈرۈپ ئەتىگەن سائەت 7 ئەتراپىدا يەنسىخەينىڭ «بەش جاڭزا» دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلدۇق. سوپاخۇن ئاكىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە مەن ھېسامىدىننى كۆزىتىپ ماڭدىم. «5 خوجا» دېگەن يەرگە كەلگەندە سوپاخۇن ئاكا مېنى بىر قىسىم ئەسكەرلەر بىلەن شۇ يەردىكى بىر قورغانغا ئەۋەتىپ، گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن قوراللاندۇرۇلغان 100 دەك ئادەمنى يوقىتىشنى بۇيرۇپ ھېسامىدىننى كۆزىتىش ئۈچۈن سوپى ئىسىملىك بىر ئەسكەرنى قويدى. بىز تاپشۇرۇق بويىچە قورغانغا باردۇق. بۇ قورغان ئادەتتىكى تامدىن ئېگىز، سېپىلدىن پەس تاملار بىلەن ئورالغانىكەن. بىز ئۇ يەرگە سەل يېقىنلاپ بارغاندا بىزگە قارىتىپ ئوق ئېتىلدى. بىز ئاتلىق باستۇرۇپ باردۇق. ئۇلار ئانچە قارشىلىق كۆرسەتمەيلا قېچىپ كەتتى. بىز سېپىلنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەندە سوپاخۇن ئاكىلارمۇ يېتىپ كېلىپ يىغىن ئېچىپ ھېسامىدىن بىلەن يولۋاس ئىككىسىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ۋەقە مۇنداق بولغانىكەن: بىز ئۆزىمىزنى سەزدۈرمەسلىك ئۈچۈن يول بويى توپلىشىپ ماڭماي بۆلۈنۈپ ماڭغانىدۇق. ئارىمىزدا يولۋاس ئىسىملىك بىرسى بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن گۇمانلانمايتتۇق. ھېسامىدىن ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ ئالغانلىقىنى تېخىمۇ سەزمەپتۇق. بۇ ئىككىسى بىرلىشىپ ھېسامىدىننى كۆزىتىپ كېتىۋاتقان سوپىنىڭ قورالىنى تارتىپ ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. سوپى كېلىپ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگىچە ئۇلار خېلى يىراقلاپ كېتىپتۇ. شۇڭا بىز ئۇلارنى قوغلىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ مېڭىۋەردۇق. كېيىن ئاڭلىشىمىزچە مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بېرىپتۇ:

ھېسامىدىنلار نورپاينىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەمەت ئېلىنىڭ قولىدىكى قورالنى ئېلىۋالماقچى بوپتۇ. نورپاي ھېسامىدىننىڭ ئاسىلىق قىلغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، قورالنى ئۇنىڭغا بېرىشكە ئۇنىماپتۇ. ئەمەت ئېلى قورالغا ئېسىلىۋېلىپ قەتئىي قارشىلىق قىپتۇ. ئاخىرى بىر مىلتىق بىلەن 250 پاي ئوقنى قالدۇرۇپ، يەنە بىر مىلتىق بىلەن 250 پاي ئوقنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئارىدا بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ ھېسامىدىن گومىنداڭنىڭ 50 چە ئەسكىرىنى باشلاپ نورپاينى تۇتقىلى كەپتۇ. نورپاينىڭ تۆت ئوغۇل، تۆت كېلىنى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەرگەن ئىكەن. پەرەز قىلىشىمىزچە، ئۇنىڭدا قورال بولسا كېرەك. ئۆزىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئىككى جاڭجۇن سوقۇشقان[1] يىللاردا بۇ ئەتراپ ھۆكۈمەتسىز قالغان بولۇپ، شۇ چاغدا ماناس، شىخەنزە، ئالاۋسۇن دېگەن يەرلەرنى بىر مەزگىل باشقۇرغانىكەن. جەمئىيەتتە بۇنداق تەسىرى بار كىشىلەردىنى ئىز قوغلاپ يوقىتىش ئىستىبداتچىلارنىڭ ئەنئەنىسى بولغاچقا، ھېسامىدىن تەمىنلىگەن خەۋەر بىلەن ئۇنى ئۆجۈقتۇرۇشقا ئالدىرىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، ھېسامىدىن 50 ئەسكەر بىلەن كېلىپ قوراللىق ئېتىشىپ بىر مۇنچە ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپ، ئىككىنچى قېتىم 200 ئەسكەر باشلاپ كېلىپ ئەتراپىنى قورشاپ ئوققا تۇتۇپتۇ. نورپاي ئوغۇللىرى بىلەن بىللە قەيسەرلىك بىلەن ئۈچ كېچە - كۈندۈزگىچە ئېلىشىپ دۈشمەننى يېقىن يولاتماپتۇ. ئاخىرى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى شۇ يەردىكى ئاقموللا ئىسىملىك كىشىنى سېتىپ ئېلىپ نورپاينىڭ يېنىغا كىرگۈزۈپتۇ. ئاقموللا يالغان - ياۋداق سۆزلەرنى قىلىپ ئۇلارغا يېقىنلاپ تۇرۇپ تۇيۇقسىز ئوق چىقىرىپتۇ. نورپاينىڭ ئىككى ئوغلىمۇ بىللە قۇربان بولۇپتۇ. گومىنداڭچىلار باستۇرۇپ كىرىپ ئائىلىدىكى 12 جاننى ئۆلتۈرۈپتۇ. بىز تاشلاپ كەتكەن ياردار ئەسكەر ئەمەت ئېلىنى تىرىك پېتى ئىككى قولىدىن دەرۋازىغا مىخلاپ، كۆكرىكىنى يېرىپ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئاپتۇ. نورپاينىڭ 3 - خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئۈچ ياشلىق ئوغلىنى ئۆز ئانىسىنىڭ قولىدا تۇرغۇزۇپ كۆكرىكىنى يېرىپ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ھاراققا زاكۇسكا قىپتۇ.

بىز يۇقىرىقى ئىشلاردىن بىخەۋەر ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋېرىپتۇق. كېچىلەپ كېتىۋاتساق دۈپۈرلەپ كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ ئاياق تاۋۇشى ئاڭلاندى. بىز دەرھال يولنى ئۆزگەرتىپ «ئوغرى يولى» دەپ ئاتىلىدىغان جەنۇب تەرەپتىكى يولغا ئۆتىۋالدۇق. دۈشمەن يېقىنلاپ كەلگەندە جىم تۇرۇۋېلىپ، دۈشمەن ئۆزاپ كەتكەندىن كېيىن يولنى داۋام قىلىپ چەپەيزە دېگەن يەرگە كەلگەندە گومىنداڭنىڭ چارلىغۇچىلىرى تۇيۇقسىز ئۇچراپ پارول سورىدى. بىز جىم تۇردۇق. سوپاخۇن ئاكا

① ئېھتىمال 1933 - يىللاردىكى جاڭ پېي يى ۋەقەسى بولسا كېرەك.

پارولغا جاۋاب قايتۇردى. چارلىغۇچىلار ئۆتۈپ كەتتى. بىز شۇ جايدا قوزغالماي تاڭ سەھەردە قۇمتاغ تەرەپكە كەتتۇق.

يول بويى بىز بىلەن بىللە كېلىۋاتقان ئۈچ نەپەر لاما بىزنى 20 ـ 30 چە ئۆيلۈك قازاقلار تۇرىدىغان جايغا باشلاپ كەلدى. بۇ قازاقلار گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى تەمىنلەيدىغان 1000 قوينى باقىدىكەن. بىزنىڭ ئۈچىمىزدا ھەربى فورما بولغاچقا، 60 قوينى سويدۇرۇپ، يېگىنىمىزنى يەپ، بىر قىسمىنى يول ئوزۇقى قىلىپ قاچىلاپ ئۇلانبۇلاققا قاراپ ماڭدۇق. يول ئۈستىدە سۇ يوق ئىدى، يولنىمۇ ياخشى بىلمەيتتۇق. 35 ياشلاردىكى بىر قازاق ئۆزلىكىدىن بىزگە يول باشلاپ ماڭماقچى بولدى. ئۇلانبۇلاققا بارغىچە ئاتمۇ ئاتتى. مەن قوشۇننىڭ ئالدىدا بىر يېرىم كىلومېتىرچە ئىلگىرى ماڭاتتىم. يولىمىز ئىدىرلىققا يېقىن قالغاندا ئاتتىن چۈشۈپ سوزۇلۇپ ياتتىم. مەن ياتقان پېتىم دۆڭلۈكنى كۆزىتىۋېتىپ دىققىتىم بىزنى باشلاپ ماڭغان قازاققا چۈشتى. ئۇنىڭ كەيپىياتى ھەم ھەرىكىتىدە بىز ئاز ئۆزگىرىش باردەك سېزىلدى. شۇ ئەسنادا ئىدىرلىقنىڭ ئۈستىدە ئىككى ئاتلىق كىشىنىڭ قارىسى غىل ـ پال كۆرۈنۈپ تېزلا غايىب بولدى. مەن يول باشلىغۇچىنى يېنىمغا چاقىرىپ گەپ سورىسام: «مەن بۇ يەرگە بالا چېغىمدا كەلگەن، ھازىر ئەتراپنى تازا ئاڭقىرالمايۋاتىمەن» دەۋاتقاندا قوشۇنىمىز يېتىپ كېلىپ، ئۇلار ئارىسىدىكى قادىرخان، ھەسەنھاجى، غېنىخانلار يولباشلىغۇچىدىن: «بۇ ئەتراپتا سۇ بارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئېگىكىنى سوزۇپ: «ئەنە ئايەردە سۇ بار» دەپ ئۇچىنى باشلاپ ئالدىمىزدىكى دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن خىيالىمدا بىرەر جەرەن ئۇچراپ قالغان بولسا شۇنى ئاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ بىخارامان تۇرۇۋېتىمەن. سەل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەتكەن ئابلەت قايتىپ كېلىپ بىزنىڭ ئىككى ئەسكىرىمىز قۇربان بولۇپ ھەسەنھاجى تىرىك تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. بىز دەرھال ھەرىكەتلىنىپ دۈشمەننى ئۈچ تەرەپتىن قورشىدۇق. ئۇلارمۇ بوش كەلمىدى. بىز شۇ جايدا تۆت سائەتكە يېقىن ئۇرۇش قىلدۇق. ئاخىرى دۈشمەن ئاق بايراق چىقاردى.

كېيىن ئۇقۇشىمىزچە، بىزنىڭ ئۈچ ئەسكىرىمىز سۇ ئىچىش ئۈچۈن بۇلاق بېشىغا بارغاندا، دۈشمەننىڭ بىر پولك كوماندىرى يەنە ئىككى ئەسكەر بىلەن كېلىپ ئۇلارنى تىرىك تۇتماقچى بولۇشۇپتۇ. بىزنىڭ ئەسكەرلەر ئۇلارنى سېزىپ قېلىپ ئۈچىلىسىنى ئېتىۋېتىپتۇ. نېرىدا پايلاپ تۇرغان دۈشمەن ئەسكەرلىرى بىزنىڭ ئىككى ئەسكىرىمىزنى ئېتىپتۇ. ھەسەنھاجىنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ يىقىلغاندا، ئۇنى تۇتۇۋالغانىكەن. ھەسەنھاجى دۈشمەننىڭ سوئاللىرىغا: «150 ئادەم، 15 پىلىموت بار، ھەر پىلىموتتا 5000دىن 6000 گىچە ئوق بار، ئادەتتىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەر قايسىسىدا مىڭ ئەتراپىدا مىلتىق ئوقى بار» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن بىزگە تەڭ كېلەلمەسلىكىنى بىلىپ ئاق بايراق چىقارغانىكەن.

بىز يولنى داۋام قىلىپ بىر بەلدىن ئاشقاندىن كېيىن بىر تۈگمەن سۈيىچىلىك كىچىك ئېقىنغا كېلىپ، شۇ يەردىكى قازاقلاردىن قوي سېتىپ ئېلىپ تاماقلاندۇق. ئاتلارنى دەم ئالدۇرۇپ ئۆزىمىزمۇ ھاردۇق چىقاردۇق. مەن دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى دۆڭدە قاراۋۇللۇققا تۇردۇم. كۈنمۇ كەچ بولدى. ئورنۇمغا ئالماشتۇرىدىغان ئادەم كەلمىدى، ئاخىر بىز چۈشكەن يەرگە بارسام بىزنىڭ ئەسكەرلەر كېتىپ قاپتۇ. بىردىن ئاچچىقىم كەلدى، ھەم قورقۇپ كەتتىم ـ دە، ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىپ بىر چوڭ يولغا چىقىپ قالدىم. يول بويىدا تېلېفون سىمى بار ئىكەن. ئاتنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ تېلېفون سىمىنى قىلىچ بىلەن كېسىۋاتسام، بىرسى كېلىپ چاقىردى. چۆچۈپ قارىسام سىدىقھاجى ئىكەن. مەن ئۇنى كۆرۈپ كايىپ كەتتىم، ئۇ ماڭا چۈشەندۈرۈپ:

— بىز ساڭا توۋلاپ بەلگە بېرىپ ماڭغانىدۇق، سەن ئاڭلىماي قالغان ئوخشايسەن، ئارىمىزدا يوقلىقىڭنى كېيىن بايقاپ، مانا ئالدىڭغا كەلدىمغۇ، — دەپ مېنى باشلاپ ماڭدى. ئىككىمىز تاڭ ئاتقىچە يول يۈرۈپ ئېبىنۇركۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر كۆكۆل مەيداندا قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يەتتۇق. ئېبىنۇر كۆلىگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدىكى (ھازىرقى ئالاتاۋ پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئەتراپىغا يېقىن) مىللىي ئارمىيە چېگرا قاراۋۇلىغا تەخمىنەن 3 كىلومېتىر ئارىلىق قالغاندا تۆت كىشىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتۇق. ۋەكىللەر مېڭىپ قاراۋۇل تۇرغان يەرگە 500 مېتىر قالغاندا مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن ۋەكىللەر تەرەپكە قارىتىپ ئوق ئېتىلىپ توختاشقا بەلگە بېرىلدى. ھايال ئۆتمەي بىر قانچە ئەسكەر كېلىپ ئۇلارنى باشلاپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىز قوزغىلىپ مېڭىپ ئارىلىقتا مىڭ مېتىر قالغاندا بىزگە قارىتىپ يەنە ئوق ئېتىپ بەلگە بېرىلدى، بىز جايىمىزدا توختىدۇق. ئانچە ئۆتمەي بىزنىڭ ۋەكىلىمىز مەڭلىكوپ قاسىم كېلىپ: «ھەممە قوراللارنى شۇ يەرگە تاشلىسۇن، يېنىدىكى ئوقلارنى تاشلىماي كېلىۋەرسۇن» دېدى دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلدى. بىز ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ قاراۋۇلخانىغا كەلدۇق. شۇ ھامان باشلىقلىرىمىزنى چاقىرىپ كىرىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي بىز تاشلىغان قوراللارنىمۇ ھارۋىغا بېسىپ ئېلىپ كەلدى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بىزگە گىردە بىلەن قورداق بەردى. بىز ئەمدى تاماق غېمى، يول ئازابى ۋە ئەندىشىلەردىن قۇتۇلۇپ خاتىرجەم بولدۇق.

ئىككى كۈندىن كېيىن بۆرتالاغا قاراپ مېڭىپ شەھەرگە بەش كىلومېتىر ئارىلىق قالغاندا، بىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىققان نەچچە مىڭلىغان خەلقنى كۆرۈپ هاياجاندىن ئۆزىمىزنى باسالماي قالدۇق. يولنىڭ ئىككى تەرىپى ۋە سەپنىڭ ئالدىدا ھەربىي كىيىملىرى شۇ قەدەر ياراشقان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى تۈپتۈز سەپ تارتىپ ھەيۋەتلىك تۇرۇپتۇ. ئۇلارغا ئۇلۇشۇپلا شەھەردىكى ھەر مىللەت مۆتىۋەرلىرى، ئوقۇغۇچىلار، چارۋىچى، دېھقانلار يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىزگە كۆز تىكىپ تۇرۇپتۇ. بىز دەسلەپتە سەپنىڭ ئالدىدىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئۇلار بىزگە ھەربىيە چاس بېرىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، بىزمۇ ئۇلارغا ئات ئۈستىدە تۇرۇپ چاس بېرىپ ماڭدۇق. بىز ئىنتايىن خۇشال ئىدۇق. قەلبىمىزدىن ئۇرغۇغان شادلىق توپا ـ چاڭ باسقان مىسكىن چىرايىمىزنى بىردىن پارقىرىتىۋەتكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. خەلقنىڭ بىزگە بولغان بۈگۈنكى سەممىي مۇھەببىتىدىن قىلغان ئىشىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلىپ، بىزنى ئالقىشلىغان جانجان خەلق توپى بىلەن قوشۇلۇپ ئېپتىخارلانغان ھالدا شەھەرگە كىرىپ ئورۇنلاشتۇق. شەھەرنىڭ كوچا تاملىرىغا «ھەر مىللەت خەلقى بىرلىشىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتايلى!»، «گومىنداڭنىڭ زۇلۇم زىندانلىرىنى پاچاقلايلى!»، «باتۇرلارغا سالام!» دېگەندەك شوئارلار چاپلىنىپتۇ. بۇ شوئارلار ئەتراپىمىزدىمۇ تەكرارلىنىپ تۇردى. ئارىدا تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كېچىسى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ غۇلجىغا قاراپ ماڭدۇق. (گومىنداڭنىڭ ئايروپىلانلىرى دائىم بومباردىمان قىلىپ تۇرغاچقا كۈندۈزى مېڭىشقا بولمايتتى.) بىز باياندايغا بارغان چېغىمىزدا پولكوۋنىك زۇنۇن تېيىپ 500 چە ئەسكەرنى باشلاپ قارشى ئېلىشقا چىقىپتۇ. ئۇ قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن بىر قۇر سۆزلىگەندىن كېيىن ئاخىرىدا: «گومىنداڭدىن بىزگە ئەسكى سېپىل بىلەن ئەسكى پوتەيدىن باشقا ھېچ نېمە قالمىدى. ئەمدى بىز ۋەتىنىمىزنىڭ تاغ ـ دەريالىرىنى بىرلىكتە قوغداپ، بىرلىكتە گۈللەندۈرىمىز» دېدى. زۇنۇن تېيىپ بىلەن بىر قانچە ئوفىتسېرلار بىزنى تىزىلدۇرۇپ «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» قورۇسىغا باشلاپ ماڭدى. يول بويى ھويلىلاردىن يوگۇرۇشۇپ چىققان چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال، ئۈششاق باللار بىزگە قىزىقىشىپ قارىشاتتى. بىزنىڭ ئۈچىمىزدا گومىنداڭنىڭ ھەربىي كىيىمى بولغاچقا بىر تۈرلۈك خىجىللىق ھېس قىلاتتۇق...

بىز ھۆكۈمەت قورۇسىدىن چىقىپ ساي بويىدىكى مۇنچىغا قاراپ ماڭدۇق. بۇ مۇنچا كىچىك ـ كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن پار مۇنچا ئىكەن. بىز يۇيۇنۇپ بولۇشىمىزغا ھەر بىرىمىزگە بىردىن لۆڭگە بىلەن بىر قۇردىن ئىچ كىيىم تارقىتىپ بېرىلدى. مەن كىيىمنى قولۇمغا ئېلىپلا ئىختىيارسىز ھالدا بىز ھازىرلا يېشىپ تاشلىغان ئىچ كىيىم بىلەن سېلىشتۇرۇپ قالدىم. گومىنداڭ قوشۇنىدا مىللىي ئەسكەرلەرگە ماتانى ئوچاقنىڭ كۈلىدە بوياپ ئىچ كىيىم تىكىپ بېرەتتى. تەرلىگەندە كۈلنىڭ بويىقى بەدىنىمىزگە يۇقۇپ دۈمبىلىرىمىز ئالا موزاينىڭ دۈمبىسىگە ئوخشاپ قالاتتى. بۈگۈن ئۇ پاسكىنىچىلىقتىن بىراقلا قۇتۇلۇپ راھەتلىنىپ قالدۇق. مۇنچىنىڭ زالىغا چىققاندا، ئايىغىغا ئۆتۈك، ئۈچىسىغا گىمناستوركا بىلەن يوپكا، بېشىغا ئىسپانكا، ئۈنىڭ ئۈستىگە ئاق خالات كىيگەن 20 ياشلار ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر، رۇس، ئۆزبەك، تاتار قىزلىرى بىر پەتنۇستا ئىككى قۇردىن مىللىي ئارمىيە كىيىمنى ئېلىپ كېلىپ ھۆرمەت بىلەن بىزگە سۇندى. جاھاندا ئىنسان ئۈچۈن ئىززەت ـ ھۆرمەتتىن ئۇلۇغ نەرسە بولمىسا كېرەك. سەن خەلقنى قانچە سۆيسەڭ خەلق سېنى ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ سۆيىدىكەن. مەن ئۆمرۈمدە بۈگۈنكىدەك سۆيۈنۈپ باققان ئەمەسمەن. مەن ھۆرمەتكە ئىگە بولدۇم، سۆيۈندۇم. مۇنچىدىن چىقىپلا بىزنىڭ كىيىملىرىمىزنى كىرسىن چېچىپ كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. دېمەك، بىز گومىنداڭنىڭ قانلىق چاڭگىلى، چىرىك سىياسىتى، تەڭسىزلىك بىلەن يۇغۇرۇلغان ئىپلاس تۇرمۇشىدىن پاك ـ پاكىز قۇتۇلغانىدۇق.

شۇنى ئالاھىدە تەرىپلەيمەنكى، مېنى ھەيران قالدۇرغىنى مىللىي ئارمىيىدىكى ھەربىي تۈزۈم بولدى. مىللىي ئارمىيە ئىنتىزامچانلىقى ھەم جەڭگىۋارلىقى جەھەتتە گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلاتتى. ئۇلار ئىنتىزامچان، رەتلىك، ئۆز ئارا ئىناق ھەم روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۈچ ئاي ۋاقىت ئىچىدە بىردىنلا مۇشۇ ھالەتكە يەتكەن ئارمىيە جەڭچىلىرىگە ئادەمنىڭ زوقى كېلەتتى.

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىزنىڭ سەپداشلىرىمىز بىر قانچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ، ۋاڭ قادىرنىڭ بېغى، ئايرودروم، سۇ دەرۋازىدىكى مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلاردا 4 ـ پولك، تېكەس ئاتلىق پولكى، ئازات نىشانلىق پولكى، مەۋلانوپ پولكى قاتارلىق پولكلارغا يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان جەڭچىلەرگە مىللىي ئارمىيە ئۇستاۋى بويىچە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ باردۇق. 20 كۈن ئەتراپىدا ھەربىي مەشق ئېلىپ بارساق جەڭچىلەر جەڭگە قاتناشقۇدەك سەۋىيىگە يېتەتتى. شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە قارار ئەسكەر تەربىيىلىدۇق.

1945 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى 4 ـ پولك شتابى مېنى چاقىرىپ: «يەركەنتكە بېرىپ قورال ئېلىپ كېلىسەن» دەپ قورال سېتىپ ئېلىنغان ھۆججەتنىڭ بىر نۇسخىسىنى بەردى. بىز جەمئىي ئون ئەسكەر يەركەنتكە بېرىپ، تاغ ئارىسىغا جايلاشقان بىر ھەربىي ئىسكىلاتتىن 120 مىلتىق

(گېرمانكا) ، 40 ئاپتومات، 20 قول پىلىموت، بىر دانە تانكائاتار، 400 ئەتراپىدا گىرانات (گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن) ، 50 ساندۇق ئوق، 20 تاپانچا، ئۇنىڭدىن سىرت دۇربۇن، باكۇلۇشكا، چاشكا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدۇق.

ئىلى ۋىلايىتى ئۇزۇل - كېسىل ئازات بولغان بۇ كۈنلەردە خەلقنىڭ روھى ھالىتى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ، ئاجايىپ جانلىنىپ كەتتى، چاقچاقچى، روھى تېتىك ئىلى خەلقى شۇ قەدەر جۇشقۇن ئىدى. لېكىن ئالدىمىزدا شىنجاڭنى پۈتۈنلەي ئازات قىلىش، ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان خەلق ئىگىلىكىنى قايتىدىن تىكلەش قاتارلىق ئېغىر ۋەزىپىلەر تۇراتتى. مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى 1945 - يىلى 6 - ئاينىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن جىددى تەييارلىق كۆرۈپ، ئۈچ يۆنىلىش بويىچە، يەنى ئوتتۇرا فرونت جىڭ، ئالتاي، تارباغاتاي تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىش، جەنۇبىي فرونت تېكەس ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتۈپ پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ كەڭ كۆلەملىك ھەربىي يۈرۈش قىلىش پىلانلانغانىدى.

بىز بىر نەچچە كۈن تەييارلىق قىلدۇق. ھەر بىرىمىزگە ئىككى بولاق بىنت، بىر بوتولكا يود تارقىتىپ بېرىلدى. بىزگە ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، رازىيوپ داموللا، سوپاخۇن ئاكىلار رەھبەرلىك قىلاتتى. قۇربانجان ئارقا سەپكە مەسئۇل ئىدى. بىز 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى غۇلجىدىن ئاتلىق يولغا چىقىپ ئايدۇڭ مەھەللىسىنىڭ يېنىدىكى كېمە بويىغا بارساق يۇرت ئاقساقاللىرى ھەر ساھە مەسئۇللىرى ھەم شەھەر خەلقى بولۇپ ئىككى مىڭچە كىشى بىزنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. يول بويى: «سىلەرگە نۇسرەت تىلەيمىز! ئاق يوللۇق بولۇڭلار! » ، «دۈمبەڭلەرگە ئوق تەگمىسۇن! ...» دېگەندەك سۆزلەر ئاڭلىنىپ تۇردى. سەكسەنبەل دېگەن يەرگە كەلگەندەك بىزنى بىر روتا ئەسكەر كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ، كېچىلەپ مېڭىپ قىزىل كۆرە (تېكەس) گە يېتىپ بېرىپ شەھەرگە كىرىدىغان جايدىكى «ھاكىم ئىدارىسى» قورۇسىغا چۈشتۇق. بۇ يەر ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ تاملىرى ئاپئاق ئاقارتىلغان، ئاستى - ئۈستى تاختايلىق، ئازادە ئىكەن. ئارىدا بىر كۈن ئۆتۈپ نەق چۈش مەزگىلىدە بىر قانچە ھەمراھلىرى بىلەن رەھبەرلەر يېتىپ باردى، بىز ئۇلارنى قارشى ئېلىپ چىقتۇق. شۇ ئارىلىقتا «بويۇڭلارنى سۇغا سېلىڭلار» دەپ، ئالدىن تەييارلانغان چېدىرغا ئېلىپ باردى. بىز يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن ئالدىمىزدىن قىلۇشقا قىلىپ تىزىلىپ تۇردۇق. ھەممىمىزنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن بىردىن قاتار تىزىلغان ھالدا باشلىقلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ قەسەم بەردۇق. مەنمۇ: «ئۈستىخانلىرىم كۆكۈم - تالقان بولۇپ كەتسىمۇ، تىنىقىملا بولسا ئاداققىچە كۈرەش قىلىمەن» دەپ قەسەم بەردىم. شۇ تەرىقىدە رەسمىيەت تۈگىگەندىن كېيىن ئاتلىنىپ قىزىل كۆرەنىڭ شەرق تەرىپىدىكى پوسۇلكا دېگەن يېزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كېمە ئارقىلىق دەريادىن ئۆتۈپ، كۆكسۇ دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ چوڭ قوشتاي دېگەن جايلارنىڭ ئېگىز داۋانلىرىغا قاراپ ئۆرلىدۇق. بۇ جاينىڭ جۇغراپىيىسى ھەم ھاۋا كېلىماتى ئاجايىپ ئىكەن، بىر تۇرۇپ ئاپئاق قار باسقان گىياھسىز ئۇيۇل تاشلىق چوققىلارغا چىقىپ قالساق، بىردەمدىلا قېلىن تۇماننىڭ ئىچىدە قالىمىز. سەل تۆۋەنلەپ مېڭىپ ھايال ئۆتمەي ياۋا ئالما، ئۆرۈكلەر پىشىپ قالغان جىرالار، قىپقىزىل بولدۇرگەنلەر كۆز چېقىپ تۇرغان ياپيېشىل يايلاقلارغا كېلىپ قالىمىز. قىسقىسى مۇشۇ بىر نەچچە كۈنلۈك سەپىرىمىزدە تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ ماڭدۇق. ئاق داۋاندىن ئېشىپ بىر قارىغايلىق سايغا كەلدۇق. ئۇ يەردە ئاتنى چۆكۈرگەندەك چوڭقۇرلۇقتا بىر ئېقىن سۇ بار ئىكەن. بىز شۇ سۇنى بويلاپ مېڭىپ بىر ئازدىن كېيىن ئالدىمىزغا يوغان بىر ئاق تاش ئۇچرىدى. يېقىن بارساق ئۇ تاشقا ئادەم بېشىنىڭ سۆڭەك ئىسكىلىتىنى سىزىپ ئاستىغا «بۇجايدىن ئۆتسەڭلار مۇشۇ ئۈستىخاندەك بولۇپ قالىسىلەر» دېگەن خەنزۇچە خەت يېزىلغانىكەن. ئابباسوپ ئۇ خەتنى ئوقۇۋىدى، ھەممىمىز تەڭلا كۈلۈپ كەتتۇق. شۇندىن كېيىن يېقىن ئەتراپتا دۈشمەن بارلىقىنى ھېس قىلىپ ئېھتىيات بىلەن ماڭدۇق. سايىنى تۆۋەنلەپ مېڭىپ، تۆۋەنلىگەنسېرى ساي تارىيىپ ئاخىرى قىستاڭغا ئايلىنىپ قالدى. قارىساق بۇ يەردە ئىككى تەرەپتىكى تاغنى بىر بىرىسىگە تۇتاشتۇرىدىغان بىر ئاسما كۆۋرۈك بولۇپ، بۇ كۆۋرۈك سۇ يۈزىدىن بىر مېترچە ئېگىز ئىكەن. بىز كۆۋرۈك ئۈستىگە دۈشمەن مۇستەھكەم ئورۇنلىشىپ ئالغانلىقىنى بايقاپ ئارقا چېكىنىپ، سايىنىڭ سول تەرىپىدىكى دۆڭلۈكتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئايلىنىپ دۈشمەننىڭ كەينى تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلماقچى بولدۇق. لېكىن دۈشمەن بىزنى سېزىپ قالغانىكەن. بىز ئالدىن ئەۋەتكەن 15 چارلىغۇچىمىز تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچراپتۇ. ئېتىشىش بولۇپ كەتتى. مەن سوپاخۇن ئاكىغا دوكلات قىلىپ قويۇپ، بۇيرۇق كۈتمەيلا ئاتنى بولۇشىغا قويۇپ تېز مېڭىپ چوڭ ئېقىنغا دۈچ كەلدىم. بۇ ئېقىن بايىقى دەريانىڭ ئايىغى بولۇپ سۇ سايىنىڭ ئېغىزىغا بارغاندا سول تەرەپكە ئاققان بولغاچقا كۈتۈلمىگەن يەردە توسۇلۇپ قالدىم. دەريادىن تەسلىكتە ئۆتۈپ شۇ يەردىكى بىر دۆڭگە چىقىپ قارىسام، سەل تۆۋەنرەك ئويماندا دۈشمەننىڭ گازارمىسى كۆرۈندى. بىر مۇنچە ئەسكەرلەر ئات توقۇشۇۋېتىپتۇ. مەن بىر تاشنىڭ دالدىسىدا ئەپلىك ئورۇنلىشىپ پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتتۇم. تۇيۇقسىز تۇرغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ

بىرمۇنچىسى ھە دېگەندىلا ئۆرۈلۈپ ماڭا قارىتىپ ئوق ئېتىپ يېقىنلاشقا باشلىدى. شۇ ئارىلىقتا دۈشمەن تەرەپ دەريانىڭ ئۆتكۈلىنى توسۇۋېلىپ سوپاخۇن ئاكىلار مەن تەرەپكە ئۆتەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن سايىنىڭ ئىچى تاڭ - تۇڭ، ۋاڭ - ۋۇڭ بولۇپ ئېتىشىش خېلى ئۇزۇنغىچە داۋام قىلدى. شۇ ئەسنادا پىلىموتنىڭ جەز تارتقۇچى بۇزۇلۇپ قېلىپ، جەز چىقماس بولۇپ قالدى. ئەمدى جەزنى پىچاقنىڭ ئۇچى بىلەن بىر بىرلەپ چىقىرىشقا توغرا كەلدى. قولۇمدىكى پىلىموت ئەمەس، بىر بىردىن ئاتىدىغان مىلتىققا ئايلىنىپ قالدى. ئۆزۈممۇ جىددىيلىشىپ كەتتىم. قارىسام يەتتە كىشىلىك بىر گۇرۇپپا يېقىنلا كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار ئۇيغۇر ئەسكەرلەر ئىكەن. «تىرىك تۇتايلى!» دېيىشىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئارىمىز 30 مېترچە كېلەتتى. مەن ئەپلىك يەردە بولغاچقا تازا ئوڭ كەلدى. بىر - بىرلەپ ئېتىپ يەتتىلىسىنى ئۆلتۈردۈم. مەندە ئەسلىدە 200 پاي پىلىموت ئوقى بار ئىدى. ئېتىشىش ئۇزۇن بولغان بولسا ئوقسىز قالغان بولاتتىم. شۇڭا ئۆمىلەپ بېرىپ يەتتە ئەسكەرنىڭ مىلتىق بىلەن ئوقلىرىنى ئېلىپ كېلىپ كۆڭلۈم خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى. سائەت ئالتە بولغاندا بەش ئەسكەر بىلەن سوپاخۇن ئاكا يېتىپ كەلدى. بىز داۋاملىق ئېتىشىپ، ئاخىرى دۈشمەننىڭ 10 ئەسكىرىنى ئەسىر ئالدۇق. كۈنمۇ كەچ بولۇپ، قاراڭغۇ چۈشتى، ئۇرۇشمۇ توختىدى.

ئەتىسى قېرى بازىرىغا ئۇرۇشسىز كىرىپ ئىشغال قىلدۇق. ئەمدى بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قېرىدا تەرتىپ ئورنىتىش كېرەك ئىدى. تاپشۇرۇق بويىچە زۆرۈر تېپىلغان جايلارغا پوست قويدۇم. ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدا ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ جامالتېرەك يېزىسىدىن كەلگەن ھاپىزۇپ مۇھەممەت (مۇھەممەت قاۋان) ئىسىملىك بىر جەڭچى بار ئىدى. ئۇنى ئالتۇنغول تەرەپكە ماڭىدىغان يولنىڭ ئۈستىدىكى كۆۋرۈك بېشىغا قاراۋۇللۇققا قويۇپ، ئۆزۈم پىلىموتنىڭ جەز تارتقۇچىسىنى ياسىتىش ئۈچۈن تۆمۈرچى دۇكىنىدا ئولتۇرسام، كوچىدىكى كىشىلەر ئۇپۇر - توپۇر بولۇشۇپ كەتتى. مەن دۈشمەن كېلىپ قالغان بولسا كېرەك دېگەن خىيال بىلەن دەرھال يېتىپ بارسام، كوچىدىكى كىشىلەر تۇمشۇقىنى تۇتۇپ كۈلۈشكىنىچە بويۇنلىرىنى سوزۇپ بىر نېمىگە قارىشىۋاتىدۇ. قارىسام بىزنىڭ مۇھەممەت قاۋان ئانىدىن توغما قىپيالىڭاچ پېتى ئاپتوماتنى چىڭ تۇتقان ھالدا ئاتقا مىنىپ دۈشمەننىڭ ئۈچ ئەسكىرىنى ھەيدەپ كېلىۋېتىپتۇ. مەن بېرىپ ئەسىرنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇ يالىڭاچ پېتى ئېتىنى چاپتۇرۇپ كۆۋرۈك بېشىغا كەتتى. كېيىن ئۇقسام بۇ مۇنداق ئىش ئىكەن:

مۇھەممەت قاۋان كۆۋرۈك بېشىدا خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ ئەتراپتا ھېچ نېمە كۆرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆستەڭگە چۈشۈپ يۇيۇنۇۋاتسا دۈشمەننىڭ ئۈچ ئەسكىرى يېقىن كېلىپ قاپتۇ. كىيىمنى كىيىشكە ئۈلگۈرمەي بايىقى ھالەتتە دۈشمەننى قول كۆتۈرتۈپ كېلىشى ئىكەن.

مەن ئۈچ ئەسىرنى ھەيدەپ كەلسەم باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يېنىدا ئابباسوپ خەلققە سۆز قىلىۋاتقانىكەن. مەن ئەھۋالنى دوكلات قىلدىم. ئۈچ ئەسىرنىڭ ئىچىدە بىر پىرىۋۇتكا بار ئىدى. ئابباسوپ ئۇنىڭدىن: «مىللىتىڭ نېمە؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ: «كۆزۈڭگە......» دەپ تىللىدى. شۇ ھامان ئەتراپتىكى كىشىلەر ئېتىلىپ كېلىپ ئۇر - سوق قىلىپ ئېلىپ كەتتى. خەلق كۆپ، بىز بىر قانچىلا كىشى ئىدۇق. شۇنچە قىلىپمۇ ئاجرىتالمىدۇق.

ئابباسوپ سۆزلەۋاتقاندا ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى بىر ئۆرۈكلۈك باغنىڭ يېنىدا پوستتا تۇرغان قاراۋۇللارغا دۈشمەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. بىزمۇ دەرھال ئاتلىنىپ جەڭگە ئۆتتۇق. دۈشمەن قىزىل دېگەن تەرەپكە قاچتى، بىز قوغلاپ بېرىپ 10 ئەسكىرىنى ئەسىر ئېلىپ كېتىۋاتساق، يول بويىدىكى خەلق ئېتىلىپ كېلىپ ئەسىرلەرنى ئۇرۇشقا باشلىدى، بىز مىڭ تەسلىكتە ئاجراتتۇق. شۇ ئارىلىقتا ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرىلەر «ئەسىرلەرنى ئۇرۇشقا بولمايدۇ» دەپ ئەيىبلەپ كەتتى. لېكىن بۇ گەپلەر خەلقنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. بەلكى تېخىمۇ غەزەپلىنىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قانچىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ: «ماۋۇ بىزنىڭ ئۆيىنى بۇلىغان، ئاۋۇ نەچچە ئادەمنى ئۇرۇپ مېيىپ قىلىپ قويدى. ماۋۇ قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلغان...» دېگەندەك شىكايەتلەر يېغىپ كەتتى. بىز گەپنى قىسقارتىپ يەتتە ئەسىرنى ئارىمىزغا ئېلىپ قوغداپ نېرى كەتتۇق.

ئەمدى بىز باي ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. باي ناھىيىسىگە 800 مېترچە قالغاندا تۆت چاسا قىلىپ سېلىنغان سېپىلغا تۆت تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلدۇق. دۈشمەنمۇ سېپىلنىڭ ئۈستىدىن بىزگە ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. بىزنىڭ ئەترەت دەرۋازا تەرەپتىن قورشىغاندۇق. مەن ئاتنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ دەرۋازىنى ئىگىلىمەكچى بولدۇم. ئەتراپىمدىن ۋاڭىلدىغان ئوقلار ئۆتۈپ تۇراتتى. لېكىن مەن بارغىچە دەرۋازا يېپىلىپ قېلىپ سىرتتا قالدىم. بىزنىڭ باشقا جەڭچىلەر تېخى يېتىپ كېلەلمىگەنىدى. شۇ ئەسنادا سېپىلنىڭ ئۈستىدىن قۇربانجان ئىسىملىك ئۇيغۇر ئەسكەر بىلەن يەنە بىر تۇڭگان ئەسكەر سەكرىلىپ چۈشتى. مەن تامغا چاپلىشىپ تۇراتتىم. دۈشمەننىڭ ئوقى پۇتۇمنىڭ يېنىغىلا چۈشۈپ تۇراتتى. قۇربانجاننىڭ سول بېقىنىغا ئوق تېگىپ يارىلاندى. شۇ ئەسنادا بىزنىڭ ئەترەتتىكى ئېلىپباي ئىسىملىك 50 ياشلاردىكى قازاق جەڭچى يېتىپ كەلدى. ئۇ بىزگە تېكەستە

قوشۇلۇپ يول باشلاپ كېلىۋاتاتتى. مەن ئۇنى كۆرۈپلا: «ئۆزۈڭنى دالدىغا ئال» دېيىشىمگە، ئۇنىڭغا ئوق تەگدى. ئۇ يىقىلغان پېتى سېپىلنىڭ ئۈستىنى قارىغا ئېلىۋاتقاندا 2 - ئوق تېگىپ جان ئۈزدى. ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش ئىمكانىيىتىم يوق ئىدى. ئۆز سەپدىشىمنىڭ جان ئۈزگىنىنى كۆرۈپ تۇرۇشتىن ئېغىر ئىش بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. بىر دەملىك تېگىرقاشتىن كېيىن ئېسىمگە كېلىپ يېنىمدىكى گىراناتنى ئېلىپ سېپىلنىڭ ئۈستىگە تاشلىدىم. ئۇنىڭغىچە بىزنىڭ پارتىزانلارمۇ بارغانسېرى شىپقاپ يېقىنداپ كەلدى. مەن سېپىل دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى بىر ئۆيىنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋېلىپ سېپىلنىڭ ئۈستىگە پىلىموت بىلەن ئوق ياغدۇردۇم. ئۇرۇش خېلى ئۇزۇن داۋام قىلىپ، ئاخىرى دۈشمەننىڭ ئاق بايرىقى كۆرۈندى.

قۇربانجاننىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، دۈشمەننىڭ 60 ئەسكىرى بار ئىكەن. بىز 20 نى ئەسىر ئالدۇق.

شۇ كۈنى بىزنىڭ پارتىزانلار بىلەن نەچچە مىڭ شەھەر خەلقى بىرلىكتە ئىلىپباينى باي ناھىيىسىنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى بىر مازارغا دەپنە قىلدۇق.

خەلقنىڭ غەزىپى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. بىز 20 ئەسىرنى ئارىغا ئېلىپ قوغداپ مېڭىپ، ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى تەرىپىدىن يېڭى ئورنىتىلغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەردۇق. ئۇنداق قىلمىغاندا غەزەپلەنگەن خەلق ئۇلارنىڭ بىرسىنىمۇ قويماي ئۆلتۈرۈۋېتەتتى.

بىزنىڭ ئادەم سانىمىز ئاز بولسىمۇ پارتىزانلىرىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن بولغاچقا، دۈشمەننىڭ زور قوشۇنىغا قارشى بارغانسېرى ئىلگىرىلەپ ماڭدۇق. بۇ ھال جەنۇب خەلقىگە زور ئۈمىد - ئىشەنچ ئاتا قىلىپ، دۈشمەنگە ئەندىشە سالغانىدى. بىز يولىمىزنى داۋام قىلىپ قورغان يېزىسىنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى بىر تەرىپى دەرياغا، بىر تەرىپى ئاق چوققا دەپ ئاتىلىدىغان تاغقا تۇتاشقان قورغانغا دۈچ كەلدۇق. سېپىلنىڭ تاملىرى ئالتە مېترچە ئېگىز ھەم تىك ئىكەن. ئىچى تەرىپى ئۈچ مېترچە ئېگىزلىكتە يانتۇ بولۇپ، ئىستىراتېگىيە جەھەتتە دۈشمەنگە قولايلىق، بىز ئۈچۈن قولايسىز ئىدى. بىز جەنۇب تەرىپىدىن قورشاپ بىر كېچە - كۈندۈز ئېتىشتۇق. بۇ يەردە دۈشمەننىڭ 300 گە يېقىن ئاتلىق ئەسكىرى بولۇپ، قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. قورغانغا زادىلا كىرەلمىدۇق. ئۇرۇش جىددى داۋام قىلىۋاتقاندا: «ئوق - دورا ئاز قالدى، ئۇچتۇرپانغا چېكىنىمىز» دېگەن گەپ بىلەن مۇھاسىرىنى بوشىتىپ تۇز ئاۋات تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. بۇ ئىش ئەسلىدە «ئوق ئاز قالغان» بولماستىن، بەلكى ئاقسۇ تەرەپتىن كېلىۋاتقان دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن بولغان ئىش ئىكەن. يول ئۈستىدە تۇز ئاۋاتقا يېقىن جايدىكى دەڭگە كېلىپ، دۈشمەننىڭ 60 - 70 چە ئەسكىرى بۇ يەردىن يېڭىلا قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. دۈشمەننىڭ قاسقىنىدا جىق مومىسى ئىسسىق، چايلىرى قايناق تۇرۇپتۇ. بىز ئەتراپقا پوست قويۇپ دەم ئالماقچى بولدۇق. مەن ئىشىكتىكى پوستقا پىششىق گۆش ئېلىپ چىقىپ بەردىم. شۇ ئەسنادا ئىگەر توقۇملۇق بىر ئىگىسىز ئات ئالدىمغا كەلدى. مەن ئاتنى تۇتۇپ باغلاۋاتسام دۈشمەننىڭ 10 چە ئاتلىق ئەسكىرى كېلىپ قالدى. بىز يۇقىراچە كىيىنىپ قورالنى ئىچىمىزگە يوشۇرۇپ يۈرگەچكە گۇمان قىلىشمىدى. ئۇلار مەندىن: «بىزنىڭ ئەسكەرلەر بارمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «دەڭنىڭ ئىچىدە» دەپ جاۋاب بەردىم ئېرەن قىلمىغان ھالەتتە ئاتنى باغلاپ تۇرۇپ. ئۇلار يەنە: «سەن نېمە ئادەم؟» دەپ سورىدى. مەن: «ئاتلارغا بىدە ئېلىپ كەلدىم» دەپ جاۋاب بەردىم. «قەيەردىن؟» دەپ سورىدى يەنە ئاسماقلاپ، مەن: «بوزدۆڭدىن» دەپ جاۋاب بەردىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تولۇق ئىشىنىپ دەڭنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشكە تاڭ - تۇڭ ئېتىلغان ئوققا دۈچ كەلدى. ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ ئەتراپىمىزدىن بىزنى قورشاپ كەلگەن 2000 ئەسكەر تۆشمۇ - تۆشتىن ئوق ياغدۇرۇپ، ئېتىشىش باشلاندى. بۇ كەچ سائەت 9 ۋاقتى ئىدى. بىزنىڭ كۆپ قىسىم ئەسكىرىمىز قورغان تەرەپتە قېلىپ بۇ يەرگە ئاران 50 ئەسكەر كەلگەنىدۇق. شۇ ئازغىنە ئەسكەر كۈچىمىز بىلەن تاڭ ئاتقىچە جەڭ قىلدۇق. ئەتىسى سائەت 7 لەردە ئۇرۇش توختىدى. دۈشمەن قېچىپ كەتكەنىكەن. بىز چىقىپ ئۆلۈكلەرنى ئاختۇرۇپ گوجەيلىرىنى پىچاق بىلەن يېرىپ قارىساق زىخچە ئالتۇن، كۈمۈش تەڭگىلەر چىقتى. بۇ جەزمەن خەلقتىن بۇلاپ ئېلىنغان نەرسىلەر ئىدى. بىر ئەتراپنى تەكشۈرۈپ، شۇ يەردىكى سۇ يالاپ ئويۇپ كەتكەن 10 - 15 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى يارنىڭ ئاستىغا دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئاتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ غۇلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇق. شۇ قېتىملىق جەڭدە دۈشمەننىڭ 300 دەك ئەسكىرى ئۆلۈپتۇ. (بىز بۇ سانىنى كېيىن قولغا چۈشكەن ئەسىرلەردىن ئاڭلىدۇق.)

بىز يەنە يولغا چىقىپ بوز دۆڭدە تۆت كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، قىزىل بۇلاققا كېلىپ شۇ يەرنىڭ خەلقى بىلەن بىللە جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ قورغانغا ھۇجۇم قىلدۇق. ئۇرۇش نامازدىگەرگىچە داۋام قىلدى. دۈشمەن شىددەتلىك ئوت ئېچىپ زادىلا ئىلگىرى چامداتمىدى. ئاخىرى ئاخۇنوپ بىلەن ئىككىمىز دەريانى بويلاپ ئۆتۈپ شۇ يەردىكى بىر دېھقاننىڭ قورۇسى ئارقىلىق سېپىلغا يېقىنلاپ كېلىپ 100 مېتىر ئارىلىق قالغاندا سېپىلنىڭ ئۈستىدىكى توختاۋسىز ئوق ئېتىلىۋاتقان پوتەينى پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتتۇق. خام كېسەك بىلەن

سېلىنغان بۇ پوتەي پىلىموتنىڭ ئوقىدا ئاز ـ ئازدىن يىمىرىلىپ چۈشۈپ ئاخىرى چۈۋۈلۈپ كەتتى. بىزنىڭ ئوقىمىز تۈگەي دەپ قالدى، قورساق ئېچىپ ئۆزىمىزمۇ ھېرىپ كەتتۇق، قاراڭغۇ چۈشۈپ ئايمۇ كۆتۈرۈلدى، ئاسماندا شالاڭ بۇلۇت بار ئىدى. باش ئۈستىمىزدىن دۈشمەننىڭ ئوقلىرى ۋىژىلداپ ئۆتۈپ تۇراتتى. بىز ئاي بۇلۇت ئارىسىغا مۆككەندە ئۆمىلەپ مېڭىپ، ئاي بۇلۇتتىن چىققاندا يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋېلىپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ دېگەندەك قوماندانلىق شتابىمىزغا ئاران يېتىپ كەلدۇق. بىز كىرىپلا گۆش بىلەن قورساق تويغۇزغاچ گەپكە قۇلاق سالدۇق. ئاباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، رازىيوپ داموللا ئۈچى ئىنتايىن جىددى ھالدا قاراشەھەر، ئاقسۇ، كۇچا تەرەپلەردىن بولۇپ 8 مىڭ كىشىلىك دۈشمەن ئەسكىرى بىزگە قارشى كېلىۋاتقانلىقى، ئەگەر ئۇلار يېتىپ كەلگىچە بىز قورغاننى ئىشغال قىلمىساق، ئىككى ئوتتۇرىدا 200 قېرىندىشىمىزنىڭ ھاياتى تۈگەيدىغانلىقى ھەققىدە مۇزاكىرە قىلىشتى. قورغاننى ئىگىلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قورغاننىڭ ئارقىسىدىكى ئاق چوققا دۆڭدىكى ئىككى ئوت توچكىسىنى ئۈجۇقتۇرۇش كېرەك ئىدى. شۇڭا خېلى بۇرۇنلا تېزەكباي، (موڭغۇلكۈرەنىڭ شۇتا دېگەن يېرىدىن) ئىسىملىك ئىزۋوت كوماندىرىغا 17 پارتىزاننى (قىرغىز) قوشۇپ دۈشمەننىڭ ئەشۇ ئوت توچكىسىنى يوقىتىشقا ئەۋەتكەنىكەن. لېكىن ئۇلار تاغ ئارىسىدا دۈشمەننىڭ پىستۇرمىسىغا دۈچ كېلىپ توسۇلۇپ قالغانىكەن. بىز مۇشكۇل ئەھۋالغا دۈچ كەلدۇق. تەۋەككۇل قىلىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئاخىرى مەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئويلىغانلىرىمنى دېگەندىن كېيىن: «دۈشمەننىڭ ئاشۇ ئوت توچكىسىنى يوقىتىشقا مەن باراي» دېدىم. ماڭا ئۇلۇشۇپلا مۇھەممەت ھاپىز بىلەن مۇھەممەت چوقۇر ئىككىسى «مەن بارىمەن» دېيىشىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۆينىڭ ئىچىنى بىردەملىك سۈكۈت باستى. ئۇلارنىڭ كۆزى بىزدە ئىدى. ئارىدىن رازىيوپ داموللا ماڭا يېقىنلاپ كېلىپ: «غەيرىتىڭلارغا ئاپىرىن، بالىلىرىم، ناۋادا شېھىت بولۇپ كەتسەڭلار مەھشەرگاھتا كۆرۈشەيلى» دەپ كۆزىگە ياش ئېلىپ بىزنى قۇچاقلاپ چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن نامىزىمىزنى چۈشۈردى. ناماز چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ھەممىمىز بىر ـ بىرىمىز بىلەن قۇچاقلىشىپ ۋىدالاشقان بولدۇق. ئاخىرىدا ئاباسوپ: «تەلەپىڭلار بارمۇ؟» دەپ سورىدى، مەن: «مېنىڭ ئۈچ تەلىپىم بار» دېدىم، ئاباسوپ كۆك تاشلىق خاتىرىسىنى ئېلىپ: «قېنى سۆزلەڭ» دېدى. مەن تەلەپنى قويدۇم:

1. مېنىڭ مانا مۇشۇ ھالىتىمگە تازا سەپ سېلىڭلار، شۇ بويىچە غۇلجىدىكى ۋاڭ قادىرنىڭ بېغىغا ھەيكىلىمنى قاتۇرساڭلار.

2. ماڭا «كۆرەش قەھرىمانى» دېگەن نام بەرسەڭلار.

3. ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويساڭلار.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن بىر پىلىموت، بەش گىرانات، ئىككى سەپدىشىم 10 تال گىرانات بىلەن بىردىن ئاپتومات ئېلىپ سەل نېرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ دۆڭگە چىقتۇق. ئۇنىڭغا ماسلىشىپ بىزنىڭ قىسىملار مىنامىيوت ئېتىپ ئەتراپنى چاڭلاپ تۇردى. بىز ئۆمىلەپ مېڭىپ ئوت توچكىسىغا يېقىن بارغاندا دىمىغىمىزغا ئاجايىپ قاڭسىق بۇس ئۇرۇلدى. قارىساق 60 ـ 70 چە جەسەت ئۇ يەر، بۇ يەردە چېچىلىپ يېتىپتۇ. قاچاندا ئۆلگەنلىكىنى بىلمىدۇق. ئىككى ئوت توچكىسىدىن شىددەتلىك ئوق ئېتىلىپ تۇراتتى. بىز ئوق توچكىسىنىڭ ئارقىسى — دۆڭ تەرەپتىن كېلىپ گىرانات تاشلىدۇق. ھەر ئىككىلا ئوت توچكىسى ئېتىشتىن توختىدى. بىز دەرھال باستۇرۇپ باردۇق. بۇ ئەسلىدە بەش مېتىرچە چوڭلۇقتا كولانغان گەمە ئىكەن. بىز دەرھال سېرىلىپ چۈشۈپ سېپىلنى ئوقتا تۇتۇۋاتقان قوشۇنىمىزنىڭ قاتارىغا كىرىپ ئېتىشنى داۋام قىلدۇق. بىز سېپىلغا بەش مېتىرچە ئارىلىق قالغاندا دۈشمەننىڭ ئوقلىرىمۇ شالاڭلاپ قالدى. شۇ ئەسنادا يېنىمدا تۇرۇپ ئېتىشىۋاتقان مامۇت (مامۇت بودەك) نىڭ ماڭلىيىغا ئوق تېگىپ قۇربان بولدى. شۇ يەردە سوپاخۇن ئاكا بار ئىدى. ئۇ سېپىلنىڭ ئۈستىگە قاراپ: «ھۇ لومودى!» دېگىنىچە «ۋاڭ» قىلىپ قالدى. ئوق سېپىلنىڭ ئۈستىدىكى مامۇت بودەكنى ئاتقان دۈشمەن ئەسكىرىنى دۈم چۈشۈردى.

بىز سېپىلنىڭ ئىچىگە باستۇرۇپ كىرسەك ھەممىسى قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولدى. ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە 120 دەك ئۇيغۇر ئەسكەرلەر بار ئىكەن. رازىيوپ ئۇلارغا: «خالىساڭلار بىز بىلەن بىللە كۆرەشكە قاتنىشىڭلار، خالىساڭلار قورالنى تاشلاپ ئۆيلىرىڭلارغا كېتىڭلار» دېدى. ئارىدىن بىر قانچىسى: «سىلەر بىلەن بىللە جەڭ قىلايلى، بىزمۇ شۇنداق پۇرسەت كۈتىۋاتاتتۇق» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن بويلىرىنى سۇغا سالدۇرۇپ، قەسەم قىلدۇرغاندىن كېيىن قوراللىرىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىپ سېپىمىزگە قوشۇۋالدۇق. ئۇلار ئۆلتۈرىۋېتىدۇ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، بىزنىڭ مۇئامىلىمىزدىن خۇشال بولۇشۇپ كەتتى.

ئاباسوپ ئەسىرلەردىن: «ئاراڭلاردا كومپارتىيە ئەزالىرى بارمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، 12 ئادەم ئالدىغا چىقىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى كاندىدات، ئونى رەسمى ئەزا ئىكەن. كېيىن ئاڭلىشىمچە، ئاباسوپ ئۇلارغا مىللىي ئارمىيىدىن ئادەم قوشۇپ ئىلىغا قايتۇرۇپتۇ.

بىز قورغانغا ھۇجۇم باشلاشتىن ئۈچ سائەت بۇرۇن سوپاخۇن ئاكىنىڭ ئايالى تۇخاننى قىزىل

بۇلاق دېگەن يەردە يالغۇز قالدۇرۇپ دۈشمەننىڭ كېلىشىنى كۈزىتىشكە قويغانىكەن. بىز قورغاننى ئىشغال قىلىپ تۇرساق، تۇخان ئاتلىق كېلىپ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 8 مىڭ كىشىلىك دۈشمەن قوشۇنى كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. سوپاخۇن ئاكا ماڭا 20 ئادەم قوشۇپ دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئەۋەتتى. بىز دەرھال ئاتلىنىپ قىزىل بۇلاققا قاراپ مېڭىپ ئىدىرلىقنىڭ ئاخىرلىشىدىغان يېرىگە كېلىپ توختىدۇق. ئالدىمىزدىكى تۈزلەڭلىكتە دۈشمەننىڭ نۇرغۇن ئەسكىرى بەش كىلومېتىر دائىرىدە يېرىم چەمبەر شەكلىدە ئەتراپنى قورشاپ پىيادە كەلمەكتە ئىكەن. بىز دەرھال بەش گۇرۇپپىغا بۆلۈندۇق. ھەر قايسى گۇرۇپپىنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل جەڭ قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم. ئەگەر ھەممىمىز تەڭ چېكىنىشكە توغرى كەلسە مەن بايراق بىلەن بەلگە بېرىدىغان بولدۇم. ھەر بىر گۇرۇپپىنىڭ ئارىلىقى 500 مېتىرچە كېلەتتى. دۈشمەن بارغانسېرى يېقىنلاپ، ئوق ئىشەنچلىك زەربە بەرگىدەك دائىرە ئىچىگە كىرگەندە بەش ئورۇندىن ئوت ئاچتۇق. ھە دېگەندە دۈشمەننىڭ بىر مۇنچە ئەسكىرىنى يەر چىشلەتكەن بولساقمۇ، ئەمدى ئۇلار يەر بېغىرلاپ ئوي - دۆڭلەرگە پاناھلىنىپ ئىلگىرىلەپ بارغانسېرى قىستاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كېلىشىمۇ ئىلگىرى - ئاخىرى ئىدى. بىر ۋاقىتتا قارىسام مېنىڭ ئوڭ تەرىپىمدىكى بىر گۇرۇپپىغا دۈشمەن كۆپرەك ئولاشتى. مەن ئۇلاردىن ئەنسىرەپ چېكىنىشكە بەلگە بەردىم. لېكىن ئۇلار چېكىنىشكە ئۈنىمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي دۈشمەن ئۇلارنى قورشىۋېلىپ تىرىك تۇتۇپ كەتتى. بىز قالغان تۆت گۇرۇپپا ئورۇن يۆتكەپ ئېتىشىپ، يېرىم كېچە بولغاندا دۈشمەن مۇھاسىرىسىنى بوشىتىپ چېكىندى. بىز قورغانغا قايتىپ كەلدۇق. بىزنىڭ بۇ قېتىمقى جەڭ قىلىشىمىز ياخشى بولمىدى. پۈتۈن ئەس - يادىمىز تىرىك تۇتۇلۇپ كەتكەن بەش نەپەر سەپدىشىمىزدە قالدى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئۇلار ساق - سالامەت قايتىپ كەلدى. بىز ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ شۇ قەدەر خۇش بولۇپ كەتتۇق. ئۇلارنىڭ ساق قايتىپ كېلىشىدىكى سەۋەب مۇنداق ئىكەن:

دۈشمەن بەش ئادىمىمىزنى تۇتۇپ كېتىپ تورۇسقا ئېسىپ ئۇرۇپ سورىغان سوئاللىرىغا ئۇلار: «بىزدە ھازىر 500 ئەسكەر بار. ئارقىمىزدىن 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن يولغا چىققانىدى، لېكىن ئۇلار ھازىرغىچە كېلەلمىدى. ئاڭلىشىمىزچە تاشكەنت تەرەپتىن ئىككى مىڭ تۈركمەن ئەسكەرلىرى كەلمەكچى ئىكەن» دەپ يالغان ئېيتىپتۇ. دۈشمەن ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىش - ئىشەنمەسلىكنى بىلمەي تۇرغاندا، قورغاندا بىزگە ئەسىرگە چۈشكەن گومىنداڭنىڭ بىر ئوفىتسېرى دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپ ئېقىن بويلاپ ئۈزۈپ قېچىپ قىزىل بۇلاققا كېلىپ قاپتۇ. دۈشمەن ئۇنىڭدىن قورغاننىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ۋە شۇ يەردىكى ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قورقۇپ كېتىپ قېچىپتۇ. دۈشمەن كەتكەندىن كېيىن قىزىل بۇلاقتىكى دېھقانلار كېلىپ ئېسىقتىكى 5 ئادەمنى بوشىتىپ ئاش - تاماق بېرىپ ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئامان قالغانىكەن.

بىز ئىلىدىن چىققاندا ئېلىپ كەلگەن ئوقلىرىمىز ئاز قالدى، ياردەم كەلمىدى. سانى كۆپ، قورالى كۈچلۈك دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش قىيىن ئىدى. ھەتتا ئۆزىمىز ئىشغال قىلغان قورغاننى ساقلاشقىمۇ ئىشەنچ يوق بولۇپ قالدى. شۇڭا مۇزات تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇق. قوشۇن قوزغىلىپ ماڭدى. مەن 20 ئەسكەر بىلەن قوشۇندىن كېيىن چېكىنىپ ئارىدا مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ ماڭدۇق. تۇغبەلچە دېگەن يەرگە كەلگەندە «سېرىق سۇ يايلىقى» دەپ ئاتىلىدىغان يايلاققا چۈشۈپ ئاتلارنى دەم ئالغۇزۇپ، ئۆزىمىزمۇ دەم ئالدۇق. ئارىدا ئۈچ كۈن ئۆتتى. مەن 20 ئادەمنى باشلاپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ قورغانغا يەنە باردىم. سېپىلغا يېقىنلاپ بارغاندا بۇرنىمىزغا كۆڭۈل ئېلىشقىدەك سېسىق پۇرىدى. ئىچىگە كىرسەك ئوقتا ئۆلگەن ئادەم بىلەن ئاتنىڭ ئۆلۈكى سېسىپ كېتىپتۇ. قورغاننىڭ ئىچى ۋەيرانە ھالەتتە ئىكەن. ئىسكىلاتتا 300 تاغار گۈرۈچ، 100 تاغارچە ئۇن بار ئىكەن. بىز شۇ گۈرۈچ ئېتىپ ئەمدىلا ئىچەيلى دەپ تۇرساق، تالادا بىرلىرىنىڭ خەنزۇچە سۆزلەشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. چىقسام بىز سېپىلنىڭ ئۈستىگە قاراۋۇللۇققا قويغان روزى سېپىلنىڭ سىرتىدا بىرسى بىلەن سۆزلىشىۋېتىپتۇ. روزى قەشقەر يېڭىشەھەرلىك بولۇپ، قورغاندىكى ئۇرۇشتا بىزگە ئەسىرگە چۈشكەنىدى. ئۇ دۈشمەن قوشۇنىدىكى چاغلاردا دۈشمەننىڭ خوياۋدۇڭ ئىسىملىك روتا كوماندىرىغا كانىۋاي بولغانىكەن. شۇ خوياۋدۇڭ 1000دەك ئەسكەرنى باشلاپ كېلىپ پوستتا تۇرغان روزىنى تونۇپ قېلىپ ئۇنىڭدىن گەپ سوراۋاتقانىكەن. مەن روزىغا: «سەن ئۇنى گەپكە تۇتۇپ تۇر» دەپ قويۇپ، جەڭچىلەرنى باشلاپ يانتۇ سېپىلنىڭ تېمىغا پىچاق سانجىپ يامىشىپ ئۈستىگە چىقساق دۈشمەننىڭ ئەسكەرلىرى شۇ كەلگەن سېپى بويىچە بىر يەرگە توپلىشىپ بىخارامان تۇرغانىكەن. تازا ئېپ كەلدى، تويۇقسىزلا ئوت ئاچتۇق. ھەش - پەش دېگۈچە 200 دەك ئەسكەر ئۆلۈپ، ئامان قالغانلىرى پات - پاراق بولۇپ قاچتى، بىز ئارقىدىن قوغلاپ تۈز ئاۋاتقىچە بېرىپ قايتتۇق. ئارىدا بىر سوتكا ئۆتۈپ قورغانغا كەلسەك بىزنىڭ مۇز داۋان تەرەپكە چېكىنگەن قوشۇنىمىز قايتىپ كېلىپ قورغاننى تازىلاپ شىتاب قۇرۇپ كىنو كۆرۈپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئۇلار يول ئۈستىدە ئىلىدىن بىزگە ياردەمگە كەلگەن موڭغۇل ئەسكەرلەرگە ئۇچراپ قايتىپ كەلگەنىكەن. شۇنداق قىلىپ بىز قورغاندا

تۇرۇپ قالدۇق.

كېيىن ئاڭلىشىمىزچە، بىز قورغاندىن مۇزاتقا چېكىنگەندىن كېيىن شۇ يەردىكى قىرغىزلارنىڭ ئاقساقاللىرى دۇشمەن تەرەپكە بېرىپ: «قورغاندا سىلەرنىڭ ئۆلگەن ئادەملىرىڭلارنىڭ جەسىتى سېسىپ كېتىپتۇ» دەپ خەۋەر قىپتۇ. دۇشمەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قايتىدىن كېلىپ قورغاننى ئىگىلەش ئۈچۈن مىڭ كىشىلىك قوشۇننى يۆتكەپ كېلىشى ئىكەن. لېكىن كۈتۈلمىگەن پاجىئەگە دۇچ كېلىپ قايتقاندىن كېيىن ھېلىقى قىرغىز ئاقساقاللىرىنى تېپىپ: «سىلەر بىزنى ئالداپسىلەر» دەپ ئالتە - يەتتە كىشىنى ئېتىۋېتىپتۇ.

بىز قورغانغا ئىككىنچى قېتىم كېلىپ سەككىز كۈن تۇرۇپ قالدۇق. قورغاننىڭ دائىرىسى 200 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، خېلى پۇختا سېلىنغانىكەن، ئاڭلىشىمىزچە بۇ قورغاننى بەدۆلەت سالدۇرغان بولۇپ، تارىخىمۇ خېلى ئۇزۇن ئىكەن. بۇ يەرگە باي ناھىيىسى، قىزىل بۇلاق، بوزدۆڭ ئەتراپىدىكى خەلق كېلىپ - كېتىپ تۇردى. ئۇلار بىزگە تولىمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، ھەتتا يىمەك - ئىچمەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆزلىكىدىن ئەكىلىپ بەردى. بىزگە گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئات - ئۇلاق، قوي، توخۇلىرىنى خالىغانچە بۇلاپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا كۆپ ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى.

9 - ئاينىڭ باشلىرى ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى كەلدى. بۇ كۈنلەردە بىزنىڭ ئادەم سانىمىز 400 گە يېقىن بېرىپ قالغانىدى. قورغاندىن يولغا چىقىپ «تېكە قۇيرۇق» دېگەن يەر ئارقىلىق ئاقسۇ جامىنىڭ شىمال تەرەپ يار بېشى دېگەن يەردىكى سايلىقتا بىر قونۇپ ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 5 دە ئاقسۇ كونا شەھەرگە قاراپ ماڭدۇق. بەش كىلومېتىرچە ئارىلىق قالغاندا ئاباسوپ ماڭا 15 ئادەم قوشۇپ كونا شەھەر ناھىيىلىك بانكا بىلەن شىرىپ قارى ھاجىنىڭ بېغىغا قۇرۇلغان «يەرلىك ماللار شىركىتى»نى ئىگىلەشكە ئەۋەتتى. بىز ئۇلاردىن 2 - 3 كىلومېتىرچە ئالدىدا مېڭىپ شەھەرنىڭ چېتىگە يېقىن قالغاندا، گومىنداڭچىلار يول توسۇپ شەھەرگە كىرگەن - چىققان كىشىلەرنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىر ئاز كۆزەتتۇق. قارىساق ئۇلار ئەرلەرنى تەكشۈرۈپ ئاياللارنى تەكشۈرمەيدىكەن. بۇ بىزگە ياخشى پۇرسەت بولدى. مۇھەممەت قاۋان، مۇھەممەت چوقۇر ئۈچىمىز ئاتتىن چۈشۈپ، قورالنى ئۇزۇن چاپاننىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ، پىيادە مېڭىپ كېتىۋاتساق، كىشىلەر ئارىسىدا يوغان بىر جامبول ئېشەككە بىر ئايال مىنىپ، 16 ياشلاردىكى بىر بالا ئېشەكنى ھەيدەپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆزىمىز چۈشۈپ قالدى. بىز دەرھال بېرىپ ئۇلارنى توختاتتۇق. مەن ئايال كىشىنىڭ ئۈچىسىدىكى چاپان، ئايىغىدىكى چورۇق، بېشىدىكى داۋغان تۇماق بىلەن يۈزىدىكى چۈمبەلنى ئېلىپ ئايالچە ياسىنىپ ئېشەككە مىندىم. ئىككى سەپدىشىمنىڭ بىرسى قولتۇقۇمدىن يۆلەپ، يەنە بىرسى ئېشەكنى ھەيدەپ شەھەرگە كىرىپ كەتتۇق. بانكىنىڭ يېنىغا بارساق دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا بىر ناۋايخانا بار ئىكەن. بىز بىرىپلا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ناۋاينىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئەتراپنى كۆزەتتۇق. بازاردىكى ھۆپىگەرلەر بەس - بەستە توۋلاپ، سودا - سېتىق داۋاملىشىپ ھېچكىم بىزنى سەزمەي قالدى. بىز ئىككى پوستنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ كىيىمىنى ئۆزىمىزنىڭ ئىككى ئادىمىمىزگە كىيدۈرۈپ پوستتا تۇرغۇزۇپ قويدۇق. تۇتۇلغان ئىككى ئادەمدىن سورىساق بانكىدا 20 ئادەم بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ كۆپرەكى ئۇيغۇر خىزمەتچىلەر ئىكەن. بىز بانكىغا كىرسەك ئۇلار «گاۋشىڭ - گاۋشىڭ» ئويۇنىغا تۇتۇش قىلغانىكەن. بىز ئۈچ ئادەم كىرىپلا قورال تەڭلىدۇق. ئۇلار غال - غال تىترىشىپ قارشىلىقمۇ قىلمىدى. ھەيدەپ چىقىپ يار بېشىغا، يەنى ئاباسوپلار تۇرغان يەرگە ئەۋەتتۇق. بانكىغا ئۈچ ئادەمنى قالدۇرۇپ، قالغانلىرىمىز شىركەتكە بېرىپ بەش ئادەمنى تۇتۇپ ھەش - بەش دېگۈچە شىركەتنىمۇ ئىگىلەپ پېچەتلىۋەتتۇق. شۇ ئەسنادا كوچىدا نامايىش بولۇپ كەتتى. ئاباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، رازىيوپ داموللا قاتارلىق يولباشچىلىرىمىزمۇ ئىز بېسىپ يېتىپ كېلىپ ئاساسلىق يوللارغا ئادەم قويغاندىن كېيىن خەلققە تەشۋىقات باشلىغانىكەن. ئاسماندىن چۈشكەندەك تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ ئۆزگىرىشتىن خەلق قالتىس خۇشاللىققا چۆمدى.

مەن بۇيرۇققا بىنائەن 15 ئادەم بىلەن ئۈچتۇرپانغا باردىم. بىز ئەمدىلا كېلىپ تۇرۇشىمىزغا ئارقىمىزدىن بىزنى «مەپە» دېگەن يەرگە بارسۇن دەپ بۇيرۇق كەلدى. بىز قايتىپ مەپىگە كېلىپ تۇرۇشىمىزغا، يېكشەنبە تەرەپتىن دۈشمەننىڭ 200 ئەسكىرى كېلىپ بىزگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ جاي شەھەرگە كىرىدىغان يولنىڭ ئېغىزى ئىدى. بىز ئارقىغا قاچتۇق، دۈشمەن ئۆز كۈچىگە ئىشىنىپ كوچىغا كىرىپ بولۇشىغىلا، ئىككى تەرەپتىن ئوققا تۇتتۇق. دۈشمەنمۇ دەرھال ئىككىگە بۆلۈنۈپ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تامنىڭ تۈۋىدە پاناھلانماقچى بولدى. بۇنداق بولغاندا دۈشمەننىڭ سول تەرەپتىكى ئادىمى بىزنىڭ ئوڭ تەرەپ ئۆگزىدىكى ئادەملىرىمىزگە تەييار قارانچۇق بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەر قورقۇنچلۇقتا ئىشىك - دەرۋازىلىرىنى مەھكەم ئېتىۋالغان بولغاچقا، دۈشمەن ھېچ يەرگە قاچالماي كۆپ قىرىلىپ كەتتى. ئاخىرى قېچىپ كېتىۋېتىپ يەنە بىر مۇنچىلىرى ئۆلدى. بىزمۇ ئېتىشنى توختاتتۇق. ئۇرۇش 40 مىنۇتچە داۋام قىلدى. شۇ كىچىككىنە ۋاقىت ئىچىدە دۈشمەننىڭ ئۆلگەن، يارىلانغان بولۇپ 100 ئادىمى سەپتىن چىقىپتۇ. بىز

بۇيرۇق بويىچە «كەپتەرخانە» دېگەن جايغا كەلدۇق. بۇ يەردە 7 ـ 8 ئېغىز ئۆي بولۇپ، ئايرودرومنى قوغدايدىغان ئەسكەرلەرنىڭ تۇرار جايى ئىكەن. بۇ جاي بىز تەرەپتىن ئىشغال قىلىنىپ ئالتە نەپەر پوست قويۇلغانىكەن. بىز بىلەن سوقۇشۇپ قاچقان 100 چە دۈشمەن ئەسكىرى بۇ يەرگە كېلىپ ئالتە ئادىمىمىزنى ئىنتايىن قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرۈپتۇ. بىز كەلسەك بىرسىنىڭ كۆزى ئويۇلغان، تىلى كېسىلگەن، بىرسىنىڭ جان يېرىنى بىرسىنىڭ ئاغزىغا چىشلەتكەن هالدا ئۇ يەر، بۇ يەردە ئۆلۈك ياتقانىكەن. بىزنىڭ كەينىمىزدىن ئەۋەتىلگەن ئادەم بىلەن 50 كىشىلىك قوشۇن بولدۇق. شۇ ئارىلىقتا دۈشمەننىڭ 400ـ 500 ئەسكىرى كېلىپ بىزگە هۇجۇم قىلدى. جەڭ تۆت سائەت داۋام قىلدى. بۇ چاغدا ئاباسوپلار كونا شەهەردە خەلققە تەشۋىق قىلىش، تەرتىپ ئورنىتىش بىلەن بەنت ئىدى. بىزنىڭ ئادەم كۈچىمىز ئاز بولسىمۇ ئادەملىرىمىز قەيسەر ئىدى. شۇڭا دۈشمەن تاڭ كېلەلمەي سائەت 12 ئەتراپىدا چېكىنىدى، بىز قوغلاپ ماڭدۇق، دۈشمەن شۇ قاچقان پېتى ئاقسۇ يېڭىشەهەردىكى قورغانغا كىرىپ كەتتى. بۇ قورغان دۈشمەننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ كۈچلۈك بازىسى بولۇپ، دائىرىسى 600 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق ئىدى. ئاقسۇنىڭ هۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى، ساقچى ئىدارىسى، دوختۇرخانا، تۈرمە (ل. مۇتەللىپ قاتارلىق ئىنقىلابچىلار مۇشۇ تۈرمىگە قامالغانىكەن)، مەكتەپ... هەممىسى مۇشۇ قورغاننىڭ ئىچىگە جايلاشقانىكەن. سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى يەتتە ـ سەككىز مېتىر، كەڭلىكى ئالتە مېتىر بولۇپ، ئىككى مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى خوختا (سېپىلنىڭ ئۈستىدىكى تام)، يەنە سېپىلنىڭ ئۈستىدە ئاكوپمۇ بار ئىكەن. تۆت چاسا قورغاننىڭ تۆت تەرىپىدە بىردىن تۆت قوش قاناتلىق دەرۋازا بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى بەش مېتىر، كەڭلىكى يەتتە مېتىر، قېلىنلىقى 12ـ 13 سانتىمېتىر بولۇپ، قاڭالتىر قاپلانغانىكەن. بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز تۆت تەرەپكە بۆلۈندى. بىزنىڭ 100 كىشىلىك قوشۇنىمىز كەپتەرخانىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىر مازارنى شىتاپ قىلىپ تۇردۇق. بۇ هالەتتە قورغانغا هۇجۇم قىلالمايتتۇق.

مەن سىرتتىن كېلىدىغان دۈشمەننىڭ يولىنى توسۇش ئۈچۈن ئۈچتۇرپان تەرەپكە بارىدىغان يولنىڭ ئېغىزىدا 35 ئادەم بىلەن يول توسۇپ تۇردۇق. تۈيۈقسىزلا تاڭ ـ تۇڭ، ۋاڭ ـ ۋۇڭ قىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئانچە ئۆتمەي بىزنى «قايتىپ كەلسۇن» دېگەن خەۋەر كەلدى. بىز ئەمدىلا قوزغىلىشىمىزغا بىزگە قارىتىپ ئوق ئېتىلدى. بىر جەڭچىمىزنىڭ ئېتىنىڭ پۇتىغا ئوق تەگدى. شۇنىڭ بىلەن هەممىمىز ئاتتىن چۈشۈپ 800 مېتىرچە يولنى پىيادە مېڭىپ كەپتەرخانىغا كەلسەك، ئېتىشىش ئەۋجىگە چىقىپتۇ. ئۇ يەردە كەلگۈندىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن تۇپا دۆۋىلەپ تۇرغۇزۇلغان توساق بار ئىكەن. دۈشمەن شۇ يەرگە بىر قانچە ئورۇندا پىلىموت قۇرۇپ بىزنىڭ ئادەملىرىمىزگە توختاۋسىز ئوت ئېچىۋاتقانىكەن. بىز يان يەرەپتىن كېلىپ 30 مېتىرچە ئارىلىق قالغاندا ئوت ئاچتۇق. تازا ئېتىشىۋاتقاندا دۈشمەن تەرەپ ئېتىشتىن توختاپ بىر نېمە دەپ ۋارقىرىدى. (كېيىن ئۇقساق «جياۋچياڭ» دېگەنىكەن.) بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاباسوپ بىز تەرەپكە قاراپ: «ئېتىشنى توختىتىڭلار! دۈشمەن قورال تاپشۇرىمىز دەۋاتىدۇ» دېدى. شۇ ئەسنادا سوپاخۇن ئاكا: «ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار بىزنى قورال تاپشۇرۇڭلار دەۋاتىدۇ» دەپ ئىككىسى گەپ تالىشىپ قالدى. شۇ ئارىلىقتا دۈشمەننىڭ 20 ياشلاردىكى بىر ئۇيغۇر ئەسكىرى بىزنىڭ روزىهاجىغا قورال① تاپشۇرىمەن دەپ
قولىدىكى مىلتىقنى ئەتۇر ئۇتۇپ تەڭلىدى. روزى
هاجى مىلتىقنى ئېلىشقا قولىنى سۇنغاندا دۈشمەن ئەسكىرى مىلتىقنى ئۆرۈپلا روزىهاجىغا ئوق چىقاردى. (ئوق ئۇنىڭ سول تەرەپ كۆكرەك ئۈستىگە تېگىپتۇ.) مەن شۇ چاغدا يېنىمدىكى ئالتە مېتىر ئېگىز گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپنى كۆزىتىپ دۈشمەننىڭ 600 چە ئەسكىرى بارلىقىنى مۆلچەرلىدىم. قارىسام دۈشمەننىڭ لىتىپ ئىسىملىك ئەسكىرى قولىدىكى پىلىموتنى ماڭا توغرىلاۋېتىپتۇ. مەن ئۆزۈمنى دەرهال يەرگە ئېتىپ پىلىموتنى ئىشقا سالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئېتىشىش يەنە باشلاندى. دۈشمەن قوشۇنى سانىنىڭ كۆپلىكىگە تايىنىپ بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى. ئاخىرى قوچاقلاشما جەڭ بولۇپ كەتتى. قورالمۇ ئېتىلىپ تۇردى. دۈشمەنگە يەنە 200 چە ياردەمچى ئەسكەر كېلىپ قوشۇلدى. بىز ئېتىشىپ تۇرۇپ يار بېشى تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇق. يېنىمدىكى مۇهەممەت سابىر بىلەن يەنە بىر مۇهەممەت ئىككى سەپدىشىم قۇربان بولۇپ، مەن يالغۇز قالدىم. 40 دەك دۈشمەن مېنى قورشىۋالدى. يېنىمدا 50 تال ئوق قاچىلانغان بىرلا دىسكا قالغانىدى. دۈشمەنمۇ، مەنمۇ ئوخشاشلا باش كۆتۈرەلمەي مازاردىكى تۇپراقلارنىڭ ئارىسىدا يەر بېغىرلاپ ئۆمىلىشىپ، چالا كۆرە ئوق ئېتىشاتتۇق. بىر چاغدا بىر شامگۆرنىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتىمەن. يەنە جىگدە دەرىخىنىڭ بىر كىچىك شېخىمۇ ئۇچراپ قالدى. مەن ئىزىمنى يوقىتىش ئۈچۈن شاخنى سۆرەپ ئۆمىلىگەن پېتىم شامگۆرگە يېقىن قالغاندا دۈشمەننىڭ بىر ئۇيغۇر ئەسكىرى ئۆزىنى كۆرسەتمەي ئاۋازىنى يوغان چىقىرىپ: «هەي، مۆمىن تالىپ دېگەن سەنمۇ؟ بىز سېنى تىرىك تۇتىمىز، ئەمدى قۇتۇلالمايسەن!» دەپ تۇۋلىدى. ئۇنىڭغىچە مەن شامگۆرنىڭ ئىچىگە كىرىپ بولدۇم. دۈشمەن مېنىڭ نەگە كەتكەنلىكىمنى بىلمەي قالدى. گۆرنىڭ بىر تەرىپىدە مۇشتۇم

① بۇ كىشى 1970 يىلى سۈيدۈگدە ۋاپات بولدى.

پاتقىدەك بىر تۆشۈك بار ئىكەن. دۈشمەننى ئالغاچ ئۇنى سەل يوغىناتتىم. شۇ ئارقىلىق ئەتراپنى كۆزىتىپ تۆشۈك بىلەن مەن كىرگەن ئېغىز ئوتتۇرىسىدا يوگۇرۇپ يۈرۈپ دۈشمەننىڭ يەتتە ئەسكىرىنى يەر چىشلەتتىم. شۇ ئارىلىقتا دۈشمەننىڭ ئەسكەرلىرى مېنى تاشلاپ، بىزنىڭ چېكىنگەن ئەسكەرلىرىمىزنى قوغلاپ كەتتى. مەن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۆلگەن يەتتە دۈشمەننىڭ ئوقى بىلەن گىراناتلىرىنى شامگۆرنىڭ ئىچىگە ئەكىرىۋالدىم. ئالاھەزەل 40 مىنۇتلار ئۆتكەندىن كېيىن تالادا ئېتىشىش يەنە باشلاندى. گۆردىن چىقىپ قارىسام تەخمىنەن 50 مېتىر نېرىدا دۈشمەن ئىككى ئورۇنغا ماكسىم پىلىموتىنى ئورنىتىپ بىزنىڭ ئادەملىرىمىزگە ئوت ئېچىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا يەنە 90 دىن كۆپرەك ئەسكەرلەرمۇ باشقا قۇراللار بىلەن ئېتىشىۋېتىپتۇ. مىلتىق ئاۋازلىرى قۇلاقنى يەپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئارقا تەرەپتىن كېلىپ ئاساسلىق ئىككى ئوت تۇچكىسىنى نىشانلاپ پىلىموتنى ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ ئاتتىم. قولۇمدا ئۈچ گىرانات بىلەن بىر دىكتار پىلىموت① بار ئىدى. دۈشمەننىڭ ئىككى ئوت تۇچكىسى ئۆچۈقتى. لېكىن 30چە دۈشمەن مېنى قورشاپ كەلدى. ئەمدى پىلىموتنى بولۇشىغا قويۇۋەتتىم. دۈشمەننىڭ ئۆلگىنى قانچە، قاچقىنى قانچە، بىلمەيمەن. ھەر ھالدا قورشاۋدىن قۇتۇلدۇم. ئۇنىڭغا ئۇلگۇرۇپ بىزنىڭ جەڭچىلەرمۇ يېتىپ كەلدى. يەنە بىر ئاز ئېتىشقاندىن كېيىن دۈشمەن چېكىندى. بىز قوغلاپ يېڭى شەھەردىكى قورغانغىچە باردۇق. دۈشمەن دەرۋازىدىن كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئامالسىز قايتىپ كەلدۇق. دۈشمەننىڭ ئۆلگەن ئەسكەرلىرىنىڭ يېنىدىن زىخچە ئالتۇن قاتارلىق خەلقتىن بۇلىغان نەرسىلەر تېپىلدى. بىرسىنىڭ قورسىقىغا دەسسەم، بىخسىپ چىققان ھاراق ھىدى كەلدى. ئەسىرگە چۈشكەنلەردىن سورىساق، ئۇلار جەڭگە كىرىشتىن ئاۋۋال جەڭچىلىرىگە ھاراق ئىچكۈزۈپ ئۇرۇشقا چىقىرىدىغان ئادىتى بارلىقىنى ئېيتىشتى. بىزدە ئوق ـ دورا ئاز قالغانىدى. تەلىيىمىزگە ئىلىدىن ئات، ئېشەك بولۇپ يۈزدىن ئارتۇق ئۇلاققا ئارتىلغان مىلتىق، ئاپتومات، پىلىموت، تانكا ئاتار ئوقى، بىر دانە باتالىيون مىنامىيوتى، ئۇنىڭدىن سىرت ئوق ـ دورا، سېپىل پارتلىتىدىغان بىر توننا تول (پارتلىتىش دورىسى)، كىيىم ـ كېچەك ... قاتارلىق ھەربى لازىمەتلىكلەر يېتىپ كەلدى. بۇلارنى ئارقا سەپ پولكوۋنىكى قۇربانجان مەسئۇل بولۇپ ئېلىپ كەلگەنىكەن. قورال بىلەن بىللە ئىسكادىرون كوماندىرى مەتنۇيىسنىڭ قوماندانلىقىدا 80 نەپەر موڭغۇل ئەسكەر كەلدى. بۇ دەل 10 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئىدى.

ئەمدىكى نىشانىمىز ئاقسۇدىكى مۇدھىش قورغانغا ھۇجۇم قىلىش ئىدى. يول ئۈستىدە دۈشمەننىڭ خەلقتىن ئاشلىق يىغىش ئۈچۈن چىققان 10 تۆمۈر ھارۋىنى ئالدىغا سېلىپ كېلىۋاتقان 5 ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالدۇق. بۇنىڭغا ئۇلگۇرۇپ ئىلىدىن ناسىروپ بىلەن ئارسلانخان باشچىلىقىدىكى 200 كىشىلىك قوشۇن كەلدى. بىز ئەمدى خېلى كۈچىيىپ قالغانىدۇق. قورغاننى ئىككى تەرەپتىن قورشاپ 9 ـ 10 كۈنگىچە ھۇجۇم قىلىپ كۆردۇق، نەتىجە چىقمىدى. ئاخىرى سېپىلغا يامىشىپ چىقمىغىچە مەسىلە ھەل بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تۆۋەندىكىچە جەڭ قىلدۇق. شۇ جەڭلەردە پەقەت ئۆزۈمنىڭ بىۋاستە كۆرگەنلىرىمنى بايان قىلىمەن:

كەرىموپ ئۆمەرجاننىڭ باشچىلىقىدىكى 30 كىشىنىڭ بىر قىسمى سېپىلدىن 50 مېترچە يىراقلىقتىكى قوناقلىقنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ بىزنى قوغدايدىغان بولدى. قوناقلىق بىلەن سېپىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ھارۋا يولى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن سېپىلنى ئوراپ تۇرىدىغان چوڭقۇر خەندەككە سۇ تۇشقۇزۇلغانىكەن. مەن، مۇھەممەت قاۋان، يەنە مۇھەممەت ئىسىملىك بىر جەڭچى بىلەن ئۈچىمىز خەندەكنىڭ ئۈستىگە شوتا تاشلاپ سېپىل تېمىنىڭ يېنىغا ئۆتتۇق. بۇ ۋاقىت كېچە سائەت ئىككى بولغان بولۇپ، سېپىلنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى باشقا بىر قانچە ئورۇندىمۇ بىزگە ئوخشاش ھەرىكەت قىلىۋاتقان گۇرۇپپىلار بار ئىدى. بىز شوتىنى سېپىلغا يۆلەپ قويۇپ، بىر ـ بىرلەپ چىقىۋاتچى بولدۇق. ئىككى سەپدىشىمنىڭ بىرسى ئاپتومات، بىرسى مىلتىق بىلەن ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. مەن پىلىموتنى ئۆشنەمگە ئېلىپ شوتىغا ئەمدىلا قەدەم قويۇشۇمغا، سېپىلنىڭ ئۈستىدە ئېتىشىش باشلاندى. قىرىشقاندەك ئاپتومات ئېتىلماس بولۇپ قالدى. ئۇلار مىلتىق بىلەن ئېتىشتى. مەن شوتىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قولۇمنى خوختا تېمىغا ئەمدىلا، قويۇشۇمغا دۈشمەننىڭ بىر ئۇيغۇر ئەسكىرى شاپلا قىلىپ قولۇمنى تۇتىۋالدى. ئۇ مېنى يۇقىرىغا تارتتى، مەن ئۇنى تۆۋەن تارتىپ بىردەملىك تارتىشماق ئوينىدۇق. ئەھۋال خەتەرلىك ئىدى. ئاخىرى تازا كۈچەپ بىر تارتسام شوتىنىڭ ۋاخىنىسى سۇنۇپ كېتىپ يەرگە يىقىلدىم. ئىككى سەپدىشىممۇ سالامەت قايتىپ چۈشتى. بۇ چاغدا بىزنىڭ بىر قانچە ئادىمىمىز خەندەكتىن ئۆتۈپ يېنىمىزغا كېلىپ بولغانىدى. دۈشمەن سېپىلنىڭ ئۈستىدىن بىزگە قارىتىپ گىرانات تاشلىدى. دۈشمەن تاشلىغان گىرانات پارتلىغىچە ئۇنى خەندەكتىكى سۇغا تاشلاپ تۇردۇم. قوناقلىقتىكى پىلىموتچىلىرىمىز سېپىلنىڭ ئۈستىنى ئوققا تۇتۇۋاتقانلىقتىن دۈشمەن گىراناتنى نىشانغا تاشلىيالماي ھەممىسى دېگۈدەك كۆلچەكتىكى سۇدا

① كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئەپلىك پىلىموت. ئۇنى دىكتادوپ دېگەن كىشى ئىجات قىلغان بولغاچقا شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانىكەن.

پارتلىدى. دۈشمەن ئەمدى پوملانغان ئارغامچىنى بىنزىنگە چىلاپ، ئوت تۇتاشتۇرۇپ، بىر ئۇچىنى ئۆزلىرى تۇتۇۋېلىپ بىزنىڭ ئۈستىمىزگە تاشلىدى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن چۈشۈۋاتقان ئوتلارنىڭ ئارىسىدا قېچىپ يۈرۈپ سېپىلنىڭ ئۈستىگە گىرانات تاشلىدۇق. قوناقلىقنىڭ ئارىسىدىكى پىلىموتچىلارمۇ ئورۇن يۆتكەپ سېپىلنىڭ ئۈستىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئوققا تۇتتى. شۇ ئەسنادا قورغاننىڭ ئىچىدىمۇ ئېتىشىش ئەۋج ئېلىپ كەتتى.

بىز شەرق تەرەپتىن ھۇجۇم باشلىغاندا، پىدائىلار شەپە چىقارماي سېپىلنىڭ جەنۇب تەرىپىگە ئۆتۈپ، سېپىلنىڭ ئۈستى ئارقىلىق ئىچىگە چۈشۈپ بولغانىكەن. «پىدائىلار» دېگىنىمىز ل. مۇتەللىپلەر قۇرغان تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى بولۇپ، بىز ئۇلارنى قورال بىلەن تەمىنلىگەنىدۇق. ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى تېخىمۇ ئۈستۈن ئىدى. شۇلاردىن يەتتە ـ سەككىز كىشى ل. مۇتەللىپ قاتارلىق ئىنقىلابچىلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تۈرمىنىڭ ئىشىكىگە يېقىن بارغاندا سېزىلىپ قېلىپ، باتۇرلارچە ئېلىشقان بولسىمۇ، ھەممىسى قۇربان بوپتۇ.

قورغاننىڭ ئىچىدىكى دۈشمەن بىردەك قوزغىلىپ مۇداپىئەنى كۈچەيتىۋالدى. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ھۇجۇمىمىز ئەنە شۇنداق نەتىجىسىز ئاياقلاشتى.

بىز ئەمدى پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ قورغانغا يەنە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن تەييارلىق كۆرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن كېچىلىرى كىچىك دائىرىدە ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەنگە پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇردۇق. بىر كۈنى ئۇرۇمچى تەرەپتىن بىر چوڭ ئايروپىلان كېلىپ سېپىلنىڭ ئىچىگە شار بىلەن نەرسە ـ كېرەك تاشلىماقچى بولدى. بىز ئايروپىلاننى پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئايروپىلان پەسلىيەلمەي شارنى ئېگىزدىن تاشلىدى. لېكىن بۇ شارلار دۈشمەن تەرەپكە چۈشمەي، سىرتقا چۈشتى. بىر قىسىملىرى بىز ئاتقان ئوق بىلەن ئوت تۇتۇشۇپ كۆيۈپ كەتتى. كېيىن ئۇقساق، دۈشمەن تەرەپكە ئاران ئۈچ شار چۈشۈپتۇ. تالاغا چۈشكەن شارنى تالىشىپ، ئىككى ئارىدا قاتتىق ئېلىشىش بولۇپ كەتتى. بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشكەن شاردىن مىلتىق، پىلىموت، ئوق ـ دورا، قان، مارلا قاتارلىق نەرسىلەر چىقتى. كېيىن ئاڭلىشىمىزچە، ئايروپىلان شارنى تاشلاپ بولۇپ، شايارنىڭ بىر يېرىگە بارغاندا چۈشۈپ كېتىپ ھالاك بوپتۇ. شۇ ئارىدا مۇنداق بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتتى:

دۈشمەن تەرەپتىن بىر مۇنچە ئۇيغۇر ئەسكەرلەر بىز تەرەپكە ئىشپىيونلۇققا چىقىپتۇ. بىز ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ، ھەم بىزنىڭ تەشۋىقاتىمىزنى قىلىپ قايتۇرۇۋەتتۇق. ئۇلار قايتىپ يەنە ئىككىنچى قېتىم ئىشپىيونلۇققا چىققانلىرىنى ئېيتىۋەتتۇق.

بىز قورغاندىكى ئۇرۇشتا 120 ئۇيغۇر ئەسكەرنى ئەسىر ئالغانلىقىمىزنى بايان قىلغانىدۇق. بىز ئۇلارنى «تاك» ئېتىپ چەكمىدۇق، بىزگە ئەسكەر بولۇشقىمۇ زورلىمىدۇق. بەلكى ئائىلە، يۇرتلىرىغا قايتىشقا يول قويغانىدۇق. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ نەپەر ئەبلەخ مۇشۇ قېتىمقى جەڭ ۋاقتىدا دۈشمەن تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ. ئەپسۇس، دۈشمەن ئۇلارغا ئىشەنمەي ئۈچىلىسىنى ئېتىۋېتىپتۇ. «بىئەقىللەر دۈشمىنى تۇتقان تاياقنى ماختىشۇر» دېگەندەك، بۇ ئۈچ ساتقۇن خوجايىنلىرىغا قىلغان خۇشامىتىنىڭ بەدىلىگە ئۇلاردىن «ئۆلۈم» ئاتلىق مۇكاپات ئاپتۇ.

بىز دۈشمەننىڭ تۇراق ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ئىشپىيونىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭدىن ھازىر قورغاننىڭ ئىچىدە ھاراق ـ شاراب ئىچىشىپ زىياپەت ئۆتكۈزۈلىۋاتقانلىقى، يېزىلاردىن ئۇيغۇر، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەت قىزلىرىنى تۇتۇپ كېلىپ، گومىنداڭ ئوفىتسىر ـ ئەسكەرلىرىگىچە ئەيش ـ ئىشرەتكە سۇنۇلغانلىقى، ھازىرنىڭ ئۆزىدە 20 نەپەر ئۇيغۇر ئەسكەر رازۋېتكىغا چىقىپ گۈلباغدا قىمار ئويناۋاتقانلىقى، يەنە بىر سوتكىدىن كېيىن بىزگە قارشى ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئىگىلىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قايسى ئوتتىلىنىيەگە ئايرىم ـ ئايرىم ۋەزىپە تاپشۇرۇلدى.

مەن 15 ئادەم بىلەن ئىشپىيون تۇراقنىڭ يول باشلىشىدا گۈلباغنىڭ قورۇق تېمىنىڭ يېنىغا بارغاندا ئارىمىزدىن بەش كىشىگە 25 سەردىن كۆمۈش تەڭگە بېرىپ، ئۇچىسىغا ئالما ئۇرۇقى چەكمەن، بېشىغا شاپاق دوپپا، پۇتىغا كۆن ئۆتۈك كىيدۈرۈپ، مەيدىلىرى ئوچۇق ھالدا قىمارۋاز قىياپىتىدە گۈلباغقا كىرگۈزدۈم. ئۆزۈم يەنە ئۈچ كىشى بىلەن گۈلباغنىڭ قەشقەر يولى تەرەپتىكى تامىنىڭ يېنىدا تۇردۇم. بىر ئازدىن كېيىن سېپىلنىڭ دەرۋازىسىدىن ئۈچ ئادەم ئاتلىق چىقىپ بىزگە يېقىنلاپ كەلدى ـ دە، بىزنى كۆرۈپلا ئارقىسىغا قاراپ قاچتى. بىز قوغلاپ ئۈچ ـ تۆت مېترچە ئارىلىق قالغاندا ئۇلارنى ئاپتومات بىلەن ئوققا تۇتتۇم. ئوقنىڭ تەگكىنى ئېنىق ئىدى، لېكىن ھېچ قايسى يىقىلمىدى. كەينىدىن بېرىپ ئىككى ئاتلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ، ئاتلىرىنى بۇراپ، شۇ يەردىكى قوناقلىققا ئېلىپ كىردۇق. دۈشمەن سېپىلنىڭ ئۈستىدىن بىزگە قارىتىپ ئوق چىقاردى. بىر چاغدا قارىسام، ھېلىقى ئۈچ ئادەمنىڭ ئىككىسى ئاللىقاچان ئۆلۈپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، يەنە بىرى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىكەن. يارىلانغان خويزۇ ئۇلارنىڭ يېنىدا خەت بارلىقىنى ئېيتتى ھەم خەتنى تەرجىمە قىلىپ بەردى. خەتتە قەشقەردىن ياردەمگە ئىككى مىڭ ئەسكەر سورىغانلىقى، ئەگەر ياردەم كەلمىسە بۇ يەرنى تاشلاپ قاچىدىغانلىقى يېزىلغانىكەن. خەتنى ئاباسوپنىڭ يېنىغا ئېلىپ

بارسام، ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ مېنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئۇلۇشۇپلا بىزنىڭ باغدا قالغان بەش ئادىمىمىز 20 نەپەر جاسۇسنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ كەپتۇ.

بىز ئىگىلىگەن ئەھۋالغا ئاساسەن بىر قانچە ئورۇنغا بۆلىنىپ دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا قارشى ھازىرلىق قىلدۇق. بىزنىڭ 30 كىشىلىك ئەترىتىمىز بۇتخانىنىڭ قېشىدىكى خۇمدانىنىڭ يېنىدا تۇردى. نەچچە كۈندىن بېرى چارچىغانلىقتىنمىكىن ئۇيقۇم كېلىپ كۆزۈمنى ئاچالماي قالدىم. ئەسكەرلەرگە: «دۈشمەن كەلگىچە بىر ئۇخلىۋالاي» دەپ قويۇپ ئۆزۈمنى يەرگە تاشلاپلا ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. تۈن كېچە سائەت ئۈچتە دۈشمەن بىزنى ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ يېقىن كەلگەندە ھەسەن پالتا ئىسىملىك بىر جەڭچى مېنى ئويغاتتى. مەن ئەسكەرلەرگە: «مېنىڭ بۇيرۇقۇمسىز ئوق چىقارماڭلار» دېدىم. بىز دۈشمەننىڭ يەنىمۇ يېقىن كېلىشىنى كۈتتۇق. شۇ ئارىلىقتا مۇھەممەت چوقۇر: «ئېگىزىنى ئاتايمۇ، پاكىرىنىمۇ؟» دېسە، يەنە بىرسى: «ئورۇقىنى ئاتايمۇ، سېمىزىنىمۇ؟» دېيىشىپ چاقچاق قىلىشتى. ئۇلارنىڭ روھى ھالىتى مېنىمۇ خۇشال قىلدى. 30 مېتىر ئارىلىق قالغاندا بىراقلا ئوت ئاچتۇق. ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ باشقا جايلاردىمۇ ئېتىشىش باشلاندى. دۈشمەننىڭ سانى كۆپ بولغاچقا، ئۆلۈپ تۇرسىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىۋەردى. ئاخىر قۇچاقلاشما جەڭ بولۇپ كەتتى. مىلتىقىمۇ ئېتىلىپ تۇردى. مېنىڭ قولۇمدا پىلىموت بولغاچقا ئۇنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئۇرۇشقىلى بولمايتتى. ئادەملىرىمىز ئارىلىشىپ كەتكەچكە پىلىموت ئىشلىتىشكە تېخىمۇ بولمايتتى. ئاخىر پىلىموتنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان جاي، يەنى دۈشمەنلەر قورشىۋالغان، بىزنىڭ ئاتلىرىمىز تۇرىدىغان جايغا قاراپ تۆۋەنلەپ مېڭىپ، دۈشمەننىڭ ئارىسىغا كىرىپ قاپتىمەن. دۈشمەننىڭ 10چە ئۇيغۇر ئەسكىرى قوغلاپ كېلىپ: «كۆتۈر قولۇڭنى!» دەپ ۋارقىرىدى. تەلىيىمگە بىر چولاق تامنىڭ• يېنىغا كېلىپ قالغانىكەنمەن، دەرھال دالدىغا ئۆتۈپ، پىلىموتنى ئىشقا سالدىم. 10 دۈشمەننىڭ ھەممىسى ئۆلدى. ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ مېڭىپ سەل نېرى بارسام، ئوسمان قارى 50 ئادەمنى باشلاپ دۆڭلۈكنى ئىگىلەشكە كېتىۋاتقانىكەن. ئۇلار شۇ يەرگە كېسىپ تاشلانغان دەرەخ شاخلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈۋاتقاندا دۈشمەننىڭ پىلىموتىغا دۇچ كېلىپ، ئوسمان قارى بىلەن قوشۇلۇپ 20 ئادىمىمىز قۇربان بولدى.

مەن باغدىن چىقماقچى بولۇۋاتسام، باغنىڭ نېرىسىدىكى قوغۇنلۇقنىڭ ئارىسى بىلەن ئاخۇنوپ ئۆمىلەپ كېلىۋاتقانىكەن. ئۇنىڭغا ئېتىلىۋاتقان ئوق شۇ قەدەر جىق ئىدىكى، قىر تەرەپتىكى شاپتۇلنىڭ شېخى خۇددى پىچاق بىلەن تەكشىلىگەندەك قىرقىلىپ كەتتى. مەن ئارقا دەرۋازىدىن چىقىشىمغا ئاخۇنوپمۇ يېتىپ كەلدى. دەل شۇ چاغ ئۇنىڭ سول يانپېشىغا ئوق تېگىپ يىقىلدى. شۇ ئەسنادا سۇلتان قاسىم كېلىپ قالدى، مەن ئۇنىڭغا: «بىر ئات ئېلىپ كەل» دېدىم. ئاتمۇ كەلدى، ئاتنى ياتقۇزۇپ ئاخۇنوپنى ئاتنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ سۇلتان قاسىم ئېلىپ كەتتى. مەن يەنە ئىلگىرىلەپ مېڭىپ بىر يەردە ئىسمائىل ئىگەرچى ئىسىملىك ئەسكىرىمىزنىڭ جەسىتىنى تونۇپ قالدىم. ئۇنى ھازىرچە ئېلىپ كېتىشكە بولمايتتى، قانداق قىلارىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. شۇئان ئەتراپتا ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە تاشلىنىپ قالغان قورالنى كۆرۈپ قالدىم. سەل نېرى بارسام بىر مۇنچە ئادەملەر (بۇلار شۇ يەرلىك خەلق بولۇپ، بىز قورال تارقىتىپ بەرگەنىدۇق) قوراللىرىنى تاشلىۋېتىپ، ئۆزلىرى خۇمدانغا چۈشۈپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. ئۇلارنى كۆرۈپلا جۇدۇنۇم تۇتۇپ تىللاپ كەتتىم. ئاخىرى ئۇلارغا قوراللىرىنى يەنە تۇتقۇزۇپ، بىزنىڭ ئاتلار تۇرىدىغان يەرگە كەلسەم، ھېچنېمە يوق. ئەسلىدە بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئاتلارنى يېتىلەپ كەتكەنىكەن. بىز ئۇ يەردىن ئۆتۈپ «لەنگەر» دېگەن يەرگە كەلسەك، سوپاخۇن ئاكا ناسىروپقا ئاچچىقلاپ:

—سەن نېمىشقا چېكىنىسەن؟— دەپ ۋارقىراۋاتقانىكەن. ئەسلىدە ناسىروپ بىر روتا ئەسكەر بىلەن قورغاننىڭ غەرب تەرىپىگە قويۇلغانىكەن، ناسىروپلار ئۇ يەردە چىداپ تۇرالماي چېكىنىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ بىزنىڭ بىردىن ـ بىر قاتناش قورالىمىز بولغان ئاتلارنى يوقىتىشى ئۈچۈن تېز ئىلگىرىلىشىگە يول ئېچىلىپ قالغانىكەن. ھېلىمۇ ياخشى، ئاتلار يۆتكەپ كېتىلىپ ئامان قاپتۇ. بىز ئەگەر ئاتتىن ئايرىلساق يامان كۈنگە قالغان بولاتتۇق. بىر چاغدا دۈشمەن چېكىنىپ، ئۇرۇش توختىدى.

بىز ئەمدى قورغانغا ئاخىرقى ھۇجۇمنى باشلاش توغرىسىدا جىددى ھازىرلىق قىلىشقا باشلىدۇق. كونكرېت ئىشلار مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلدى: ئاۋۋال ھەممىمىز قەسەمىيات قىلدۇق، ئاندىن شەھەر خەلقىگە تەشۋىق قىلىپ يەتتە ـ سەككىز مېتىر ئۇزۇنلۇقتا شوتا ياساتتۇق. شوتىلارنىڭ ئومۇمى سانى زادى قانچە، بۇ ماڭا ئېنىق ئەمەس، پەقەت بىزنىڭ ئەترەتكىلا 30غا يېقىن شوتا بېرىلدى. بۇنىڭغا كەرىموپ ئۆمەرجان مەسئۇل بولدى. سېپىل پارتلىتىلىپ كىرىشكە يول ئېچىلغاندىن كېيىن قورغانغا بۆسۈپ كىرىشكە بىر گۇرۇپپا تەشكىللىنىپ، ئۇنىڭغا مەن (مۆمىن تالىپ)، مۇھەممەت قاۋان، مۇھەممەت چوقۇرلار مەسئۇل بولدى. قوغلىغۇچىلار گۇرۇپپىسىغا تۇراق ئىسمائىل، تۇراق ئوسمان، ئەمەت مەشۇقلار مەسئۇل بولدى. ئۇنىڭدىن سىرت بىز قورغانغا ھۇجۇم باشلىغاندا ئۈچ ـ تۆت مىڭ شەھەر ئاھالىسى ماسلىشىپ چۇقان سېلىشىپ بەرمەكچى بولدى. بۇنىڭغا ئاياللار، ھەتتا ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۆزلىكىدىن

قوشۇلۇپ چوڭ بىر دولقۇن كۆتۈرۈلدى. تەييارلىقىمىز پۈتتى، پەقەت بۇيرۇق كۈتۈپلا تۇرغانىدۇق. نەق قايسى كۈنى ئىكەنلىكى ئېسىمدە قالماپتۇ، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى - ئۈچ بولغان چاغ ئىدى، تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش بولۇپ، ئابباسوپ بىزگە:

— غۇلجا باش قوماندانلىق شتابىدىن بۇيرۇق كەلدى، پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىنىدىكەنمىز! — دەپ ئۇقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن جەڭچىلەر قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ، غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. جەڭچىلەر: «بىز قايتمايمىز!»، «ئۆلسەكمۇ قايتمايمىز!» دېيىشىپ ئۇزاققىچە ۋارقىرىشىپ كەتتى. ئابباسوپ ستالىن، جياڭ جېشى، 11 بىتىم ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتنى تىلغا ئېلىپ كۆپ چۈشەندۈردى. شۇنداقتىمۇ جەڭچىلەر زادى قايىل ئەمەس ئىدى. پەقەت بۇيرۇققا ئامالسىز بويسۇنۇپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇق. چېكىنىپ جام، بوزدۆڭ دېگەن يەرگە كېلىپ 10 كۈنچە دەم ئالدۇق. شۇ ئارىلىقتا دۈشمەن تۈز ئاۋات دېگەن يەرگە 500 ئەسكەر يۆتكەپ كەلدى. بىز قېيىنلىق دېگەن يەردە قونۇپ، ئەتىسى مېڭىشقا سىگنال چېلىنغاندا، دۈشمەننىڭ ئالتە - يەتتە مىڭچە ئەسكىرى يېتىپ كېلىپ، بىزنى قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. مەن يەتتە كىشى بىلەن بىر تاشنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋېلىپ دۈشمەنگە ئوت ئېچىپ تۇردۇق. بىزنىڭ قوشۇن تۇغبەلچە دېگەن يەرگە چېكىندى. ئارقىدىن بىزمۇ تەدرىجى چېكىندۇق. ئوت كەتكەن تېرەك دېگەن يەرگە كەلسەك، بىزنىڭكىلەر بىزگە ئۈچ تاغار گۈرۈچ تاشلاپ قويۇپ كەتكەنىكەن، شۇ گۈرۈچنى ئاتقا ئارتىۋاتساق، دۈشمەننىڭ 30 ئۇيغۇر ئەسكىرى كېلىپ:

— بىزنىڭ ئەسكەرلەر نەدە؟ — دەپ سورىدى. بىز ئۇلارغا:

— سىلەرنىڭ ئەسكەرلەر «دۈشمەن»نى قوغلاپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردۇق. ئۇلار ئالدىنىپ مېڭىپ بىزنىڭ قوشۇنغا يېقىن بارغاندا ھەممىسىنى تۇتۇۋاپتۇ. بىز بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر مېڭىپ بىر يەرگە كەلسەك، بىزنىڭ موڭغۇل ئەسكەرلەر دۈشمەن بىلەن ئېتىشىۋاتقانىكەن. كېلىپلا بىزمۇ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمەننى چېكىندۇرگەندىن كېيىن ئالدىمىزدا كەتكەن قوشۇنغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن يۈرۈشنى تېزلىتىپ، تۇغبەلچە دېگەن دەريانىڭ ئارىلىقىدىكى قىستاڭغا كەلسەك، سوپاخۇن ئاكا يولنىڭ ئۈستىگە ئىككى ئەدىيالنى يېيىپ، ئۆتۈۋاتقان ئەسكەرلەرگە قاراپ:

— يېنىڭلاردا بىر تال ئوق بولسىمۇ، ئىككى تال ئوق بولسىمۇ ماڭا تاشلاپ، ئۆزۈڭلار تېز مېڭىپ مۇز داۋاندىن ئېشىپ كېتىڭلار. مەن مۇشۇ يەردە يالغۇز قېلىپ سوقۇش قىلىمەن! — دەپ بىر - بىردىن ئوق يىغىۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر بىر غەزەپ چىقىپ تۇراتتى. بىز ئۇنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە قىيماي:

— نېمە بولساق بىللە بولايلى! — دەپ، 20 پىلىموتچىكنى ئايرىپ سوپاخۇن ئاكا بىلەن قالدۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي قىيا - چىيا قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. دۆڭگە چىقىپ قارىساق، دۈشمەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ كېلىشىۋاتقانىكەن. مۆلچەرىمچە دۈشمەن ئۈچ مىڭچە بار ئىدى. ئۇلار يېقىنلاپ 50 مېتر ئارىلىق قالغاندا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ھەممە پىلىموت ئىشقا چۈشتى. 40 مىنۇتچە ئېتىشقاندىن كېيىن ساينىڭ ئىچىدە ئۆرە تۇرغان ئادەم قالمىدى. ئۇلارنىڭ قانچىسى ئۆلۈپ، قانچىسى يارىلاندى، قاچقانلىرى قانچە، بۇنىسى بىزگە ئېنىق ئەمەس. بىز تۇغبەلچىگە چېكىنىپ، ئوقى تۈگىگەنلەرنى يولغا سېلىۋېتىپ، بىر قىسمىمىز مۇداپىئەدە تۇردۇق. ئادىمىمىز ئاز بولغاچقا بىر يەرگە توپلاشماي تارىلىپ تۇرغانىدۇق. دۈشمەن يەنە ھۇجۇم قىلدى. سائەت 9دىن 12 گىچە ئېتىشقاندىن كېيىن ئۇرۇش توختىدى. قارىسام ئەتراپىمدا ئادەم يوق.

— ئادەم بارمۇ؟ — دەپ توۋلىدىم، جاۋاب بولمىدى.

— يارىدار بارمۇ؟ — دەپ يەنە توۋلىسام، سەل نېرىدىن بوش ئاۋاز ئاڭلاندى. بارسام بىر ئادىمىمىزنىڭ يانپېشىغا ئوق تەگكەنىكەن. ئۇ ماڭالمايتتى، ئاتنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرۈپ مېڭىپ، مۇز داۋاندا قوشۇنغا يېتىشتۇق. دەم ئېلىپ ئولتۇرغاندا ئابباسوپ مېنىڭ ھارغىن چىرايىمغا قاراپ قويۇپ:

— مۆمىن تالىپ، ئۆزۈڭنى دۈشمەنگە نېمە ئۈنچە ئۇرۇپ كېتىسەن؟ — دەپ سوراپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا:

— سىز دۈشمەنگە قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىسىز، مەندە ئۇنداق ئىقتىدار يوق. مەن ئوق بىلەن ھۇجۇم قىلىمەن. مېنىڭ يۈرىكىمدە زۇلۇم، تەڭسىزلىككە قارشى يېنىپ تۇرغان بىر پارچە ئوت بار. ئۇنى بىر ئوق تېگىپ ئۆچۈرسە ئۆچۈرىدۇكى، باشقا ھېچقانداق نەرسە ئۆچۈرەلمەيدۇ! — دېدىم. ئاببسوپ كۈلۈپ قويدى.

ھەيرانمەن، مېنىڭ ئۇچامدىكى كىيىمگە 27 يەردىن ئوق تېگىپ، بەزىسى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ، بەزىلىرى سۈرۈپ ئۆتتى. ئەگەر شۇ ئوقلارنىڭ بىرەرسى بىر ياكى ئىككى سانتىمېتىر ئىچكىرى - پەس بولغان بولسا جاندىن ئايرىلغان بولاتتىم. بۇ ماڭا كەلگەن ئامەتمۇ؟ ياكى كېيىنكى كۆرگۈلۈكۈم ئۈچۈنمۇ؟ بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ ئىدى.

ئۇرۇش توختىدى. پۈتۈن شىنجاڭنى تولۇق ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغان كەڭ كۆلەملىك ھەربى يۈرۈشنىڭ بىر فىرونتى بولغان جەنۇبىي فىرونتتىكى جەڭگىۋار يۈرۈش ئەنە شۇنداق ئاياقلاشتى...

# قەلب چوقانلىرى



(ئەدەبىي خاتىرە)

**ھۆرلىقا ئابدۇرېشىت**

1996 ـ يىلى ئىيۇل ئايلىرىنىڭ باشلىرى. ئەتىگەندىلا ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلىغانىدى. گۇلدۇرماما پات ـ پاتلا گۇلدۇرلەيتتى. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بۈگۈنكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن تولىمۇ غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، يېنىمدا كېتىۋاتقان خىزمەتدىشىمدىن سورىدىم:

— نېمىشقا بالا يىغقىلى چىقىمىز؟ ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنى ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرى مەكتەپكە ئەكىلىپ بېرىشى كېرەك ئىدىغۇ؟

مائارىپ سېپىدە 20 يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلغان خىزمەتدىشىم، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى سۆزۈمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— بىز بالىلارنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا خىزمەت ئىشلىمىسەك، ئۇلار پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بەرمەيدۇ، بەردى دېگەندىمۇ ناھايىتى ئاز ساندىكىلەر بېرىدۇ.

— 50ـ، 60 ـ يىللاردىغۇ مۇئەللىملەر ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، بالىلارنى يىغىپ ئەكىلىپ، ئوقۇتىدىكەن، دەپ كونىلاردىن ئاڭلايتتىم، لېكىن ھازىر قانچىنچى يىل، قايسى ئەسىر، قانداق دەۋر؟ ئاز كەم يېرىم ئەسىر كېيىنمۇ يەنە بۇنداق ئىشلار تەكرارلانسا قانداق بولغىنى؟ جاھاننىڭ تەرەققىياتىدىن ئاتا ـ ئانىلار بىخەۋەرمىكىنە؟ ئۇلار ئەتراپلىرىدا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، باشقىلارنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرمەيۋاتامدىكىنە؟ پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ئويلىمامدىكىنە؟ قاچانغىچە يېزىمىزنىڭ دېھقانلىرى نامراتلىقتىن، قاششاقلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن؛ شەھەرلىرىمىزنىڭ مۇتتەۋەرلىرى، زىيالىيلىرى باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەپ، كونا مۇقاملارنى تووۋلاۋېرىشتىن قۇتۇلالمايمىز؟!

سۆزلىگەنسېرى قېنىم قىزىپ قايناپ كەتتىم. پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ:

— ئۇكام، سىز تېخى ياش، بۇ ئىشلارنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيسىز. غەلىتە ئىشلارنى ھېلى باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بارغاندا كۆرىسىز. ئاڭلىمىغان سېسىق گەپلەرنى ئاڭلايسىز. ئۆتكەن يىلى سېنتەبىرنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، — ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن چېكىنگەن ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپ قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى تەشكىللىگەن ئۆمەككە قوشۇلۇپ ئاۋات يېزىسىغا باردۇق. بۇ يېزىدا 95ـ، 96 ـ يىل ئىچىدە مەكتەپتىن ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئوقۇشتىن توختاپ قالغان ئوقۇغۇچى 44 نەپەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇشتىن توختاپ قالغىنىغا ئالدىغا بىر يىل، كەينىگە بىرنەچچە كۈن بولغان، يەتتە ياشتىن 12 ياشقىچە بولغان نارەسىدىلەر ئىكەن. بىز يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن سۆزلىشىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇللىرى، كەنت ۋە گۇرۇپپىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك كادىرلىرى، مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ خادىملىرى، مەكتەپ مۇدىرلىرى بولۇپ 30دەك ئادەم ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ «مائارىپ قانۇنى»، «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى» ۋە شەھەرلىك، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بەلگىلىمە ـ ھۆججەتلىرىنى ئوقۇپ چۈشەندۈرۈپ، خىزمەت ئىشلەپ، ئاتا ـ ئانىلارنى بالىلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتىشكە قايىل قىلدۇق. دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئوقۇشتىن چېكىندۈرۈپ كېتىشىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق ئىدى.

بىز شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاۋات يېزىسىنىڭ مىنكۇنگەر كەنتىدىكى بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمىزدا ئۇ ئۆيدە بار ئىكەن. بىزنى كۆرۈپ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. بىز ئۇنىڭغا كېلىش مۇددىئايىمىزنى ئېيتقىنىمىزدا، بۇ يىل باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇيدىغان

10 ياشلىق ئوغلىنى مەكتەپكە ئەۋەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. يېزا باشلىقى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ «توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنىنى يولغا قويۇش تەدبىرلىرى»نى ئوقۇپ، پەرزەنتلىرىنى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن مەكتەپتىن قالدۇرغانلارنىڭ بەش مو ئۈنۈملۈك يېرىنى ئېلىۋېلىش چارىسى قوللىنىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ھېلىقى ئادەم قېتىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى:

— ھېلىغۇ بەش مو يەر ئىكەن، 28 مو يېرىمنىڭ ھەممىنى ئېلىۋېلىشىمۇ ئوغلۇمنى مەكتەپكە بەرمەيمەن، — دېدى ئۇ. ئارىمىزدىن بىرەيلەن:

— ئۇنداقتا سۇنى بەرمەيمىز، — دېۋىدى، ئۇ يەنە:

— يەر بولمىغاندىكىن ماڭا سۇنىڭ نېمە كېرىكى؟ — دېدى مەسخىرىلىك قىلىپ.

— ئەگەر يەنە مۇشۇنداق تەتۈرلۈك قىلىپ بالىڭىزنى مەكتەپكە ئەۋەتمەيدىكەنسىز، توك سىملىرىڭىزنىمۇ كېسىۋېتىمىز، — دېدى يېزا باشلىقى تەھدىت تەلەپپۇزىدا. ئۇ ئالدىن ئويلاپ قويغاندەك:

— رەھمەت ھەر قايسىلىرىغا، توك بولمىغاندىمۇ قارا چىراغنى ياندۇرۇپ ئولتۇرىۋەرگەن خەق بىز. ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ توك چىراغ ياندۇرماي ئۆتۈپتىكەنغۇ، — دېدى زادىلا مەنسىتمىگەن ھالدا.

ھەممىمىز ئۇنىڭ زۇلمەتلىك روھىي دۇنياسىغا قاراپ ئېچىندۇق. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، قوتاندا، تاغدا بولۇپ جەمئىي 150تەك چوڭ - كىچىك چارۋىسى بولۇپ، بۇلارنى باقىدىغانغا بالىسى بولمىسا بولمايمىش. بۇ ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كۆرگىنىمىزدە، پۈتۈن ئائىلىدە سەككىز ئادەم بولۇپ، مۇشۇ بالىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئوقۇمىغان ياكى ئوقۇغان بولسىمۇ ساۋادىنى چالا - بۇلا چىقىرىپلا بولدى قىلغانلار ئىكەن. پۇل بولسىلا ئوقۇمىسىمۇ بولارمىش. 150 تۇياق مالنىڭ گۆشىمۇ، يۇڭىمۇ، تېرىسىمۇ، ئۈچەي - قارنىمۇ، چىچقان پوقىمۇ، ئىشقىلىپ ھەممە نېمىسى پۇل ئىمىش.

يۇقىرىقىلارنى ئاڭلاپ قايسى بىر ماتېرىيالدا كۆرگەن مۇنۇ بايانلار دەرھال يادىمغا كەچتى: ياپونىيىلىكلەر مۇنداق قارايدۇ: مائارىپ بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. ياپونىيە ئىگىلىكىنىڭ كەسكىن خەلقئارا رىقابەتتە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتەلىشى دەل ئۇنىڭ مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن بولغان. ھازىر ياپونىيىدە مەملىكەت بويىچە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇش يېشىدىكى ياشلار 98 پىرسەنتكە يېتىپ، دۇنيا بويىچە 1 - ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

دۇنيادىكى مىللەتلەر ئىچىدە يەھۇدىيلارغا ئوخشاش قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەت چېكىپ تۇرۇپ، يەنە ئۆزىنىڭ مىللىي خاسلىقى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغان مىللەت ئاز ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ بىر سەۋەبى شۇكى، يەھۇدىيلارنىڭ ئېسىل مائارىپ ئەنئەنىسى بار. ئۇلار مائارىپ ئىشلىرىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ دۆلىتى ئىسرائىلىيە ھەم قەدىمىي، ھەم ياش دۆلەت. ئۇنىڭ نوپۇسىمۇ كۆپ ئەمەس. ئىسرائىلىيىدە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئاددى ئۆيلەردە قىسىلىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى ھەممە يەردە كۆرگىلى بولىدۇ. لېكىن مەملىكەت بويىچە چوڭ - كىچىك 120 مۇزېي ۋە ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر بولسا كۆركەم، ئازادە، ئېسىل بىنالارغا جايلاشقان. ئىسرائىلىيىلىكلەر دائىم: «بىزنىڭ بايلىقىمىز مېڭىمىزدە» دېيىشىدۇ. مائارىپ ئىسرائىلىيىنىڭ ئاساسلىق كەسپى. ئىقتىساس ئىگىلىرى ئىسرائىلىيىنىڭ ئاساسلىق بايلىقى... مانا بۇ ئۇلارنىڭ دۆلەتنى ئۇزاق مۇددەت راۋاجلاندۇرۇشتىكى تۈپ ستراتېگىيىسى. شۇڭا ئۇلار مائارىپقا تايىنىش، ئىقتىساس ئىگىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى يېتىشتۈرۈش، قىيىن شارائىتتا ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىش يولىنى تاللىغان. 1948 - يىلى ئىسرائىلىيە قۇرۇلغاندا ئەڭ ئاۋۋال ئېلان قىلىنغان قانۇن «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى» بولۇپ، ھۆكۈمەت مەملىكەت دائىرىسىدە مەجبۇرىي مائارىپنى يولغا قويۇشنى قانۇندا 1 - قېتىم بەلگىلىگەن. دۇنيا يېقىنقى زامان تارىخىدا يەھۇدىيلار ئىچىدىن ھايتى، مېندېرسون، بېستخوۋېن، ماركس، پىكاسو، چايمىنخوۋ، فىروئىد، چابلىن، ئېينىشتېين... قاتارلىق بىر تۈركۈم ئۇلۇغ، مەشھۇر زاتلار بارلىققا كەلدى. ئۇلار دۇنيا ئىدىئولوگىيە ۋە پەن - تېخنىكا ساھەسىگە بۇرۇلۇش خاراكتېرلىق تۆھپە قوشتى. ب د ت مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ 1993 - يىلدىكى سانلىق مەلۇماتىدىن قارىغاندا، دۇنيا بويىچە ئالىي مائارىپ راۋاجلانغان ئامېرىكىدا قورامىغا يەتكەن ياشلار ئىچىدە ئالىي مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %60كە يەتكەن. لېكىن ئىسرائىلىيىدە %75كە يېتىدىكەن. دەل مۇشۇنداق تەرەققىي قىلغان مائارىپ ئىسرائىلىيىنى باشقا ئەللەر ھەۋەس قىلىدىغان دۆلەتكە ئايلاندۇرغان...

گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ، كوچىلىرى بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان، ئاھالىسىنىڭ %80ى سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «بوستان» كەنتىنىڭ 2 - گۇرۇپپىسىغا كېلىپ قالغىنىمىزنى

ئۈيماي قاپتۇق. بىز دەل ئېرىدىكى ئۈژمە دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئويناۋاتقان بىر توپ بالىلارنىڭ ئىچىدىن مەكتىپىمىزنىڭ 4 - يىللىق «ب» سىنىپىدا ئوقۇيدىغان ئېلىجان دېگەن ئوقۇغۇچىنى چاقىرىپ قولىمىزدىكى تىزىملىكنى كۆرسەتتۇق. ئۇ تىزىملىككە بىر قاراپ چىققاندىن بىز ئىزدەۋاتقان قىزنى تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بىزنى باشلاپ ماڭدى. دەرۋازىنى ئالاھەزەل بەش مىنۇتلارچە ئۇرغاندىن كېيىن 10 ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزچاق دەرۋازىنى ئاچتى. (بىز ئىزدىگەن قىز شۇ ئىدى.) بىز مەكتەپنىڭ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى مەكتەپكە تىزىملىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى قىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئەتىدىن قالماي مەكتەپكە بېرىشىنى ئېيتىپ قايتتۇق ۋە شۇنچە سۈرۈشتۈرۈپمۇ تىزىملىكتىكى قالغان بالىلارنىڭ ئۆيىنى تاپالماي يېرىم كۆڭلۈك خىزمىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇردۇق. چۈشتىن كېيىنكى خىزمىتىمىز جاپالىق بولدى. سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. بىز تىزىملىكتىكى بالىلارنىڭ ئۆيىنى تاپالماي كۆنچى دەرياسى بويىدىكى مەھەللىگە چىقىپ قالدۇق. بىز سەل نېرىراقتا ئويناۋاتقان بىر توپ ئۇيغۇر بالىلىرىنى كۆرۈپ، شۇلاردىن سوراپ باقماقچى بولدۇق.

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ — سورىدىم يېشى چوڭراق بىر قىزدىن ئېگىشىپ تۇرۇپ. ئۇ بىزدىن خۇددى تاشقى پلانېتا ئادەملىرىدىن ئۈركىگەندەك ئۈركۈپ:

— يەتتە ياشقا، — دېدى ئارانلا ئاڭلانغۇدەك قىلىپ.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— پاتى.

بىز تىزىملىككە قارىدۇق. تىزىملىكتە «پاتى» ئىسىملىك بۇنداق قىز يوق ئىدى. ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەزان توۋلاپ قويغان ئىسمى پاتىگۈل، پاتىمە، پاتىخە ياكى پاتەم بولغىيدى. لېكىن تىزىملىكتە بۇنداق ئىسىملارنىڭ بىرەرسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بىز يەنە تىزىملىكتىكى ئىسىملارنى بىرمۇ - بىر ئوقۇپ بەردۇق. ئۇ قىز:

— بىزنىڭ مەھەللىدە بۇنداق بالىلار يوق، — دەپ ھەمراھلىرىنى باشلاپ يۈگۈرگىنىچە قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى - دە، دەرۋازىنى ئىچىدىن تاقىۋالدى. يامغۇرنىڭ شارقىراپ يېغىشى بۈگۈنكى خىزمىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇستىبېشىمىز چىلىق - چىلىق ھۆل، قورساقلىرىمىز كولدۇرلاپ قالغان بولۇپ، بۈگۈنكى جاپالىق خىزمەت بىزنى خېلىلا ھالسىرىتىپ قويدى. يولدا كېلىۋېتىپ خىزمەتدىشىم بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق:

— پەرزەنتلەرنىڭ مۇنداق چوڭ بولۇشىدا ئاتا - ئانىلارنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى ناھايىتى ئېغىر، — دېدىم مەن.

— ئەلۋەتتە، — دەپ سۆزۈمنى قۇۋۋەتلىدى خىزمەتدىشىم. مەن بۇ ئەدەبىي خاتىرىنى يېزىۋاتقىنىمدا ماڭا تېخىمۇ قاتتىق تەسىر قىلغان مۇنداق بىر ئىش تۇساتتىن ئېسىمگە كېلىپ قالدى: بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى چارباغ يېزىسىنىڭ سايباغ كەنتىدە چولپانخان ئىسىملىك بىر تۇل ئايالنىڭ ھويلىسىدا ئىككى ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغانىدۇق. ھويلا دەرۋازىسىنىڭ سول تەرەپ بېقىنىدا ئىككى ئېغىزلىق قاراڭغۇ ھەم زەي ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭدا 45 ياشلار چامىسىدىكى «خې» فامىلىلىك بىر خەنزۇ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بىرسى تۆت ياش، يەنە بىرسى بەش چامىسىدىكى ئىككى قىزى بولۇپ، ئايالى ئىشلىمەي بالىلىرىنى باققاچ ئۆي ئىشلىرىنى قىلاتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بەكمۇ نامرات بولۇپ، ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنىگە ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلاتتى. ئۆي ئىچىگە قارايدىغان بولسىڭىز تۈزۈكرەك يوتقان، كۆرپە ۋە باشقا تۇرمۇشقا لازىملىق نەرسىلەر كۆرۈنمەيتتى. يەپ - ئىچىدىغانلىرىمۇ ئوماچ، كەسمە چۆپ دېگەندەك نەرسىلەر بولۇپ، گۆش، كۆكتات ئالىدىغانغا ئۇلارنىڭ قۇدرىتى يەتمەيتتى. ئەر ئەتىگەن چىقىپ كەتسە قاراڭغۇ چۈشكەندە پەيدا بولاتتى. ئۇ قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا ئىشلەيتتى. بىز ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ئىچىمىز ئاغرىپ، يېڭىلا ئەتتۇرۇپ تېخى ئىشلەتمىگەن بىر پارچە كىگىزنى ئەكىرىپ بەردۇق. ئۇلار ئەر - خوتۇن ئىككىسى كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ بىزگە قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتىشتى. بىرەر يىلدىن كېيىن بىز مەكتەپ قوروسىغا كۆچۈپ كېلىۋالدۇق. كېيىن ئۇنىڭ ئايالى «كۆنچى بازىرى»دا ئاشخانا ۋە سوغۇق ئىچىملىكلەر دۇكىنى ئاچتى. ئۆزى جاپالىق ئىشلەپ پۇل تېپىپ قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىكىگە ئايلاندى. ھازىر ئۇلارنىڭ چارباغدا كەڭ، ھەم ئازادە قورۇ جايى، ئاستىدا ياپونىيىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك موتسىكلىتى ۋە مەن ئىسمىنى بىلمەيدىغان ئېسىل كىچىك ماشىنىسى بار. ھەر يىلى بالا - چاقىلىرى بىلەن يۇرتىغا بېرىپ تۇغقانلىرىنى يوقلاپ تۇرىدۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپ:

— خې ئۇستام، سىز ھازىر چوڭ بايلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، خېلى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدىڭىز. بالىلىرىڭىزنى ئەمدى ئوقۇتمايسىزغۇ دەيمەن؟ — دېۋىدىم، ئۇ دەرھاللا:

— نېمە دەيدىغانسىز، ئوقۇمىغاننىڭ دەردىنى ئاپىسى بىلەن مەنلا تارتىپ ئۆتۈپ كېتەيلى. پۇل

تاپتۇق دېگەن بىلەن شۇ پۇلنىمۇ ماڭ ئۆلۈپ، ماڭ تىرىلىپ يامان تەستە تاپتۇق دەڭا. ئوقۇمىغان ئادەم پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ ياشايدىغان گەپكەن. ئۆمرۈم يار بەرسە، باللىرىمنى چەت ئەلگە چىقىرىپ ئوقۇتىمەن. باللارنى مانا مۇشۇنداق ئارزۇ بىلەن تەمىنلىگەندىلا ئاندىن ئاتا ـ ئانىلىق بۇرچىمىز ئادا بولغان بولىدۇ.

قاراڭ ئۇنىڭ ياشاش لوگىكىسىغا، مائارىپ ئېڭىغا! مەن بۇ يەردە ئۆزىمىزنى سۆكۈپ، باشقا مىللەت كىشىلىرىنى ئورۇنسىز ماختاۋاتقىنىم يوق. ھەر قانداق ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئىچكىرىلەپ بىلىش ئۈچۈن ئىنچىكىلەپ كۆزىتىش، تەكشۈرۈش، تەھلىل قىلىش كېرەك. مەن ئۆتكەن يىلى يازدا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن شەھىرىمىزنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان يۇخۇي چارۋىچىلىق فېرمىسىغا بېرىپ قالدىم. يول بويى پۈتۈنلەي بولۇق ئۆسكەن كېۋەزلىك بولۇپ، ئۇنىڭ چېكى كۆرۈنمەيتتى. ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىلا خەنزۇلار. ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن مەن فېرما باشلىقى قۇربان تەۋەككۈلدىن سورىدىم:

— ئېتىزدا بىر خەقتىن بىرەرسىمۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟

مېنىڭ سوئالىمنى ئاڭلىغان بۇ پېشقەدەم رەھبەر ئاچچىق بىر كۈلۈپ قويدى ـ دە، قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق ـ قاتتىق شوراپ مۇنداق دېدى:

— سىلى كۆرگەن ھېلىقى كېۋەزلىك يەرلەرنىڭ تولىسى بىز خەقنىڭ. ئۇلار قولىدىكى يەرلەرنى ئاشۇ خەنزۇلارغا 5 ـ 10 يىللىق بېرىۋېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا نوچى موتسىكلىتتىن بىرنى ئالىدۇ ـ دە، كوچىمۇ ـ كوچا، مەھەللىمۇ ـ مەھەللە چاپىدۇ. ئاشقان پۇللىرىغا خام ھاراقنى بولۇشىچە ئىچىپ، ئاشخانىدا تاماق يەپ دېگەندەك بىھۇدە بۇزۇپ چاچىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىر يىلغا بارار ـ بارمايلا پۇل ـ پۇچەكلىرىنى تۈگىتىشىپ، ھەتتا ئاستىدىكى موتسىكلىتلىرىنىمۇ سېتىپ خەجلەپ بولغاندىن كېيىن «ناسىۋال قاپاقتا نان بارمۇ» دەپ، ئەسكى تامنىڭ تۈۋىدە تۆشىنى ئاپتاپقا قاقلاپ ئولتۇرىدۇ شۇ. ئاخىرى ئۇمۇ بولماي ئۆزىنىڭ يېرىگە ئۆزى مەدىكار بولۇپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇنداق قاپاق نوچىلاردىن فېرمىمىزدا چامدامدا بىر ئۇچرايدۇ.

— بۇنداقلارغا قارىتا يەرنى ئۆزلىرى تېرىش ھەققىدە تەربىيە ئىشلىسەڭلار بولمامدۇ؟

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا، تەربىيە دېگەنمىچۇ، قۇلىقى يۇمشاق، مەسىلىگە ئاڭلىق قارايدىغان ئادەملەرگىلا سىڭىدىغان نەرسە ئوخشايدۇ. بۇنداقلارغا قىلىدىغان گەپ، سۆزلىمىگەن سىياسەت قالمىدى. ئامال قانچە، ئۇلارنىڭ بولار ئەھۋالى شۇ تۇرسا.

— مېنىڭچە يەرلىرىنى سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىنى بىھۇدە بۇزۇپ ـ چېچىپ ئىسراپ قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ ساۋاتسىزلارغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، ھەممىسى ساۋاتسىز ياكى چالا ساۋات قارا تۇركلەر. ئۇلار تېخى ئۆزلىرى ئوقۇمىغاننى ئاز دەپ باللىرىنىمۇ ئوقۇتۇشمايدۇ. ئۇلارنى ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا سالامدىكىن دېسە ئۇنداق ئەمەس. كىچىكلىرى توپىغا مىلىنىپ بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئويناۋاتقان، چوڭراقلىرى بىلبارت تاختىسىنىڭ قېشىدىن نېرى كەتمىگەن. بىز ئەلمىساقتىن تارتىپ پېشانىمىزگە قاشاقلىقنىڭ پولات تامغىسى بېسىلىپ كەتكەن خەق ئوخشايمىز. باشقىلار ئىككى قولىنىڭ كۈچىگە، ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ بېيىپ كېتىۋاتقان، بىز ئۆزىمىزنىڭ قولىدىكىنىمۇ ئەپلەپ بىر قىلالماي، باشقىلار قىلسا كۆرەلمەي ئىچىمىزگە تىنىپ يۈرۈۋاتقان—... ئۇ سۆزلىگەنسېرى پىغانى ئۆرلەپ، گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كېتىۋاتاتتى.

بوغدايلار راسا پىشىپ، ئورما باشلىنىپ كەتكەن بىر چاغ ئىدى. مەن X X يېزىسىغا چىقىپ بىر خىزمەتدىشىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم:

— سىنىڭ خىزمىتىڭ شەھەردە تۇرسا، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟

— نېمىش قىلاتتۇق، ئۆيمۇ ـ ئۆي كىرىپ دېھقانلارنى ئورمىغا تەشكىللەپ يۈرىمىز شۇ.

— ئۆزلىرى تېرىغان بۇغداينى سىلەر ھەيدىمىسەڭلارمۇ ئۆزلىرى ئورۇيدىغاندۇ؟

خىزمەتدىشىم كۈلۈپ كەتتى:

— جېنىم ئاداش، ئۇلار ئۆزلىرى شۇ ئىشنى ئاڭلىق ھالدا قىلىدىغان بولسا بىزنىڭ بۇ يەرگە چىقىشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى بار دەيسەن؟— دېدى مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ، — ئوبلاستلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «سۇن ۋۇكۇڭ» دېگەن بىر نېمىنى باشلىۋىدى، ئېتىزدا بۇغدىيىمىز پىشىپ تۆكۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ دېيىشمەي، بۇ خەقنىڭ ھەممىسى بالا ـ چاقىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۆيلىرىدە «سۇن ۋۇكۇڭ»غا مەستانە بولۇپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئۆزلىرى ئىشلىمىگەننى ئاز دەپ، بالا ـ چاقىلىرىنىمۇ ئېتىزغا چىقىرىشمايدۇ تېخى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. توۋا، ئالتە ئاي ياز ئىشلەپ، ئۇنىڭ ھوسۇلىنى يىغىۋالىدىغان چاغدا تېلېۋىزورغا چاپلىشىپ ئولتۇرغىنىنى ما خەقنىڭ!؟ دېھقان دېگەن يەر بىلەن كۆكلەيدىغان، يەردىن چىققان ئاشلىققا تايىنىپ جان باقىدىغان خەق تۇرسا، ئېتىزدا بۇغدايلىرى شامالنىڭ قارىسىنى كۆرەر ـ كۆرمەيلا شالدىرلاپ يەرگە قېقىلىپ چۈشىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا بىپەرۋا

يۈرىدىغاندۇ؟ بۇلار ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ «كۈندىن قالدىڭ، يىلدىن قالدىڭ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى بىلىشمەمدىكىنە؟ ھەي ھاماقەتلىك، ھەي بوشائلىق!

ئەتىسى خىزمەتدىشىم بىلەن ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى تىزىملاش ئۈچۈن «بوستان» ئىككىنچى مەھەللىسىگە ماڭدۇق. مەھەللىگە بىز كېلىشتىن بۇرۇن بىزنىڭ خەۋىرىمىز كېلىپ بولغان ئوخشايدۇ، بىز قايسى ئۆينىڭ ئىشىكىنى قاقساق ھويلا ئىچىدىن كېلىشىۋالغانەكلا: «بۇ يەردە ئوقۇيدىغان بالىلار يوق» دېگەن سوغۇق، بىزارلىق تۇيغۇسى ئىچىدىكى ئاۋازلارنى ئاڭلىدۇق. بۇ كۆڭۈلسىز مەنزىرىلەردىن ئەتىسىگەندىلا كۆڭلۈم چۈشۈپ يەۋالغانەك بولۇپ قالدى ۋە ئىلگىرى دادام سۆزلەپ بەرگەن مۇنداق بىر ۋەقە خىيالىمدىن كەچتى:

يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىسى چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا دەرسلىرىنى ئۆتۈپ بولۇپ، يىراق بىر دادۇيگە ئۆز سىنىپى ۋە يەنە بىر سىنىپتىكى مەكتەپكە كەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئەكىلىش ئۈچۈن بېرىپتۇ. بەزى ئاتا ـ ئانىلارنى بالىلىرىنى مەكتەپكە ماڭدۇرۇش ھەققىدە ماقۇل كەلتۈرگىچە كەچ بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ چاغلاردا ۋېلىسىپىت دېگەن نەرسە ناھايىتى قىس بولغاننىڭ ئۈستىگە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىمۇ تۆۋەن بولغاچقا، ۋېلىسىپىت ئېلىشقىمۇ چامىسى يەتمەيدىكەن. ھېلىقى ئوقۇتقۇچى ئاچ قورساق، ئاران ـ ئاران مېڭىپ كېلىۋاتسا كەينى تەرەپتىن بىر يار ـ يار ھارۋا يېتىپ كەپتۇدەك. مۇئەللىم دېھقاننىڭ ئۆزىنى ھارۋىغا سېلىۋېلىشنى ئېيتىپتۇ. دېھقان ماقۇل بوپتۇ. بىرەر ـ ئىككى يۈز مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن ھېلىقى دېھقان ئۆز ھەمراھىغا قاراپ:

— كادىر بالام، ئۆزلىرى نەدە ئىشلەيلىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ. مۇئەللىم دېھقاننىڭ سوئالىغا ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن:

— ھە، مېنى دەملا، مەن مۇشۇ گۇڭشىنىڭ ئوتتۇرا مەكتىپىدە بالا ئوقۇتىمەن، — دېيىشىگىلا، دېھقاننىڭ چىرايى ئۆزگۈپتۇ ـ دە:

— بۇ گەپچە سىلى ئەپەندى ئىكەنلىدە، — دەپ مۇئەللىمنىڭ كۆزىگە سوغۇق نەزەر بىلەن قادىلىپتۇ. مۇئەللىم:

— شۇنداق، مەن ئەپەندى، بالا ئوقۇتىمەن، — دېيىشىگىلا، دېھقان چىرايىنى ئۆزگەرتىپ:

— ھە، ئەپەندى دېگىن. چۈشە كۇسپۇرۇچ ھارۋامدىن! — دەپ ھېلىقى مۇئەللىمنى ھارۋىسىدىن چۈشۈرۈۋېتىپ كەتكەنىكەن.

بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، يەنە بەزى كىشىلىرىمىزنىڭ (بۇلار گەرچە كۆپ بولمىسىمۇ) «پۇل ئېگى» ھەممىنى بېسىپ چۈشكىدەك دەرىجىدە كۈچىيىپ، زىيالىلارنى، بولۇپمۇ جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ۋە ئاساسى قاتلىمى بولغان ئوقۇتقۇچىلار تەبىقىسىنى پەس كۆرىدىغان، ئۇلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان ئەھۋاللارنى پات ـ پات ئۇچرىتىش مۇمكىن. تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭ بىر مىسالى:

بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا، ئەتىگەندىلا ئۆينىڭ پارچە ـ پۇرات ئىشلىرىنى تۈگىتىۋېتىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىر جۈپ سىڭلىمنى يېتىلىگىنىمچە سودا بازىرىغا باردىم. ئالدىمىزدىكى بالىلار بايرىمىغا ئاتاپ سىڭىللىرىمغا بىر جۈپ كۆڭلەك ئېلىپ بېرىش ئارزۇيۇم بويىچە مال كۆرۈشكە باشلىدىم. ئىككى سىڭلىم تەڭلا تېگى ئاق، گۈللى قىزىل، يوپۇرماق ۋە يوپۇرماق بەرگىلىرى ياپيېشىل رەڭلەر بىلەن كۆركەملەشتۈ. رۈلگەن رەختتىن تىكىلگەن كۆڭلەكلەرگە قول ئۇزىتىپ:

— ھەدە، مۇشۇنى ئالايلىلا، بەك چىرايلىقىكەن، — دەپ چۇرقىراشتى. بىزنىڭ مال ئالماقچى بولغانلىقىمىزنى كۆرگەن سودىگەر يىگىت سىڭىللىرىم كۆرسەتكەن كۆڭلەكلەرنى ئىلغۇدىن ئېلىپ:

— بۇ قىزلار كىچىك بولغىنى بىلەن كۆزى مال تونۇيدىكەن. بۇ ئۆزى جىڭ گۋاڭجۇنىڭ مېلى، باھاسىمۇ مۇۋاپىق. ناۋادا ئالغۇلىرى بولسا كېلىشىپ قالىمىز. قېنى، كۆرۈشۈپ بېقىشسىلا، — دېدى ماڭا كۆزلىرىنى ئۇينىتىپ. مەن كۆڭلەكنى بىرەر قۇر ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ سىڭىللىرىمنىڭ بويىغا تەڭلەپ كۆرگەندىن كېيىن سودىگەر يىگىتتىن سورىدىم:

— قانچە پۇلغا بېرەرلا؟

— ئارزان، 85 كوي.

مەن ئۇنىڭ ئاددى بىر كۆڭلەككە شۇنچە يۇقىرى باھا قويۇۋاتقانلىقىغا قاراپ ئازراق ئاچچىقىم كېلىپ گەپ قىلماقچى بولدۇمىيۇ، ئالغۇچى بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ نەق گەپنىڭ ئۆزىنى ئېيتتىم:

— 35 كوي بېرەي.

— نېمە ئوتتۇز بەش كوي؟ — سودىگەر يىگىتنىڭ كۆزلىرى چېقىپ كېتەي دېدى ـ دە، ئاچچىقىدا كۆڭلەكنى قولۇمدىن يۇلۇپ ئېلىپ نېرىغا تاشلاپ قويۇپ سورىدى:

— سىلى مۇئەللىم ئوخشىمامىلا؟

ئۇ «مۇئەللىم» سۆزىنى سوزۇپ ۋە بىر خىل مەسخىرە تەلەپپۇزىدا ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن مەن كۆڭلۈمگە ئالماستىن، ئۇنىڭ مېنىڭ كەسپىمنى

قانداقلارچە بىلىۋالغانلىقىنىڭ سىرىنى چۈشەنمەكچى بولۇپ سورىدىم:

— تاپتىلا، مەن مۇئەللىم، شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپتە بالا ئوقۇتىمەن. مېنىڭ مۇئەللىم ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلىۋالدىلا؟

— ئوغاي، مۇشۇ ئەپەندى - مۇئەللىم دېگەنلەرچۇ، بىر موچەننىڭ تۆشۈكىدىن نەچچە ئۆتۈدىغان خەق. ئەللىك سانتى لاتا ئالسىمۇ باھا تالىشىپ ئادەمنى ئاۋارە قىلىشىدۇ. ئاڭلىشىمچە ئۇلارنىڭ مۇئاشى ئۆسۈپتىمىش. لېكىنزە يەنە چۈپەيلىكتىن قالمايدۇ. بولدى، مېنى تولا گەپكە سالماي باشقا دۇكانلارنىمۇ كۆرۈپ بېقىشسىلا.

ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئالدىدىكى كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىنى تۈزەشتۈرۈشكە باشلىدى. ئاچچىقىم كەلسىمۇ دېمىمنى ئىچىمگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدۇم. كۆڭلۈم غەش ھالدا ئۆيگە يېنىپ كېلىشنى ئويلىدىمىيۇ، ئاپامنىڭ «ئازراق گۆش ئالغاچ كېلەرسىز» دېگەن بۇيرۇتمىسى ئېسىمگە كېلىپ قاساپ بازىرىغا قاراپ يول ئالدىم.

گۆش كانارلىرىنىڭ ئالدىدا ئادەم كۆپ ئىدى. ئۆچرەت ماڭا كەلگەندە قاساپقا 10 كوي پۇلنى تەڭلىدىم ۋە بىر جىڭ گۆش بېرىشنى ئېيتتىم. قاساپ پۇلنى قولۇمدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئالدى - دە، سوراپ قالدى:

— ئۆزلىرى مۇئەللىم ئوخشىماملا؟

— شۇنداق، مەن مۇئەللىم، بالا ئوقۇتىمەن. قانداق دەيلا؟

— دەيمىنا ئەمدى، مۇشۇ مۇئەللىم خەقتىن باشقىسى بۇنداق چۈپەي ئوقەت قىلمايدۇ. بۇلار كېلىدۇ، ئالدىغىنى يېرىم كىلو، جىقراق بولسا بىرەر كىلو گۆش، ئادەمنى ئاۋارە قىلىپ.

ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ يېرىمى ئۇستىخان، يېرىمى ماي، يەنە بۆرەك بىلەن جىگەر قېتىلغان ئارىلاشما گۆش بىلەن ئاشقان پۇلنى قولۇمغا چاڭگاللىتىپ قويدى.

ئاچچىق مېڭەمگە تەپتى. ۋۇجۇدۇم غەزەپتىن ياپراقتەك تىترەشكە باشلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى ئاران - ئاران تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ياپما قاپاق ئاستىدىكى گۆشنىڭ قېنىدەك قىزىرىپ كەتكەن قىسىق كۆزلىرىگە بىگىزدەك قادالدىم - دە:

— شۇنداق، مەن مۇئەللىم، سىزدەك ئالدى - كەينىدىن ئون مىڭ ۋاتلىق لامپۇچكىنى تىقىپ ياندۇرۇپ، دۈمبىسىگە ئوتتۇز يەردىن قوزۇق قېقىپ ئۇنى تارتىۋېلىپ كۈن نۇرىغا قاقلىسىمۇ ئىچىگە يورۇق چۈشمەي، يەنىلا قاپقاراڭغۇ تۇرىدىغان قەلبى ئەمالارنىڭ قەلبىنى ئىلىم - مەرىپەت نۇرى بىلەن يورۇتقۇچىمەن! قانداق، مېنىڭ كەسپىم شەرەپلىكمىكەن؟ — دېدىم.

قاساپنىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىدا توختاپ، قولىدىكى پىچاق يەرگە «تاراڭڭىدە» چۈشۈپ كەتتى. پەمىمچە قاساپ ۋە ئەتراپتىكىلەر مېنىڭ بۇنداق دېيىشىمنى كۈتمىگەن بولسا كېرەك. تەرەپ - تەرەپتىن سىرلىق پىچىرلاشلار، ئېغىر ۋە ئىستېھزالىق ئۇھسىنىشلار، مەسخىرىلىك كۈلكىلەر ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مەن پەرۋاسىز ھالدا سىڭگىللىرىمنىڭ قوللىرىدىن تۇتقىنىمچە توپتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئۇدۇللا ئۆيگە يېنىپ كەلدىم ۋە كارۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلاپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم: ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلارغا شۇنچە سوغۇق، شۇنچە غەيرى مۇئامىلە قىلىشىدۇ؟ ئويلا - ئويلا ئاخىرى قايسىدۇر بىر مەشھۇر ئەربابنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىدىن ھەقىقىي ۋە ئەڭ توغرا جاۋابنى تاپتىم: ئۇلار «ئوقۇتقۇچىلار ئىنسانىيەت ئەقىل - پاراستىنىڭ جەۋھىرى بولغان ئىلىم - پەننىڭ ۋارىسى. ئادىمىزات ئەقىل بوستانلىقىنىڭ چەۋەر باغۋەنى، ئاقىللار ئىدراكزارلىقىنىڭ خاس ئىنژېنېرى. ئۇ بولمىسا نادانلىقنىڭ قۇم - بارخانلىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ، دۇنيانى قاراڭغۇلۇق ئۆز ئىلكىگە ئالىدۇ. ئۇ بولمىسا جاھالەت قۇرت - قوڭغۇزلىرى پۈتۈن كائىناتقا يامراپ، ئادەملەر ھەتتا ئۆز جىسمىدىكى قىپقىزىل قاننى شوراۋاتقان بۇ نىجىسلارنى يوقىتىشقىمۇ قۇربى يەتمەي ھالسىزلىق ئىلكىدە ئىڭرايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭسىز مىللەتنىڭ ھالى ئەبەدىل ئەبەت زەبۇندۇر» دېگەن بۇ دانا ھېكمەتلەردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز روھى نامرات بىچارە بەندىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئانىسىمۇ، دادىسىمۇ، جەددى جەمەتى ۋە ئۇرۇق - پۇشتىمۇ، جېنىمۇ، ھەتتا ئىمانىمۇ، ھەممە ۋە ھەممە نېمىسى پۇل! پۇل بولمىسا ئۇلار ئۆرە تۇرالمايدۇ، پۇل بولمىسا ئۇلار ياشىيالمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەممە نېمىنىڭ قىممىتىنى پۇل بىلەن ئۆلچەشكە ئادەتلەنگەن!

مەمۇرىيەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن پۈتۈن مەكتەپ بويىچە ھەر قايسى سىنىپلاردا ئاتا - ئانىلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىش قارار قىلىندى. مەن بۇ يىغىندا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ئەھۋاللارغا قاراپ، بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش يولىدىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك تۇيغۇسىنى ھېس قىلدىم. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى بىر ھەسرەت، ئۆكۈنۈش، تەئەججۇپ ۋە ئېچىنىش ئارىلاشقان غەيرى بىر خىل سېزىم ئىگىلىۋالدى. ھەتتا خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە «نېمە ئۈچۈن، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن بىر خىل ئىستېھزالىق سوئال ئىچىدە ياشىدىم.

مەن 5 - يىللىق «ب» سىنىپنىڭ قوشۇمچە سىنىپ مۇدىرى بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ كۈنى شۇ

سىنىپنىڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتىم. سىنىپ مەسئۇلى گۈلھەسەل ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ كېلىش ئەھۋالىنى يوقلىما قىلغاندىن كېيىن يىغىننىڭ كۈن تەرتىپىنى ئېلان قىلدى. توساتتىن 10 — 15كە يېقىن كىشى كەينى - كەينىدىن: «باشقا سىنىپلاردىمۇ بالىلىرىمىز بار ئىدى، كىرىپ مۇئەللىملەرگە كۆرۈنۈپ قويايلى» دېيىشىپ چىقىپ كېتىشتى. بۇ ئەھۋالدىن سىنىپ مەسئۇلى گۈلھەسەل بىلەن ئىككىمىز ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق. نېمە دېگۈلۈك؟ ئۇلار پەقەت پەرزەنتلىرىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ يوقلىمىسىدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈنلا كەلگەن تۇرسا؟

شۇندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ بەتتەرلىشىپ كەتتى. چۈشتىن بۇرۇن ئوقۇغۇچىلارغا يىغىن ئىنتىزامىنى ساقلاش توغرۇلۇق سىنىپ مەسئۇلى شۇنچە كۆپ ئىدىيىۋى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇغۇچىلار موكىدەك بىرسى كىرسە ئىككىسى چىقىپ دېگەندەك يىغىننىڭ تەرتىپىنى ساقلاش مۇمكىن بولماي قالدى. گۈلھەسەل مۇئەللىم ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كۆرمەكچى بولۇپ سەمەتجان ئىسىملىك ئوقۇغۇچىنىڭ دادىسىدىن:

— سىلى سەمەتجانغا ئائىلىدە قانداق تەربىيەت بېرىدىلا؟ قايسى جەھەتتىن تەربىيىنى كۈچەيتىسىلە؟
— دەپ سورىغاندا، ئۇ كىشى:

— گەپلىرىنى چۈشىنەلمىدىم، سىلى نېمە دېمەكچى؟— دەپ مۇئەللىمنىڭ كۆزىگە قارىدى. گۈلھەسەل بۇ كىشىدىن سورىماقچى بولغان سوئالىنى تېخىمۇ ئاممىباپ قىلىپ تەكرارلىغاندىن كېيىن ئۇ كىشى بىپەرۋا ھالەتتە:

— ھە، مۇنداق دېسىلە، بالا بىلەن ئائىلىدە ھېچقايسىمىزنىڭ كارى يوق، ئۆگىنىش قىلامدۇ، قىلمامدۇ، ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ ئولتۇرمايمىز. ئۇنىڭسىزمۇ ئۆيدىكى ئىش - كۈشلىرىمىز چاچتىن تولا، قايسى بىرسىگە يېتىشىپ بولىمىز دەيلا، — دەپ بىزنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى.

بالىلار ھاياتنى، تۇرمۇشنى ئەڭ دەسلەپىدە ئاتا - ئانىسىغا قاراپ چۈشىنىدۇ ۋە ئۆگىنىدۇ. مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ پۇشتىدىن تۆرەلگەن بالىلارنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى نېمە بىلەن باشلىنىپ، نېمە بىلەن ئاياغلىشار؟ ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە نېمىلەرنى قالدۇرار؟ ھورۇنلۇق، بوشاڭلىقنىمۇ ياكى قانائەت تۇيغۇسى بىلەن رەڭلەنگەن ئىرادىسىزلىكنىمۇ؟ ۋە ياكى بىغەملىككە ھامىلدار پەرۋاسىزلىقنىمۇ؟

يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيان مىللىتىمىز ئىچىدىن بىر قىسىم داڭلىق ياش ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر كەينى - كەينىدىن يېتىشىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ زور كەشپىيات ۋە نەتىجىلىرى بىلەن دۇنيا ئىلىم - پەن سەھنىسىدە ۋەتىنىمىز ۋە خەلقىمىز ئۈچۈن زور شان - شەرەپلەرنى كەلتۈرۈۋاتىدۇ. مۇنەۋۋەر ئىقتىساسلىق ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلىشىنى ئاتا - ئانا تەربىيىسىدىن، مەكتەپ تەربىيىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولامدۇ؟ ئاتا - ئانا بولغۇچىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەكتەپلەر بىلەن زىچ ماسلىشىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىسە، ئەل سۆيەر، مىللەت سۆيەر ئوغلانلار نېمىشقا كۆپلەپ چىقمىغۇدەك؟ بالىلار كەلگۈسىگە ئېسىل مېۋىلىرى بىلەن مەردانە جاۋاب بېرەلىگەندىلا، ئاتا - ئانا ئۆز بۇرچىنى ھەقىقىي ئادا قىلغان بولىدۇ!

## چۈچۈلا قەترىلەر

(نەسىر)

### رەيھان نۇر

سەن قاقاھلىتىپ كۈلدۈرگەن مىنۇتلاردا يۈرىكىمنى يۇنتۇرۇپ قويغانىدىم. قەلبىم چەكسىز ئازابقا تولغان ئاشۇ كۈنى ئۆزۈمنى قايتىدىن تېپىۋالدىم.

* * *

قەلبىمگە ئاققان خۇشاللىقتىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى، چۈنكى مەن ئانا بولغانىدىم. باغرىمغا مەھكەم چاپلىشىپ ياتقان سۆيۈملۈك قىزىمنىڭ چىرايلىق پېشانىسىگە، كىچىككىنە بۇدرۇق قوللىرىغا سۆيگىنىمدە، ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمگىلا مەنسۇپ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم.

* * *

كېچە ئاسمىنىدا ئۈزۈپ يۈرگەن ئايغا قاراپ ئىختىيارسىز خىيالغا چۆكتۈم. خىياللىرىم مېنى يىراققا، تولىمۇ يىراق بىر جايغا ئېلىپ كەتتى. بۇ جاي شۇنچە جىمجىت ۋە شۇنچىلىك سىرلىق بىر گۈزەللىك ئالىمى ئىدىكى، تاغ شامىلى مەيىن سۆيۈپ ئۆتكەن يۇمران مۇخلارنى ئاستا دەسسەپ كېتىۋېتىپ ئەتراپقا تەلمۈرەتتىم. ئىنتىزارلىقىم ھەسسىلەپ ئاشاتتى. قەلبىمدە ياشلىق ھېسسىياتلىرىم مەۋج ئۇرۇپ دولقۇنلايتتى. چۈنكى رەڭدار شەپەق قوينىدا ئۇ مېنى كۈتەتتى. ئۇنىڭ يىرىكىدىن تۆكۈلۈۋاتقان مۇڭلۇق ۋە يالقۇنلۇق بىر كۈي ماڭا شادلىق، ئاراملىق بەخش ئېتەتتى. مەن كۈلەتتىم. ئاشۇ نازۇك كۈيگە، يۈرەكنى تىترەتكۈچى يېشىل ئاھاڭغا جۆر بولاتتىم…



# بالكوندىكى بىر تەشنالىق گۈل

(ھېكايە)

ھۈسەيىن تاش

## 1

«ئېشەككە بېقىپ توقۇم ئال، ئانىسىغا بېقىپ خوتۇن ئال» دەيدىغان ماقال بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بولغۇسى قېيىنئانامنىڭ مەن بىلەن شۇنداق كۆرۈشكىسى بار ئىكەن. بىر نەچچە قېتىم خالىدەگە مەن بىلەن كۆرۈشكىسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. مېنىڭچە بولغاندا قېيىنئانام بىلەن كۆرۈشۈش ھازىرچە بالدۇرلۇق قىلاتتى. چۈنكى مېنىڭ خالىدە بىلەن ئارىلاشقىنىمغىمۇ ئۇزۇن بولمىدى. ھەتتا خالىدە ئائىلىسى ھەققىدە بىرەر نەرسە دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئىككىمىزنىڭ تونۇشۇش جەريانىمۇ بەك تەسادىپىي بولدى. مەن ماگىزىندا ئۇنىڭ پۇل قاپچۇقىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنى چاقىرىپ، قاپچۇقنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم. شۇ چاغدا ئۇ ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ، تولىمۇ ھېسسىياتلىق قىلىپ:

— رەھمەت، سىز بەك ياخشى يىگىت ئىكەنسىز، — دېدى.

— بۇندىن كېيىن ئارىلىشىپ ئۆتەيلى، — دەپ ئىسىم كارتوچكامنى ئۇنىڭغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن بەردىم.

شۇ كۈندىن باشلاپ بىز پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بولدۇق. ئۇ تولىمۇ ئەقىللىق قىز ئىكەن. مەن ئۇنىڭ تېلېفوندىكى يېقىملىق ئاۋازىنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ھەر بىر جۈملە سۆزلىرىدە ماڭا بولغان يېقىنچىلىق ئالامەتلىرى بالقىيتتى.

— بىلەمسىز، ھازىر قايسى دەۋر؟ ئۇنچىلىك مۇتەئەسسىپ بولۇپ كەتمەڭ. ئانامنىڭ سىز بىلەن شۇنداق كۆرۈشكىسى بار ئىكەن، — دەيتتى ئۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى يەنىلا يېقىملىق ئىدى. ئانىسى بىلەن كۆرۈشمىسەم مەندىن رەنجىيدىغاندەك قىلاتتى. مەن ئېرىندىم. چۈنكى مەن ئادەم، ئادەم بولغاندىمۇ ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ياپياش يىگىت. ئەر تۇرۇپ نېمىدىن ئەنسىرەيتتىم؟ ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدىم.

خالىدەنىڭ ئۆيى شەھەر مەركىزىدىكى ئاۋات كوچىنىڭ دوقمۇشىغا جايلاشقان ئىككى قەۋەتلىك بىنادا بولۇپ، ئەينەكسىز بالكونى چوڭ كوچىغا قاراپ تۇرىدىكەن. خالىدە مېنى ئىككىنچى قەۋەتتىكى سۈت رەڭدە سىرلانغان ئىشىك ئالدىغا باشلاپ چىقتى. ئۆي ئىچىدىن سوزۇپ ئېيتىلغان مۇڭلۇق ناخشا ئاڭلىنىپ تۇراتتۇق. خالىدە ئىشىكنى يەڭگىل چەكتى.

— كىرىڭ.

خالىدە مېنى ئۇدۇلدىكى ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۆي ئىچى ھېچقانچە بېزەلمىگەن بولسىمۇ، يەرگە سېلىنغان ئوتتاشتەك قىپقىزىل خوتەن گىلىمى، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان قارا ئۈستەلنىڭ ئەتراپىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇق، دېرىزە يېنىغا قويۇلغان لۈم - لۈم كارۋات ئۈستىگە ئەتلەس كۆرپە قاتلاپ سېلىنغانىدى. ئۇدۇلدىكى تامغا چاپلانغان چەت ئەللىك بىر جۈپ قىز - يىگىتنىڭ قۇچاقلىشىپ تۇرغان رەسىمى ئادەمگە ھەۋەسلىك تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى. مەن كۆڭلۈمدە بۇ ئائىلىدىكىلەر خېلى ئىشلارنى توغرا چۈشىنىدىغان ئائىلە ئىكەن دەپ ئويلىدىم. بۇلۇڭدىكى پاكار ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان ئۈنئالغۇدىن تۈركچىمۇ ياكى ئۆزبېكچىمۇ، ئىشقىلىپ تولىمۇ ھەسرەتلىك ناخشا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. خالىدە شىرەگە قەنت - گېزەك، بادام ۋە ھۆل مېۋە - چېۋىلەرنى تىزدى. مەن ياندىكى ئۆيدىن ئانىسىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرۈپ ئولتۇردۇم. ھەر ھالدا قېيىنئانا بولغۇچى ئالدىدا ئېسىل سۈپەت ئولتۇرغىنىم ياخشىراق. ئەپسۇس، ئانىسى چىقمىدى.

— يەل - يېمىشكە ئېغىز تېگىڭ، — دېدى خالىدە چاي قۇيۇۋېتىپ، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە

مەنىلىك قارىغىنىچە. مەن كۈلۈمسىرەپ بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم. خالىدە ئاشخانا بىلەن مەن بار ئۆيدە قاتراپ يۈرۈپ، شىرەنى يەنە دۈملەنگەن قوي پاچىقى، بېلىق، ئىنچىكە توغرالغان سەۋزە قىيمىسى، تونۇر كاۋىپى ۋە بېھى بېسىلغان پولو دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن تولدۇرىۋەتتى.

— بەك ئاۋارە بولۇپ كەتتىڭىز، ئەمدى بولار، — دېدىم.

— تۇنجى قېتىم كەلگەندە ئوبدان كۈتۈۋالمىساق قانداق بولىدۇ؟ ھازىر ئانام كىرىدۇ، ئەركىن ئازادە ئولتۇرۇڭ.

خالىدە چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنى ـ بۇنى يىگەچ خېلىغىچە ساقلىدىم. بىر كەمدە ساپما كەشنىڭ شىپىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئۇچىسىغا ئىچ كۆڭلەكتىن ئازراقلا پەرقلىنىدىغان، كۆكرەك ئويمىسى خېلىلا كەڭ ئېچىلغان ئاپئاق گىرىپ كۆڭلەك كىيىۋالغان، بەدەنلىرى لىققىدە تولغان، قاپقارا قويۇق چاچلىرىنى كىچىككىنە گۈللۈك قول ياغلىق بىلەن بوغۇۋالغان، چىرايى ئاپتاپ كۆرمىگەندەك ئاق ھەم سۈزۈك كەلگەن، 35 ياشلار ئەتراپىدىكى ئايال كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ يوغان بولۇپ، قارا ھەم تىنىق ئىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— بولدى، قوزغالماڭ، قانداق، سالامەتچىلىكمۇ؟ — دېدى ئايال تولىمۇ سىپايە قىياپەتتە. مەنمۇ ئەھۋال سوراپ بولۇپ ئۆرە تۇرىۋەردىم.

— قېنى ئولتۇرۇڭ.

ئالدىمدا تۇرغان بۇ ئايالنىڭ خالىدەنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. ئاچىسىمىكىن دەپ ئويلىدىم. بىراق خالىدەنىڭ كۆزلىرى كۆكۈش، چاچلىرى سېرىق ھەم بۇدرە ئىدى. ئىككىسىنىڭ ئوخشايدىغان تەرەپلىرىنى يوق دېيىشمۇ بولاتتى. ئالا كۆڭۈللۈكنى قارىمامدىغان، خالىدەنىڭ ئانىسى ماڭا كەلگۈسىدە قېيىنئانا بولىدۇ جۇمۇ! بىراق ئادەمنىڭ كۆڭلىدە نېمە ئويلىغىنىنى باشقىلار بىلەتتىمۇ؟ ئايال ئۇدۇلۇمغا كېلىپ ئولتۇردى.

— تاماكا چېكەمسىز؟ — سورىدى ئايال.

— ياق.

— ياق دەيسىزغۇ، بارماقلىرىڭىزدىكى سېرىق ئىزلار تاماكا چېكىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرىدۇ ئەمەسمۇ. ئادەم دېگەن ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ گەپ قىلسا ئۆزىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىدۇ.

ئوياتلىغىنىمدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ، بېشىمنى ئىچىمگە تىقىۋالدىم.

خالىدەنىڭ قىلغان قىلىقىنى، بالا يەنىلا كىچىك ـ تە.

ئايال مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئۈنئالغۇ قويۇلغان پاكار ئىشكاپنىڭ تارتمىسىدىن ئەنگلىيىنىڭ «555» ماركىلىق تاماكىسىنى ئېلىپ، ئېغىزىنى ئېچىپ ماڭا بىر سۇندى.

— بۇ، بۇ…

— يالغاندىن تەكەللۇپ قىلماڭ.

مەن ھېچ نەرسە دېيەلمىدىم. مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى ئايال ماڭا بىر تال تاماكىنى بېرىپ، ئۆزىمۇ بىر تال ئېلىپ ئېغىزىغا قىستۇردى ـ دە، كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇرىدىغان ئالىي دەرىجىلىك چاقماقنى خۇددى كونا بەڭگىلەردەك ئەپچىللىك بىلەن ياندۇرۇپ، ئالدى بىلەن مېنىڭ تاماكامنى، ئاندىن ئۆزىنىڭ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق بىر شوراپ ئاسمانغا پۈۋلىدى. ئۇ ھەيرانلىق ئىچىدە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغىنىمنى كۆرۈپ:

— ھەيران قېلىۋاتىسىزغۇ؟ — دېدى ئۇ ئېرەنسىزلىك بىلەن.

— تاماكا دېگەننى ھۆرمەتسىزلىكنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىساق بولمايدۇ. گەپ تاماكىنىڭ سالامەتلىككە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشتە، ئەلۋەتتە بۇ تاماكا چەككۈچىنىڭ ئۆزىگە باغلىق ئىش. تاماكىغا كۆنۈپ قالغانلىرىمىز بىر تال تاماكا ئارقىلىق ئۆزىمىزگە تەسەللى ئىزدىمەكچى بولىمىز. بىراق تېنىمىزنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمەيمىز. چۈنكى بىز ئۈچۈن ھاياتلىقتا ھەممىدىن ئۇلۇغ تۇيۇلىدىغىنى تەسەللى. بىراق ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئىزدىگەن تەسەللىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر سەنئەتتىن تەسەللى ئىزدەيدۇ. بەزىلەر تەنتەربىيەدىن تەسەللى ئىزدەيدۇ. بەزىلەرنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىمۇ ئۆزلىرىگە ئىزدىگەن تەسەللىسىدۇر. ئادەملەرنىڭ بۇنداق تەسەللى ئىزدەشلىرى ئەمەلىيەتتە سىرتقى كۆرۈنۈشتىكى ساختا تەسەللى بولۇپ چىن، ساپ ھەم مەڭگۈلۈك تەسەللى ئەمەس. چۈنكى ئادەملەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنداق ساختا تەسەللى ئارقىلىق ئۆزىنى ئالداپ كېلىۋاتقىنىنى ھامان ھېس قىلماي قالمايدۇ. سىزنى تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلماي پەلسەپە سۆزلەپ كېتىپتىمەنغۇ…

— ئوبدان يېدىم.

— راست، ھاراق ئىچىپ قويامسىز؟

ھەيران بولغىنىمدىن ئاغزىم گەپكىمۇ كەلمەي، ئايالغا چەكچىيىپ قاراپ قالدىم.

— ھاراق ئىچمىسەك تازا ئېچىلالمايدىغاندەك قىلىسىز، خوتەننىڭ ئەتىرگۈل شىرنىسىدىن ئىشلىگەن قىزىل ھارىقىدىن ئىچەيلى.

ئايال چىقىپ كېتىپ تۆت بوتۇلكا قىزىل ھاراق، سۆسۈن رەڭلىك رومكىدىن ئىككى دانە كۆتىرىپ كىردى. ئىككى رومكىغا ھاراقنى

تولدۇرۇپ، بىرنى سۇندى.

— قارىغاندا بەكلا ياۋاشتەك قىلىسىز، ئوغۇل بالا دېگەن تەشەببۇسكار بولىدىغان. مەن سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىز توغرىسىدىكى ھەر قانداق تارىخقا قىزىقمايمەن. چۈنكى مەن مەكتەپتە ئوقۇغان مەزگىلدىمۇ تارىخ دەرسىگە قىزىقمايتتىم. ئالغان نومۇرۇممۇ ئەللىكتىن ئاشمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى ئادەملەر تارىخنى ئۆزلىرى توقۇپ چىقىدىغان بولۇپ كېتىشتى.

ئايالنىڭ يۇمۇرلۇق سۆزلىرى كەيپىمنى خېلىلا كۆتۈرۈپ قويدى.

— قېنى، سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن كۆتۈرەيلى.

تىترىگەن قولۇمغا رومكىنى ئېلىپ، غەلىتە بىر خىل تۇيغۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇنىڭ رومكىسىغا رومكامنى ئۇردۇم. مەن بۇ ئايالنى ئانا، ئاچا ياكى باشقىچە بىرەر نام بىلەن ئاتاشنى بىلمەيتتىم.

— خالىدە بىلەن توي قىلامسىز؟

بۇ سوئالغا قانداقمۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ جاۋاب بەرگىلى بولسۇن؟ مەن بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن:

— ھازىرچە بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، — دېدىم.

— توغرا ئېيتتىڭىز، ئادەم ھاياتتا نېمىنى بىلىدۇ، قايسى ئىشقا ئېنىق ھۆكۈم چىقىرالايدۇ؟ بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز مەقسەتسىز تەسەللى ئىزدەش.

مەن بىر پەيلاسوپقا يولۇقۇپ قالدىممۇ نېمە؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئايالنىڭ دەۋاتقانلىرى ئادەتتىكى قاتمال بىر نەزەرىيىۋىي قاراش بولماستىن، بەلكى قويۇق پەلسەپە بىلەن تويۇنغان ھەقىقەت ئەمەسمۇ؟ قىزىل ھاراقنى ئىچىپ خېلىلا قىزىپ قالدىم. قورقۇش، تارتىنىش دېگەندەك نەرسىلەر ئاستا ـ ئاستا روھىمدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئازادىلىشىپ قالغاندەك بولدۇم. ئۇنىڭ بۇ ئەخلاقتىن ھالقىپ كەتكەن ئۆزگىچە ئۇچۇق مىجەزى مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى.

— سىز قايسى پەننى ياخشى كۆرىسىز؟

— سەنئەت بىلەن پەلسەپىنى.

— پاھ، ساقام، — دەۋەتتى ئايال ھاياجانلىنىپ، — مانا بۇ سۆزىڭىز ئورۇنلۇق بولدى. مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تاپقىنىڭىز ئۈچۈن، قېنى، يەنە رومكا كۆتۈرەيلى. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ بىرەر نەرسىنى ياخشى كۆرۈشىمىزنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئۆزى تەبىئىي ھالەتتىكى تەسەللى ئىزدەشنىڭ ئەركىن تاللاش شەكلىدۇر. ئادەملەر پانىي ئالەمگە مەڭگۈ قانمايمىز، قانمايمىزۇ، ھەممىدىن زېرىكىمىز. بىراق ۋاز كەچكىمىز كەلمەيدۇ.

سەنئەتنىڭ ئۆزى تەسەللى. ئادەملەر سەنئەتنى ئۆز تۇرمۇشىغا، روھى دۇنياسىغا، تېنىگە، ئۆرپ ـ ئادىتىگە، ئېتىقاتىغا سىڭدۈرەلىگەندىلا، ئۆزىدە ئەركىن دۇنيانى يارىتىپ، ئۆز ھاياتىدىن رازى بولىدۇ. سۆيۈش، لەززەتلىنىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تەسەللى. سۆيۈش تېخىمۇ شۇنداق.

ئىككى بوتۇلكا ھاراق ئىچىلىپ بولدى. خالىدە ئاللاقاچان ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. مەن بارغانسېرى قىزىدىم. ئۆزۈمنى خالىدەنىڭ ئانىسى بىلەن ئەمەس، (ئەمدى شۇنى چۈشەندىمكى، بۇ ئايال ھەرگىز خالىدەنىڭ ئانىسى ئەمەس)، بەلكى پەرىشتە بىلەن تۇرىۋاتقاندەك سەزمەكتىمەن. ئۇنىڭ ئاپئاق گىرىپ كۆڭلەك ئىچىدىكى تولغان تېنى، ساغرىسىغىچە چۈشۈپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرى، قىزىل ھاراقنىڭ تەسىرىدە خۇمارلىشىپ كەتكەن تىنىق كۆزلىرى، پارقىراپ جىلۋىلىنىپ تۇرغان مەڭىزلىرى روھىمنى لەرزىگە سالماقتا. ئۆزگىچە غەيرى تۇيغۇ پەيدا قىلماقتا ئىدى. ئۆتكۈر قاراشلىرى مېنىڭ قاتماللىق ئىچىدە تۇنجۇقۇپ قالغان قاراشلىرىمنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ھەر ئىككىمىز خالىدە دەيدىغان بىر قىز پانىي ئالەمدە مەۋجۇت ئەمەستەك ئۇنى ئۇنتۇپ كەتتۇق. بۇ ئايالنىڭ تېنى ۋە روھى پەلسەپە بىلەن بىرلىشىپ، بۈيۈك بىر سەنئەت ئالىمىنى ئاپىرىدە قىلىۋاتاتتى.

ئايال ئۇنىئالغۇ لېنتىسىنى شوخ رىتىمدىكى تانسا مۇزىكىسىغا يۆتكىگەندە مەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنى تانسىغا تەكلىپ قىلدىم. تېنىمنى ئايالنىڭ تېنىدىن يىراق تۇتۇش ئۈچۈن شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساممۇ، تېنىم ئايالنىڭ بەدەنلىرىنىڭ بىر يەرلىرىگە تېگىپ كېتىشنى خالايتتى. بىز ناھايىتى ئۇزاق تانسا ئوينىدۇق...

2

— ناشتا قىلىۋالامدۇق؟

كۆزۈمنى ئاچتىم. ئاللاقاچان تاڭ يورۇپ كەتكەن بولۇپ، ھاۋا رەڭ پەردىسى ئىككى ياققا قايرىپ قويۇلغان دېرىزىدىن كىرگەن قۇياش نۇرى ئۆي ئىچىنى يورۇتىۋەتكەنىدى. ئۆزۈمنىڭ ئاندىن توغما ھالەتتە ياتقىنىمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم.

— قانداقراق ئۇخلاپسىز؟ — دېدى ئايال.

— مەست بولۇپ قاپتىمەن ـ دە.

— ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن خۇپسەنلىك قىلىپ مېنى كولدۇرلاتماڭ.

— راست، ھېچنەرسىنى بىلمەيمەن. خالىدە قانداقمۇ. . .

— ھېچنەرسىنى بىلمەيمەن دېسىڭىز مېنى رەنجىتىپ قويىسىز. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك

ئىشنى تۈگىتىپ بولۇپ يالغاندىن پۇشايمان قىلغان بولۇپ، ئەخلاق ئىچىگە ئورۇنىۋالماقچى بولىشىدۇ.

— ياق، سىز مەقسىتىمنى خاتا چۈشىنىۋاتىسىز، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم خالىدەگە قانداقمۇ يۈز كېلەرسىز؟...

— ها، ها، ها... سىزنىڭ قورقىدىغىنىڭىز خالىدەمىدى؟— دېدى ئايال قاقاھلاپ كۈلۈپ، — مەن تېخى سىزنى تاڭ ئاتقاندا يالغاندىن ئەخلاقنى سېغىنىپ قالدىمىكىن دەپتىمەن. خالىدەنىڭ گېپىنى قىلماڭ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەن پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرغان. بولدى، ئەمدى خالىدەنى ئۇنتۇپ قالسىڭىزمۇ ئۇ سىزدىن رەنجىپ كەتمەيدۇ. سېغىنىپ قالسىڭىز خۇشال بولۇپ كەتمەيدۇ.

مەن ھېچنەرسە دېيەلمەي قالدىم. راست، نېمە دېيەلەيتتىم؟ خالىدە بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشكەندىن باشقا ئىككىمىز ئۆز ئارا چۈشىنىش، ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش دېگەندەك باسقۇچلارنى تېخى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزمىگەن تۇرساق، ئۇنىڭ رەنجىشىنىڭ ئاساسى يوق ـ تە. ياق، شۇنداقتىمۇ مەن سەل ئاشۇرىۋەتتىممۇ قانداق؟ ئەمدى بولغۇلۇق ئىش بولدى. شۇ تاپتا مېنىڭ بىمەنە خىياللارنى قىلىپ يۈرۈشىمنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئايالنىڭ دېگەنلىرى خاتا ئەمەس ئىدى. ئويلاپ باقسام بۇ ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئوخشايمەن. . .

— بۇندىن كېيىن يەنە كېلەمسىز؟

— مەن ئۇچۇن ئىشىكىڭىز ئوچۇق بولسىلا.

— بۇندىن كېيىن كەلسىڭىز مەن ئۆيدە بولسام بالكونغا بىر تەشتەك گۈل قويۇپ قويىمەن. ئۆيگە خاتىرجەم كىرىۋېرىسىز. گۈل بولمىسا قايتىپ كەتسىڭىز بولىدۇ.

بۇ ئىشلارغا زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ ئايالنى يەنە ئىزدەپ باردىم. يىراقتىنلا بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى بالكوندا بىر تەشتەك گۈلنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم يايراپ كەتتى. تەشتەكتە بىر تال قىزىل ئەتىرگۈل بار ئىدى. ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ ئىشىكنى يېنىك چەكتىم. ئايال ئىشىكنى ئېچىپلا مېنى قۇچاقلىۋالدى.

— ھاياتمۇ سەن، ساقام، مېنى ئەجەبمۇ ئىنتىزار قىلىۋەتتىڭ.

بىز ئالدىنقى قېتىمقىدەك غىزالاندۇق. قىزىل هاراق ئىچىشىپ خۇمارلىق كۆزلەر بىلەن بىر ـ بىرىمىزگە تىكىلىپ قاراپ، ئۇنىسىز مۇھەببەت ئىزهار قىلىشتۇق. دۇنيانى ھاياتنى ئۇنتۇغان ھالدا تانسا ئوينىدۇق.

ئايالنىڭ قىلىقلىرى كىچىك بالىنىڭ قىلىقىغىلا ئوخشايدۇ. مەن ئۆزۈمچە ئادەم ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن كىشىسىنىڭ ئالدىدا كىچىك بالىنىڭ قىلىقىنى قىلامدىكىن دەپ ئويلاپ قالىمەن. راست، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر كىچىك بالىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار ھەممە نەرسىگە ئەركىن ـ ئازادە، ھەم كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىدۇ. ئايال بىلەن ئارىلاشقاندىن بېرى خالىدەنى بىرەر قېتىممۇ ئۇچرىتىپ قالمىدىم. مېنىڭ كۆرۈشكىممۇ يوق. كۆرۈشۈپ قالغان تەقدىردىمۇ ھېچنەرسە دېمەسلىكىم مۇمكىن. ئىشىنىمەنكى، ئۇ «ئانام» دەۋالغان ئايال بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئۇ ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ. ئۇنىڭغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت... ئايالدىن خالىدە بىلەن ئىككىسىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى سوراپ باقاي دەيمەنۇ، رەنجىتىپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرەپ سوراشقا تىلىم بارمايدۇ. راست، سوراپ نېمە قىلىمەن؟ بىراق بەزىدە شۇنداقمۇ ئويلاپ قالىمەن: ھەممە نەرسىنى ماھىيەت، ئىنسان تەبىئىتى دەپ، ئېتىقاد، جەمئىيەت ئەخلاقى دېگەنلەر بىلەن ھېسابلاشماي كىشىلەر ئۇتتۇرىسىغا سۆرەپ كىرىش مۇمكىنمۇ؟

3

باش كۈزنىڭ مەلۇم بىر كۈنى بولسا كېرەك. مەن يىراقتىنلا ئىككىنچى قەۋەتتىكى بالكوندا گۈل تەشتىكىنىڭ يوقلىقىنى بايقاپ قالدىم. كۆزۈمگە ئىشەنمەي يېقىن بېرىپ سىنچىلاپ قارىدىم، گۈل تەشتىكى راستىنلا كۆرۈنمەيتتى. تەشتەك بالكوننىڭ ئىچى تەرىپىگە چۈشۈپ كەتكەنمىدۇ؟... بولدىلا... مەن ئايالنىڭ دېگىنى بويىچە ئارقامغا يېنىپ كېتىپ قالدىم. كۈندە دېگۈدەك بالكونغا قارايمەن. ئەتتىجىسىز!... ئايال بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇپ قالغانمىدۇ دەپ ئەنسىرەيمەن، بىئارام بولىمەن. ئاخشاملىرى تىنتىنلىق ئىچىدە ئۇخلىيالمايمەن. ئويلاپ باقسام، ئۇ ئايالغا ئۆزلىشىپ قالغان ئىكەنمەن. گۈل تەشتىكى چېقىلىپ كەتسە باشقا بىرسىنى يەڭگۈشلەپ قويسا تامامەن بولىدىغۇ؟... بىراق ئىش مەن ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددى بولماسلىقى مۇمكىن. ئۆزۈمنىڭمۇ بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ ئۆيگە كىرىشكىمۇ پېتىنالمىدىم. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بىر خىل جىددىيلىك مېنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالدى. مەن نېمىگە جىددىيلىشىدىغاندىمەن؟... قىشمۇ ئۆتۈپ كەتتى. مەن چىدىيالمىدىم. ئاخىرى يۈرىكىمنى قاپتەك قىلىپ ئايالنىڭ ئۆيىگە باردىم. باردىمۇ، تۇرۇپ قالدىم. چۈنكى كارىدوردىن تارتىپ تۆمۈر ئىشىككىچە ھەممە يەرنى توپا بېسىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇزۇندىن بېرى ئىشىك

ئېچىلمىغاندەك قىلاتتى. ھەتتا پەشتاقتىكى ئاياغ ئىزلىرىمۇ قارغا دەسسىگەندەك ئېنىق چىقىپ قالغانىدى. ئۇ ئايال ئالۋاستى بولغىيمىدى؟ مېنى ئالداپ قويغانمىدۇ؟ ئۇ ئايال ئالۋاستى بولغان تەقدىردىمۇ سۆيۈۋېرەتتىم. ئەلۋەتتە ئالۋاستىدىمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق كۆڭۈل بولىشى مۇمكىن. ئۇ ئايال مېنى ئالدىسا ئۆزىنىمۇ ئالدىغان بولىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنىدۇ. مەن ئۆزۈمگە ئاشۇنداق تەسەللى ئىزدەيتتىم. ئامال قانچە؟ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىشلارنى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. شۇنداقتىمۇ ئاشۇ ئايالنى تېپىش ئۈچۈن خېلى تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. ئاشۇ ئاۋات كوچىدىن ئۆتكەندە تەبىئىي ھالدىلا تونۇش بالكونغا قارايمەن. «تۇيۇقسىزلا گۈل تەشتىكى پەيدا بولۇپ قالسا يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەرمىدى؟» دەيمەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلاپ. مەن رىئاللىققا قايتىپ كەلدىم. كېيىن ئىدارىمىزغا ۋاقىتلىق ئىشقا چۈشكەن بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. كېلىشىپ قالساق توي قىلارمەن دېگەنلەرنىمۇ كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم. بىز توي قىلساق نىكاھ ۋە قانۇن، توي خېتى دېگەنلەر ئىككىمىزنى چېتىپ تۇرسا كۆڭلۈمدىكى غەيرى خىياللار، ھېلىقى ئايالغا بولغان سېغىنىشلار يوقاپ كېتەرمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم. ئەپسۇس، بۇ قىزمۇ خالىدەگە ئوخشاش ئانىسىنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشكىنى بارلىقىنى ئېيتتى. كۆڭلۈم يەنە پاراكەندە بولدى، چۈنكى ھېلىقى ئايال بىلەن ئۇچرىشىپ قالارمەنمىكىن دېگەن خىيال روھىمدا يەنە باش كۆتۈرۈپ چىقتى. توۋا دەيمەن، پەرىزىم خاتا ئەمەس ئىكەن. بۇ قىزنىڭ ئۆيى گەرچە شەھەرنىڭ باشقا كوچىسىدا بولسىمۇ، ئاۋات كوچىنىڭ دوقمۇشىغا جايلاشقان ھېلىقى ئايال ئولتۇرىدىغان ئىككى قەۋەتلىك بىناغا ئوخشاش سېلىنغانىدى. بالكوندىكى بىر تەشتەك گۈل مېنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇرىۋەتتى. ئۇ ئايال مۇشۇ بىناغا كۆچۈپ كەلگەن بولغىيمىدى ياكى مەن ئۆزۈم بۇ بىنالارنى پەرق قىلالماي قالدىممۇ قانداق؟… شۇنداقتىمۇ مەن ھېچنەرسىنى بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، قىزغا ئەگىشىپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتىم. قىز ئۆيگە كىرگىلى ئۇنىمىدى.

— سىز خاتىرجەم كىرىۋېرىڭ، مەن خىجىل بولىدىكەنمەن، — دەپ كېتىپ قالدى. مەن ئۆز گۇمانىمغا تېخىمۇ ئىشەندىم.

تاك، تاك، تاك.

ئىشىكنى يېنىككىنە ئۈچ قېتىم چەكتىم. ئايال چىقىپ، چوقۇم مېنى قۇچاقلاپ كېتىدۇ. ئۆزۈمنى سەل تۇتۇۋالاي… ئىشىك ئېچىلدى. ئارقامغا ئۈچۈپ كەتكىلى تاسلا قالدىم، ئالدىمدا تۇرغىنى ھېلىقى ئايال بولماستىن، بەلكى خالىدە ئىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى زىلۋا تېنى سەمرىپ تازا تولۇپتۇ.

— خالىدە؟…

— ھەيران قېلىۋاتامسىز؟

— بۇ زادى نېمە ئىش؟

— ئۇ توپتوغرا بىر قىش كېسەل تارتىپ ئاخىرى ئۆلۈپ كەتتى.

— ئۆلۈپ كەتتى؟ ئۇ سىزنىڭ؟…

— ياق، ئۇ مېنىڭ ئانام ئەمەس، بەلكى مېنىڭ چوقۇنغۇچۇم. چۈنكى بىزنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغىنىمىز، بارلىق ئادەتلىرىمىز ئوخشاش. ئادەت— ھەر بىر ئادەمنىڭ، ھەر بىر مىللەتنىڭ، ھەر بىر دۆلەتنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگىسى. ئېتىقاد ئادەتنى ساقلاپ قالىدۇ. بىزنىڭ مېڭىۋاتقان يولىمىز ئۆزىمىز تاللىغان، ئۆزىمىزگىلا خاس ياشاش شەكلىدۇر. ئادەملەر ئۆز ئادىتىنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدىكەن، ئۆزىنى، ئۆز تەبىئىتىنى يوقىتىپ سۇنئىي، ساختا، يالغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

توۋا، بۇ جەمئىيەتتىكى ئاياللارغا نېمە بولغاندۇ ئەمدى؟ ھەممىسى بىر ـ بىرىدىن گەپتان، چوڭقۇر پىكىر قىلىدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدىغاندۇيا؟ پەيلاسوپلارنىڭ تېخى جەمئىيەتتىكى، كىشىلەرگە تونۇلمىغان بىرەر پارچە پەلسەپە كىتابى بۇ جەمئىيەتتىكىلەرگە ئۇچراپ قالدىمۇ نېمە؟

— ئەسلىدە سىلەر…

— پۇشايمان قىلىۋاتامسىز؟

— ياق، مەن ئەزەلدىن قىلغان ئىشىمغا پۇشايمان قىلغان ئەمەس، مەن پەقەت ئادەملەرنىڭ سىلەرنىڭ ئويۇنچۇقۇڭلارغا ئايلىنىپ قالغانلىقىغا، ئادىتىڭلارنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكىنىگە ئېچىنىۋاتىمەن.

— شۇنداق، ئادەملەر ئەسلىدىنلا بىر ـ بىرىنىڭ ئويۇنچىقى. بىراق ئۇ سىز بىلەن قاچاندىن باشلاپ ئارىلاشتى، شۇندىن كېيىن باشقا ئەرلەرگە يېقىن يولىمىدى. بىزنىڭ ئادىتىمىز بويىچە بولغاندا ئۇنىڭ سىزگىلا باغلىنىپ قېلىشى توغرا ئەمەس ئىدى. سىز بىلەن بىر قېتىم ئۇچراشقاندىن كېيىن ئالاقىنى ئۈزسە بولاتتى. بىراق ئۇ خالىمىدى، بىز ئۇنى جازالىدۇق. ئەر زاتى بىلەن ئۇچراشماسلىققا قىستىدۇق. شۇڭا ئۇ روھى ئازاب بىلەن كېسەل تارتىپ ئۆلۈپ كەتتى.

توۋا، بۇ ئۇلارنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ؟ كۆزۈمدىن سىرغىپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياشنى سۈرتۈۋېتىپ خالىدەدىن سورىدىم:

— ئەمدى نېمە قىلاي دەيسىز؟

— ئەلۋەتتە مەنمۇ بۇرۇنقىلارنىڭ يولىدىن ماڭىمەن ـ دە. ئەنئەنە بىزنىڭ دەل ئۆزىمىزدۇر. سايلىقىمىز ھەم كېلەچىكىمىزدۇر. بىز پۇل ئۈچۈن

ئېيىتتىنى ساتىدىغان پاھىشە ئەمەس، بەلكى ئۆز ئېتىقادىمىزنى باشقىلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا سىڭدۈرۈپ، ئۆزىمىزگە تەسەللى تېپىشىپ، ھاياتنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋالغۇچىلارمىز.

— راست، بىزنىڭ ھاياتلىق يولىدىكى تىركىشىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى نېمە؟… بۇلارنى ئويلىسا ئادەمنىڭ ياشىغۇسىمۇ كەلمەيدۇ. ئېست!…

— توغرا ئېيتتىڭىز.

— ھېلىقى بىر تەشتەك گۈلنى ماڭا بەرسىڭىز، خاتىرە سۈپىتىدە ساقلاپ قالايمىكىن دېگەنىدىم.

— ئەسلىدە بۇ بىر تەشتەك گۈل بىزگە مىراس قالغانىدى. سىز ھەر ھالدا بىزنىڭ سىرىمىزنى بىلىپ قالدىڭىز، سىزنى باشلاپ كەلگەن قىز يېڭى بولغاچقا پەرق قىلالماي قاپتۇ. بۇ بىر تەشتەك گۈلنى چوقۇنغۇچىمىز؛ بىلەن ئىككىڭلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە سىزگە سوۋغا قىلاي. ئوبدان پەرۋىش قىلىڭ، بىز باشقىنى ئۆستۈرىۋالايلى.

خالىدە ماڭا ھېلىقى بىر تەشتەك گۈلنى ھەدىيە قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا قىپقىزىل ئېچىلىپ تۇرغان گۈل ئاللاقاچان توزۇپ كەتكەن بولۇپ، قۇرۇپ قالغان گۈل بەرگى ۋە يوپۇرماقلىرى تەشتەك يۈزىنى يېپىۋالغانىدى. بىراق قۇرۇپ قالغان ئانا شاخنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئۆسۈپ چىققان نوتىدا ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان قىزىل غۇنچە بار ئىدى. مەن ھەممىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم، يېڭى غۇنچە چوقۇم خالىدە بولۇشى مۇمكىن.

خالىدە مېنى يەر ئاستى ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۆينىڭ ئىككى تېمىغا بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرغان چىرايلىق بىر ئايال بىلەن كېلىشكەن بىر ئەرنىڭ يالىڭاچ رەسىمى سىزىلغان، ھەر ئىككى رەسىمنىڭ ئارقىسىدىكى مەنزىرە خىلمۇ - خىل رەڭلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ھېچنەرسىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. قىزنىڭ رەسىمىنىڭ ئاستىغا «ھاۋا ئانا»، ئەرنىڭ رەسىمىنىڭ ئاستىغا «ئادەم ئاتا» دەپ يېزىلغانىدى. خالىدە بىلەن خوشلىشىدىغان مەزگىلدە ئۇ ماڭا:

— ئەمدى سىز تۇرمۇشىڭىزنى قايتىدىن باشلاڭ، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا ئارىلاشقۇچى بولماڭ. ھازىر ئادەملەر ئۆز ئادەتلىرىنى يوقىتىپ غەيرى ئادەمگە ئايلانماقتا، خوش، — دېدى.

خالىدەنىڭ سۆزلىرى تولىمۇ ھەسرەتلىك ئاھاڭدا چىقاتتى، ئۇ بىر نەرسىگە ئۆكۈنگەندەك قىلاتتى. مەن بىر قىسما گاراڭ ھالەتتە گۈل تەشتىكىنى ئېلىپ قايتىپ چىقتىم. راست، تۇرمۇشۇمنى قايتىدىن قانداق باشلايمەن؟ بۇ تەرىپى ماڭا تولىمۇ قاراڭغۇ. توي قىلغۇممۇ يوق، ئۆزۈمنىڭ ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قېلىشىمدىن تېخىمۇ ئەنسىرەيمەن، قورقىمەن. قىزلار بىلەن ئەركىن - ئازادە ئارىلىشالمايمەن. شۇنداقتىمۇ قىزلارغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كەتتىم. ئۇلارغا ئىچىم كۆيىدۇ. كوچا، رەستىلەردە، باغچىلاردا كېتىۋاتقان بۇ پەرىشتىلەرنى كۆرسەم ئەڭ ئېسىل سەنئەت ئەسىرىدىن ھوزۇرلانغاندەك ئاجايىپ ھېس - تۇيغۇغا چۆمىمەن. ئۇلارنى بىر تۇرۇپ ئۇستا ھەيكەلتاراشنىڭ ھەيكىلىگە، بىر تۇرۇپ رەسساملارنىڭ رەسىمگە، بىر تۇرۇپ شېئىر، ھېكايىلەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارغا ئوخشىتىمەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى پاك پېتى ساقلاپ قالغۇم كېلىدۇ. لېكىن قىزلار بۇنى چۈشىنەمدۇ؟ ئېھتىمال مېنىڭ بۇنداق بىمەنە خىيالىمنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشەر. ئۇلارنىڭ تېنى ۋە روھى مېنىڭ بۇ قارىشىمنى قوبۇل قىلامدۇ؟ ۋاقىت ئۆتمەكتە…

تەشتەكتىكى قىزىل ئەتىرگۈل ھەر قېتىم توزۇپ قايتىدىن غۇنچىلىغاندا چوقۇم ئۇلاردىن بىرەرسى ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئويلاپ ئازابلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. ئازابلىنىپ تۇرۇپمۇ تەشتەكنى تاشلىۋەتكۈم كەلمەيدۇ. ئازابلانغان ۋاقتىمدا بىر نەچچە كۈنگىچە غەمگە پېتىپ، ھەسرەت چېكىپ، باشقىلارغا گەپ قىلغۇممۇ كەلمەيدۇ. قاپىقىممۇ ئېچىلماي يۈرىمەن. بۇ مېنىڭ ئۆز ئادىتىنى، ئېتىقادىنى ساقلاش يولىدا بىر ئۆمۈر تىركىشىپ ياشىغان ئاياللارنىڭ پاجىئەلىك ھاياتىغا تۇتقان ئۈنسىز قارىلىقىم. بەزىدە كوچىلاردىكى غەمسىز يۈرىشىدىغان كىشىلەرگە قاراپ: «سەنلەر ھېچنەرسىنى چۈشەنمەيدىغان، بىلمەيدىغان ئەخمەقلەر» دەپ ئىچىمدە ئۇلارنى تىللايمەن. بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنمىدىم. تىنىشىمنىڭمۇ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى، ئۆزگىچە تۇرمۇش ئادىتىنى، ياشاش شەكلىنى، ئېتىقادىنى ھۆرمەت قىلمىسا يامان بولىدۇ، ئېھتىمال تەگرىمۇ كەچۈرمەسلىكى مۇمكىن

... كوچىلاردا كېتىۋېتىپ كىشىلەرنىڭ بالكونلىرىغا ئىختىيارسىز قاراپ گۈل تەشتەكلىرىنى كۆرىمەن-دە، ئۆزۈمچە تېپىرلاپ كېتىمەن، پانىي ئالەمدىكى ئەڭ ئېسىل نەرسەمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ئېغىر سۈكۈتكە پاتىمەن. ھېلىقى ئايالنى ھاياتمىكىن دەپ گۇمان قىلىپمۇ قالىمەن. بەزىدە تېخى ئۆز - ئۆزۈمگە: «كىم بىلىدۇ، بالكوندىكى گۈل تەشتىكىنىڭ سىرىنى شەھەردىكى ھەممە ئەرلەر بىلەمدۇ تېخى، بۇ سىرنى ئېھتىمال ھېچقايسى ئەرنىڭ ئاشكارىلىغۇسى كەلمىگەندۇ» دەپ ئويلاپ قالىمەن. قاچانغىچە مۇشۇنداق ياشىشىم ئۆزۈمگىمۇ ئېنىق ئەمەس.

# ستۇدېنتلار كۇلۇبى

**مۇھەررىردىن:** ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ مەتبۇئات ساھەسىدە بىرەر بېگە سورۇنى بولماسلىقتەك قاتمال ھالەتنى ئۆزگەرتىشنى نەزەردە تۇتۇپ، يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار بىلەن بىرلەشكەن ھالدا، مەزكۇر سانىمىزدىن باشلاپ «ستۇدېنتلار كۇلۇبى» سەھىپىسىنى ئاچتۇق. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ياكى ئەدەبىي كورۇژۇكلارنىڭ ژانىر چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان ئاساستا بىز بىلەن ئاكتىپ ھەمكارلىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

## شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرى ئەسەرلىرىدىن

## ئىككى شېئىر

### قۇربانجان مەخسۇت ئىنتىزارى

### يامغۇرلۇق كېچىدە تالادا قېلىش

سائەت ئون ئىككىگە داڭ ئۇردى تەكرار،
يالغۇزلۇق تەكىيگە ئۇنسىز قويدى باش.
قەلبىمدە كۆيمەكتە چەكسىز خىياللار،
ئاجىز يېلىنجىغان تام مەشكە ئوخشاش.
كەڭ دالا بەك سوغۇق، مۇكچىيگەن دەرەخ،
ئۇندا بار غۇبارسىز سىم - سىم لىرىكا.
خوش كەيپەم، باغرىڭدا كۆتۈلمىسەممۇ،
تۇتىشار ئۇزاق يول يارقىن قۇياشقا.

### ئاشكارىلىنىش

كومۇشرەڭ ئاپتوبۇس ئۇزايدۇ تېز - تېز،
تاڭدىكى قۇياشتەك لاپ قىلىپ چاقناپ.
بىز گويا ناتونۇش يولۇچىلاردەك
ماڭىمىز نەگىدۇر ئۈنسىز ئالدىراپ.
ئارىمىز بىر قەدەم يا چەكسىز دېڭىز،
كەتمىدۇق بىراق بىز ئۇنچە ۋايىم يەپ.
قارىچۇقلار تەكتىگە كۆمۈلۈپ يېتىپ
لاۋۇلداپ كۆيىدۇ ئىمتاس بىر غەزەپ.

## چۈشتىكى ئارمان

### پۈچىنناي مۇختەر

ماڭىمەن ھىجرانلار يۈكىنى ئارتىپ،
ئىزلىرىم قالماقتا غەمكىن ئويۇلۇپ.
كۆڭۈللەر سەزسىمۇ يىراق مەنزىلنى،
ئالدايدۇ چۈشلەردە يېقىن تويۇلۇپ.
تەشنالىق ئىلكىدە سوقار يۈرىكىم،
ۋىسالىم يارقىن بىر ئۈمىد ئىچىدە.
تەقدىرىم ھەر يانغا ئازدۇرۇپ مېنى،
تېزىتقۇ بولماقتا ھايات چۆلىدە.

## ئىككى شېئىر

### ئالىمجان ماخسۇر

### سۆيگۈ

كاككۇك قونغان تاللار شېخىدا،
جىمىرلايدۇ چىرايلىق ئازاب.
تولغىنىدۇ تۇنجى سۆيگۈ،
قىز قەلبىدە دولقۇنلار ياساپ.

### يىرگىنىش

ئوت بولۇپ ئۆرتەندىم يەنە بۇ كېچە،
چۈشلىرىم بەئەينى جەڭگاھنىڭ ئۆزى.
خەس جېنىم شېھىدكە ئايلانغان نە ۋاق،
بىر مەۋھۇم بوشلۇقتىن تېپىپ روھىنى.

## شۇ ئوتلۇق جايدا

### شىرئەلى يۈسۈپ ياقۇپ

مەن قالاي غەمسىنىپ قۇياش بىلەن تەڭ،
ئاھ، كۆلرەڭ پېشىمدا بولۇتنى يۇيۇپ.
ۋۇگزالدا مەن سېنى ئۇزاتقان جايدا
مەن قالاي ئىلاھى ئىسمىڭنى ئويۇپ.
مەن قالاي ئىيۇننى باغرىمغا بېسىپ،
ئىللىتىپ قەلبىمنى نىگاھلىرىڭدا.
مەن قالاي، خەير - خوش، ئەي سەرۋى نازىم،
تەگرىگە ئەڭ يېقىن شۇ ئوتلۇق جايدا. . .

## تەنھالىق

### خۇرشىدەم نۇرئەلى

خازانلار قاپلىغان چىغىر يول ئارا
ئايىغىم ئاستىدا شۇۋىرلار خازان.
قۇياشنىڭ مۇزلىغان تەبەسسۇمىدا

ناتىۋان باغرىمدا تۇغۇلماقتا تاڭ.
تەنھالىق ھەسرىتى، سۆيگۈ ئارمىنى
بىخلانغان تۇيغۇمدا تۇرار كۈۋەجەپ.
كەچكۈز، ئىھ، تۇرنىلار جەنۇبقا كەتكەن
يۇرىمەن ۋە لېكىن باھارنى ئىزدەپ.

## بېغىشلىما

### ئوسمانجان ئۆمەر

قوبۇل قىل قايغۇلۇق تەبەسسۇمىمنى،
ئاق لىباس قوينىدا لەيلىگەن جانان.
ئۇنتۇلۇپ ھەر ئىستېتىكىنىڭ قار ـ مۇزغا تولغان يولىدا
مەن ساڭا دىل بەرگەن، سەنكى ماڭا جان.
بەك قارام قەدىمىم، سەۋدايى روھىم،
ئاھ، قارا كېچىگە تەن بەرگەن ئەمەس.
كەل، ۋىسال ئىستەيلى پىنھانلار ئارا،
كېلىشىڭ تەستۇر، ھەم كېتىشىڭمۇ تەس!

## باھار كۈنىدە

(نەسىر)

### ئەمەتجان سايىت

بەكمۇ يىراق كەڭرى بوشلۇقتەك چەكسىزلىك. كە يېيىلدىڭ ئاستا. تۇتقۇم كېلەر سېنى شۇ قەدەر.

مەيۇسانا كۈلۈمسىرەش بۇ… يىغلامسىراپ توقۇلغان ناخشا، ھەقىقىي ناخشىچى ئېيتمىدى ئۇنى. بەكمۇ مىسكىن كۈلمەكتە قۇياش، بەكمۇ ئاستا كەلمەكتە باھار… قوشۇمىسىنى تۈرىدۇ، غەزەپ يامرىماقتا ئاجىزغىنا بوشلۇق قوينىدا.

باھارنىڭ مەلۇم بىر كۈنى چېچەك بولۇپ ئېچىلغان كۈنۈم، يوپۇرماق بولۇپ سۆيگىن سەن مېنى…

## مارجان

(نەسىر)

### غالىپ مۇھەممەت قارلۇق

1

سەن قاغا بولۇپ بىر ئۆمۈر سايرىۋىدىڭ، ھېچكىممۇ ساڭا قاراپ قويمىدى. مەن بۇلبۇل بولۇپ بىر كۈن سايرىۋىدىم، كۆيلەر باغرىغا سىڭىپ كەتتىم.

ئەسلىدە ھەر ئىككىمىز قۇش ئىدۇق. . .

2

مۇبادا سەندە پەرھاتنىڭ شىجائىتى بولمىسا ئۇ ھالدا شىرىننىڭ ۋەسلىگە يەتمەكچى بولغان ھىجران چۆلىدىن ھەرگىز ئۆتۈپ كېتەلمەيسەن.

3

يۈز يىللىق راھەت قانداقمۇ كۆڭۈل ئەيىنىكىمدىكى بىر يىللىق ئازابىنى يوق قىلىۋېتەلىسۇن؟

4

ئەبجەش ھېسلارغا ئەسىر بولغىنىمدا، سەن گۈگۈمدا گۈل ئىزدەپ تۇراتتىڭ. تەنھالىق قەلبىمگە لەيلەپ كىرگەندە چۈشلىرىڭدىكى گۈل قۇياشقا تىۋىنماقتا ئىدى. . .

## ئېغىر تىنىقلار

(نەسىر)

### مۇكەررەم ئابدۇشۇكۇر

1

مەن بارغانسېرى ئېگىزلەۋاتقان بىنالارنىڭ سالمىقى بىلەن ئېغىر پۇشۇلداۋاتقان، كۈندىن كۈنگە كۆپىيىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھەرخىل ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن دەرماندىن كېتىپ ھالسىراۋاتقان زېمىندۇرمەن.

ئاداققى مادارىم بىلەن ئىنسانىيەتكە خىتاب قىلدىم:

بولدى، بەس! ماڭا ئىچمىگىلار ئاغرىسۇن، مېنىڭ نېمەتلىرىم چەكلىكتۇر. مۇشۇنداق قانائەتسىز ھالدا كېتىۋەرسەڭلار سىلەرنى داۋاملىق بېقىشقا قۇربىم يەتمەيدۇ.

2

مەن — ئۆلۈم. ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا چېكىگە يەتكەن قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى ئۈچۈن تەۋۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇپ ئۈنسىز پىچىرلاۋاتقان لەۋلەرگە، ئۆز ۋاقتىدا قەدرى بولمىغان پانىي ئالەمدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي چەكچەيگەن كۆزلەرگە پىسەنتمۇ قىلماي، چەكسىز ئارمان ئىچىدە سوقۇۋاتقان يۈرەكلەرنى ئېلىپ كېتىۋېرىمەن.

3

مەن ئوغلىنىڭ قان ـ قۇسۇق بىلەن بۇلغانغان مەست ھالىتى، قىزىنىڭ ھاياسىزلىقى ئالدىدا تەڭرىدىن ئىنساپ ـ دىيانەت تىلەپ قەلبى قان بولۇۋاتقان بەخىسىز ئانا. . .

4

مەن يېڭىكلىك بىلەن قۇرۇلغان نىكاھنىڭ قۇربانى. ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدا ئەركىلىشىپ يۈرگەن بەختلىك باللارغا قىزىقىش، ھەۋەس ئىچىدە بىچارىلەرچە قاراپ تۇرۇشقىلا مەھكۇم بولغان بىر تاشلاندۇق بالا. . .

# شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن

## ۋەتەن

### جىلىل خىلىل

كۆككە باقتىم. . .
يالىڭاچلاندى يۈرىكىم
سايىسىدا كۈنۈڭنىڭ.
يەرگە باقتىم. . .
كۆيۈپ كەتتى كىرپىكىم
ئوچقۇنىدا يۇلتۇزلىرىڭنىڭ.
يۈگۈردۈم. . .
ناخشا بولۇپ قوندۇڭ لېۋىمگە
يوللىرىدا سۆيگۈنىڭ.
مۆگدىسەم. . .
كىرىپ كەلدىڭ
دولقۇننى باشلاپ چۈشۈڭنىڭ.
ئويغانسام. . .
يېتىپتىمەن ئەللەيلىنىپ
يالقۇنىدا يېشىڭنىڭ.
. . . . . . . . . . . . .
پاكلىنىشقا
مەككە ئىزدەپ نە قىلاي
سەن مەككىسى تۇرساڭ روھىمىنىڭ! . . .

## شەھەردىكى قار

### تۇرغۇنجان تۇرسۇن

قىشنىڭ يۈرىقى چېچىلدى ماڭا،
قارىدىم قىشنىڭ كۆزىدە ساڭا.
ياپراقتا سىڭگەن كۈمۈشرەڭ بەخت
ئۇچۇپ كىردى شېئىرلىرىمغا.

دەرەخ كىيىمىنى سېلىش ئالدىدا
باغاق ئەۋەتتى سۆيۈملۈك قارغا،
ھەمدە ئىغاڭلاپ كەتتى بەك ئۇزاق
سەپ سېلىپ ناتونۇش كومپيۇتېرغا.

مەنمۇ ساڭا بولغان سۆيگۈمنى
شېئىر قىلىپ ئويۇپ دەرەخكە
ئۈمىد ئارا ئۇچتۇم شەھەرگە.

نۇر كۆپ ئىدى شەھەر قوينىدا
ھەتتا كېچىمۇ ئىدى بەك يورۇق.
چاچ ۋە يۈزلەردىن چېچىلاتتى نۇر
نۇرلانغانىدى ھەممە يەر تولۇق.

تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كومپيوتېرغا
تۈزدۈم ئاددى بىر پروگراما:
«شەھەرلىك دەرەخكە ئايلاندۇر مېنى،
ھەمدە چۈمكەپ قوي سۆيۈملۈك قارغا.»

## ماتەم خاتىمىسى

### ئابلىمىت ئابدۇباقى (مەشئەل)

سەن — رادىكال.
بەرھەقكى، روھىمىز كەلمەس ئەسلا باب.
قوغدىنىدۇ رامكا مەن بىلەن
بىلەلمىدىڭ شۇنى يېتىرقاپ.

گۈلدۈرلىسە مېنىڭدە ئاسمان،
يامغۇرى سەندە.
چۈشەنگىنىڭ نېمىكىن سىنىڭ
يامغۇرلىرىڭ تۆكۈلگەن دەمدە.
ئاپرىل غەمكىن قوچاقلار مېنى
سېنىڭسىزمۇ كەلگۈسىمنىڭ بوسۇغوسىدا.

## ئىككى شېئىر

### ئابدۇللا ئىلى (ئارمان)

#### تېلېفون كۈتۈش

ئازابلىقتۇر، ئازابلىق بۇگۈن
ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كۈتۈش

خىيالىڭنى قويار ئەللەيلەپ
گىرەلەشكەن تېلېفون سىمى.
يىراقتىكى سۆيۈملۈك بىر خەت
ئۇچۇپ كېلىپ قالسا ناۋادا
تېپچەكلەيسەن ئۇنتۇپ ھەممىنى
يادلايسەن ئاچمايلا ئۇنى.
دولقۇنلىنار تىنىقىڭ شۇدەم
قەلبىڭمۇ قالار كېكەچلەپ
ئېھ، كۆڭلۈڭگە بولىدۇ ئايان
سۇرىتىڭنى سىزالماسلىقىڭ.

ئازابلىقتۇر، ئازابلىق بۇگۈن
ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كۈتۈش
ھەسرىتىڭنى ئىچىڭگە يۇتۇش. . .

### ئايلىنىش

ئاداشتۇرۇپ قەدەملىرىڭنى
يۈرمەكتىمەن
ستودېنت ئورىېتىسىدا
بىر فوكۇسۇم يېگانا ياتاق
قالغانلىرى سىنىپ، ئاشخانا

ئۈكسىگەندە مۇزلىغان قەلبىم
گاھى ـ گاھى قويىمەن بەزلەپ
تەنھالىق ۋە ئازابلىرىمنى
بېرەي دەيمەن چۈشۈمگە سۆزلەپ
ئېھ، شۇندىلا
ئازابىمنۇ قالار يېنىكلەپ

### ئېغىز

**نۇرئەھمەد غوپۇر**

پۈۋلە يىراق ـ يىراقتا
تۇمانلىرىڭنى كېچىدە
قويۇپ بەر قەپىزىڭدىكى ئەما قۇشلارنى
كەتسۇن سىڭىپ
تۇمانلاردا يۈتكەن ئورمانغا
تىنىقلارنى يۈتقان تىنىقتا
سۇبھىدىكى بىھوش ئاسمانغا

### يول ئازابى

**ئابدۇغېنى ساۋۇت**

سورىما

بىرەلمەيمەن ساڭا ھېچنېمە
كەچۈر مېنى
سورايمەن
بەرمە بىراق ماڭا ھېچنېمە
پەقەت توقۇپ بەرگىن قاردىن پوپايكا
سول كۆكسىگە «0» نى كەشتىلەپ
توڭۇپ كەتتى بىزنىڭ مەھەللە
تېرە تاشلاپ تىنىش بەلگىسىز
يالغۇزلۇق
سۇرۇشتۇرۇپ يۈرەر ھەممىنى
سەپىرىدە تەنھا يولۇچى
نېمە ئىزدەر ھەمراھتىن باشقا

«يولدا يالغۇزلۇق يامان»
يول ئازابى يامان، بەك يامان

### يۈتكەن سىر

**نۇر سەئىد**

نەدىسەن
چىمەنلەردە ئۈكسىگەن ناۋا؟ !

قويۇق ـ قويۇق شەبنەم گۈللىرى
خىرۇستالدەك، مۇز پارچىسىدەك
تۆكۈلمەكتە قاقاس دالىغا
ئالبومىغا سۆيدۈم قۇياشنىڭ
سەن قەيەردە تۇغۇلغان ئەرۋاھ؟
جاۋابى يوق سوئالدەك گويا
خاتىرەڭدە بوپ قالدىم سەيياھ

## ئەدەبىياتىمىز دۇچ كەلگەن خىرىس

**ھاياتنوپۇس مۇھەممەت**

(«بوستان» ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىل 3 ـ سانىدىكى «بۈگۈنكى يازغۇچىلارنىڭ بۇرچى» ناملىق سۆھبەت خاتىرىسىدىكى يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ جاۋابلىرىنى ئوقۇپ)

نۆۋەتتە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىمىز ئىجتىمائىي رەڭلەر بىلەن بېزىلىشتىن سىرت يەنە ئىچكى ـ تاشقى ئامىللار تەرىپىدىنمۇ مەنىۋى خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە. بۇنىڭ روشەن ئىپادىسى تۇرمۇش سەۋىيىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماددى ـ مەنىۋى بېسىملار بىلەن زاھىرلىنىپ تۇرۇپتۇ. بازار ئىگىلىكى تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىرىشى بۈگۈنىمىز ئۈچۈن زور يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلمەكتە. مېنىڭچە مۇشۇنداق جىددى پەيتتە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىمىزنى بازار رىقابىتىدىكى توۋار ئورنىدا دەپ قارىساق، ئەدەبىياتىمىز ئاز كۈنگە قالماي پاخاللىشىپ، سەنئەت دالاسىدا ئۆزىنىڭ ئېچىنارلىق قەبرىسىنى تىكلەيدۇ. ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدا يازغۇچى، شائىرلىرىمىز بازار مۇھىتىغا ئارىلىشىپ قېلىشى بىزنى كەلگۈسى ئۆلمەس ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن گۇمانلاندۇرىدۇ. بىزنىڭ قەلەمكەشلىرىمىز نەزەردە

ئۇتقان بازار — ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىك ۋە مەزمۇن جەھەتتىكى خاسلىق، ئىزدەنمە تەپەككۇر بازىرى بولماستىن، كىتابخاننىڭ رايىنى قوغلىشىدىغان بازار بولماقتا. قىزىق نۇقتا دېگەندە قاپ بەلدىن گەپ باشلاپ ئاچچىقنى، ئەسەبىيلىكنى ئىپادىلەيدىغان، چولتا پىكىرلەر بىلەن تولغان ئىجادىيەت مېۋىسىنى بازارغا سېلىش ۋە بازار قىزغىنلىقىنى قوغلىشىش تولىمۇ كۆلكىلىك رىقابەت ئېكى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر كىتابخانلارنىڭ ساپاسىغا ماس ھالدا ئەسەر يېزىپ ھازىرنىڭ ئۆزىدە بازارلىق بولۇۋېلىشنى ئويلاش — بىر ئەدىبكە نىسبەتەن خىجىل بولۇشقا تېگىشلىك ئىش. بۇ يەردە شۇنداق بىر سوئالغا دۇچ كېلىمىز: ئەدىب تۆۋەن سەۋىيىلىك كىتابخان ئورنىغا چۈشۈشى كېرەكمۇ ياكى كىتابخاننى ئىلىم - ھېكمەتكە تويۇنغان يۇقىرى سەۋىيىلىك پەللىگە يېتەكلىشى كېرەكمۇ؟ مۇبادا كىتابخاننىڭ سەۋىيىسى نىشان قىلىنسا ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىن سۆز ئېچىش تەسكە چۈشىدۇ. ئەسەرنىڭ سەنئەت قىممىتى ھەققىدە سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ ئەدەبىي ئەسەردىكى تەسەۋۋۇر، تەپەككۇردىكى چوڭقۇرلۇق دېگەنلەرمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ.

بىر مىللەت يازغۇچىسى شۇ مىللەت روھىنىڭ قانىتىدۇر. ئۇنىڭ پەرۋازى خەلق يۈكسەكلىكىدە بولۇشى، خەلققە نىشان، يول كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماي، بىر مېھرىبان ئانىنىڭ پەرزەنتىگە قىلغان پەرۋىشىگە خاس ھالدا ئۇنىڭغا مەلۇم مەنزىلنى ھېس قىلدۇرۇپ قويالىشى كېرەك. ئەدەبىياتتا بازار رىقابىتى ئەكس ئەتتۈرۈلىشى، ئىپادىلىنىشى كېرەك. ئەمما ئەدەبىياتنىڭ ئۆزى نۆۋەتتىكى بازار رىقابىتىگە ھاماقەتلەرچە ئارىلاشماسلىقى كېرەك. ئويلاپ باقايلى، بىزدىكى ناچار ئىللەتلەر پاش قىلىنغان ئەسەرلەرنى خەلقىمىز ياقتۇرۇپ ئوقۇدى، ئۆزىدىكى ئاجىزلىقلارنى تونۇۋالدى. تىل - ئاھانەت ئاڭلاۋېرىپ چۈشكۈنلەشكەنلەرمۇ بولدى. گەرچە ئۇلارغا ئەمەلىي تەسەللى، سوغۇققان پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلىنىپ، بۇندىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى تەرەپلەر كۆرسىتىپ بېرىلمىگەن بولسىمۇ، كىتابخان يەنە ئاڭسىز رەۋىشتە ئاپتورغا ئاپىرىن ئېيتتى. نەتىجىدە مىللەتنى سۆكۈش، قامچىلاش ئەدەبىياتىمىزدىكى قىزىق تېمىغا ئايلىنىپ، ئۆزى ئىچىدىن قايناپمۇ، خەلق رايىدىن پايدىلىنىپمۇ مۇشۇ خىل رىتىمدا ئەسەر يېزىش ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈندە كىتابخانلارمۇ سەل سوغۇققان بولۇپ، بۇنداق ئەسەرلەردىن بىزارلىق ھېس قىلىپ، يەنە يېڭىچە تەپەككۇر، يېڭىچە مەزمۇننى كۈتمەكتە. ئۆزىمىزدىكى ئىللەتلەر پاش قىلىنغان مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلەرگە ئوخشاش مەلۇم دەۋردىكى كىتابخاننىڭ دىققىتىنى ۋاقىتلىق تارتقان ئەسەرلەرنى مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە بولدى، دېيىشىمىز كېرەكمۇ؟ ياق، بۇنداق دېيىشكە ھېچقانداق ئاساس تاپالمايمىز. بۇنى لوگىكىلىق مەنە جەھەتتىنلا ئەمەس، تارىخىي تەرەققىيات جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتى يوق. ھازىر چاپ - چاپ بولغان ئەدەبىيات بازىرىدا ھېلىقىدەك ئەسەرلەر بولغانىكەن، ئۇنداقتا يازغۇچى، شائىرلارنىڭ سەنئەت قىممىتى بار ئەسەرلەر ھەققىدە ئويلىنىشىنىڭ ھاجىتى قالمىدىمۇ؟ ئۇلار بۇ ئاتالمىش بازاردىن شاللىنىپ قېلىشى كېرەكمۇ؟ ئۇنداقتا بىزنىڭ ئەدەبىيات دەپ سەھنىگە ئېلىپ چىقىدىغىنىمىز كىتابخاننىڭ ساپاسىغا ماسلاشقان ئەشۇ بىرقىسىم بازارلىق ئەسەرلەر بولامدۇ؟ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تەسەۋۋۇردىكى يېڭىلىق قۇرۇلمىدىكى تېخنىكىلىق مەسىلىلەر نەزەرگە ئېلىنماسلىقى كېرەكمۇ؟ مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ بازىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىتتىك بولۇپ كېتىشى ئانچە نورمال ئىش ئەمەس. داۋاملىق مۇشۇ يوسۇندا مېڭىۋېرىدىغان بولساق ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەمى قالمايدۇ. يازغۇچى، شائىرلىرىمىز بۇ بازارغا بىچارىلىك بىلەن تەلمۈرمەسلىكى كېرەك. ھەركىم ئۆزىنىڭ قاملاشتۇرالايدىغىنىنى قىلسۇن، ھەركىم ئۆز ئاۋازىدا تۈۋلىسۇن. ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى ئۆزگىچە زوق ئاتا قىلالايدۇ. كىتابخان ئۈچۈن سەنئەت قىممىتى يۇقىرى ئەسەرلەرمۇ، ئاممىباب ئەسەرلەرمۇ، تراگېدىيىلىك ئەسەرلەرمۇ، ئۈمىدۋارلىققا، ئىلھامغا باي ئەسەرلەرمۇ كېرەك. مەن شۇنداق ئويلايمەنكى، كىتابخانلىرىمىز ھېسداشلىققا، كۆز يېشىغا باي ئەسەرلەردىن كۆرە، كىتابخانلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالايدىغان باھادىر ئەدىبلەرگە بەكرەك مۇھتاج.

قايسىدۇر بىر شائىر ئېيتقاندەك خەلقئارا سەھنىلەردە شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەخمەتجان ئوسمان. . . لارنىڭ شېئىرلىرى، دېھقانلىرىمىزنىڭ ھوزۇرلىنىشى، ھەزىم قىلىشى ئۈچۈن روزى سايىتتەك ئاممىباب ئەدەبىيات ئۇستىلىرى كېرەك. يەنە، ئەدەبىياتىمىز ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن تۇرمۇشنى، مەنىۋىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ ئۆلمەس ئەسەر بولۇپ تۇرالىشى ئۇنىڭ ئىنسان تەبىئىتىنى كىتابخاننىڭ روھىنى لەرزىگە سالغۇدەك يورۇتۇپ بېرەلىگەنلىكىدە، ھەم شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدىكى بەدىئىي قۇرۇلمىدا. ئەدەبىياتتىكى سەۋىيىمىزنىڭ قانداقلىقى مىللەت روھىنى ئەستايىدىل قېزىپ چىقىپ، نەپىس تىل، مۇكەممەل بەدىئىي قۇرۇلما بىلەن بېزەشتىن بىلگىلى بولىدۇ. بىز بۇنداق ئەسەرلەرنى ھەقىقىي ئەدەبىيات قېنىمىز بىلەن ھېس قىلىپ، «مانا بۇ ئەدەبىيات!» دېيەلەيمىز.

# مەرھۇم ئۇستازىم ئابدۇللا ئىبلىنى ئەسلەيمەن

(ئەسلىمە)

ئەسقەر ياسىن

ھېسابلاپ كۆردۈم: ئۇ كۆز يۇمغان چېغىدا 44 ياش ئىكەن. 44 ياش! بۇ بىر ئىنساننىڭ ئەڭ بۇيۇك ئەڭ ئىسىل نەتىجىلەرنى يارىتىدىغان قىران چاغلىرى ئەمەسمىدى؟ مۇشەققەتلىك ھايات مۇساپىسىنىڭ مول ھوسۇلىنى كۆرىدىغان چاغلىرى ئەمەسمىدى؟ ئەقىل يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ ھاياتلىق ئالىمىگە ئاقىلانە نەزەر تاشلايدىغان، سالماق قەدىمى بىلەن ئەتىنى قۇچاقلايدىغان چاغلىرى ئەمەسمىدى؟ ۋەھالەنكى، ئۇ مۇشۇنداق گۈزەل پەيتكە قەدەم قويغان چېغىدا ئارىمىزدىن كەتتى... ھېچقايسىمىز ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىشقا ئۈلگۈرەلمىدۇق. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدىسى بويىچە ئېيتقاندا ئۇلۇغ ھېسابلىنىدىغان رامىزان ئايلىرىنىڭ ئۇلۇغ جۈمە كۈنى تاساددىپى ھالدا ئاغرىق ئازابىمۇ، ھەسرەت ـ نادامەتمۇ، غەيۋەت ـ شىكايەتمۇ بولمىغان جايغا سەپەر قىلدى. شۇنداق قىلىپ 98 ـ يىلنىڭ بېشىدىلا بىر ياخشى يازغۇچىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق.

98 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بىز «بوستان» ژۇرنىلىدىكىلەر شائىر ئابلىز ھەسەنگە تون كىيدۈرۈش، «ئالتۇنتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ۋە «تەكلىماكان روھى تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش» دېگەندەك بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزمەكچى ئىدۇق. شۇ كۈنى ھەر كۈندىكىدىن بالدۇرراق ئىشخانىغا باردىم. قىلماقچى بولغان ىىغىن تەييارلىقىنىڭ چالىسى خېلى بار ئىدى. ئىشخانىغا ئەمدىلا كىرىپ تۇرۇشۇمغا ئۆمەر مۇھەممەتئىمىنمۇ ئارقامدىن ئىشخانىغا كىردى.

— ئابدۇللا ئىبلى تۈگەپ كېتىپتۇ، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

مەن بۇ دەھشەتلىك شۇم خەۋەرنى ئۆمەر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئېغىزىدىن شۇ تەرىزدە ئاڭلىدىم.

— قاچان؟ — يۈرىكىمنىڭ ئاللاقانداق بىر يەرلىرى تولغانغان ھالدا، پەس ئاۋاز بىلەن شۇنداق سورىغىنىم ئېسىمدە.

— تاڭ ئالدىدا.

دېمەك تاڭ ئالدىدا ئۇستازىم، دوستۇم، قەلەمدىشىم ئابدۇللا ئىبلى ئاخىرى ھەممىمىز بارىدىغان قارارگاھقا سەپەر قىلىپتۇ. ئىچىمنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدە بېسىۋالغۇسىز دەرىجىدە ماتەم يىغىسى قاينىدى. خۇدادىن ئۇنىڭغا جەننەت تىلىدىم.

شۇ كۈنى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئەسلى بىر تالانتلىق يازغۇچى ئىكەنلىكىنى، ھېچكىمگە يامانلىق قىلىشنى بىلمەيدىغان ئاقكۆڭۈل، سەمىمي پەزىلەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم.

دەرۋەقە، ئۇ ئىستىداتلىق يازغۇچى ئىدى. ئۇ كورلىدىكى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئەڭ بۇرۇن ئەزا بولغانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئەينى چاغلاردا ئۇنىڭ خېلى كۆپ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان، ھەتتا بەزى ئەسەرلىرى خېلى غۇلغۇلا قوزغىغانىدى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، داشۆدە ئوقۇۋاتقان 2 ـ يىلىم ئۇنىڭ «ئۇششۇگەن خەمەكلەر» ناملىق پوۋېستى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ بۇ پوۋېستىدا دېلو رازۋېتكا ۋەقەلىكى بايان قىلىنغان بولۇپ، شۇ خىلدىكى پوۋېستلارنىڭ سەرخىلى دېيىشكە بولاتتى. بىر كۈنى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ يۇقىرى يىللىقىدا ئوقۇيدىغان شائىر دوستۇم غەيرەت غوپۇر بۇ پوۋېستقا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ كېلىپ:

— بىز بۇ پوۋېست ھەققىدە قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مەخسۇس مۇھاكىمە يىغىنى ئاچماقچى دېگەنىدى.

دەرۋەقە ئابدۇللا ئىبلىنىڭ قەلىمى ئۆتكۈر ئىدى. ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ھاياتىدا ئويلىغان، قىلماقچى بولغان نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بار ئىدى. ئۇ گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى باغرىغا تېڭىپ بىز بىلەن ۋاقىتسىز، شۇنداق تۇيۇقسىز خوشلاشتى. ھېسابلاپ كۆرسەم، ئۇنىڭ بىلەن

تونۇشقىنىمغا ئاز كەم 14 يىل بولۇپتۇ. 14 يىل ئاز ۋاقىت ئەمەس. بىراق بۇ 14 يىلنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئەقلىم ھەيران. كۈنلەرنىڭ ئېيتقىنى توغرا، بىز بۇ دۇنياغا مېھمان، بۇ دۇنيا بىر ئۆتەڭ، بۇ ئۆتەڭدىن ئۇزاپ چىقىشىمىزغا ھېچكىم ئالدىن ھۆكۈم قىلالمايدۇ.

ئابدۇللا ئېلى بىلەن تونۇشقان ئەشۇ يىللىرى، مەن بۇگۇر 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق 1 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى ئىدىم. بىر كۈنى بىزنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ ئېغىر كېسەل بولۇپ بالنىستتا يېتىپ قالغانلىق خەۋىرى كەلدى. كېيىن تارىخ دەرسىنى ناھىيىلىك بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدىن بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋاقىتلىق ئۆتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۇق. ئۇ بىزگە دەرس بېرىشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭ ناھىيە ئىچىدە نامى چىققان يازغۇچى ئىكەنلىكىدىنمۇ خەۋەر تاپتۇق. ئۆزۈم بىر ئەدەبىيات ھەۋەسكارى بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنى كۆرۈشكە تولىمۇ تەقەززا بولدۇم. تارىخ دەرسى ئۆتىلىدىغان كۈنى ئۇ سىنىپىمىزغا كىرىپ كەلدى. بوي تۇرقى ئېگىز، قارامۇتۇق كەلگەن بۇ مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرىدىن سەمىمىيلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— دەرسكە كەلمىگەنلەر، سورىغانلار بارمۇ؟— دېدى ئابدۇللا ئېلى.

بۇ مەكتەپلىرىمىزدىكى قېلىپلاشقان قائىدە ئىدى. مەن سىنىپ باشلىقى بولغانلىقىم ئۈچۈن كىملەرنىڭ كەلمىگەنلىكى، كىملەرنىڭ سورىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردىم.

شۇ كۈندىن باشلاپ بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز تەبىئىي ھالدا يېقىنلىشىپ كەتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ بىر نەرسە يېزىشقا بەك قىزىقىدىغانلىقىمنى، خېلى كۆپ نەرسىلەرنى يازغانلىقىمنى دەپ بېرىۋىدىم، ئۇ تولىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى.

— مۇنداق دەڭ، بىرەر نەرسە ئېلان قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟ قايسى ژانىردىكى ئەسەرلەرنى يېزىشقا بەكرەك قىزىقىسىز؟— دەپ سورىدى ئۇ.

— «بوستان» ژۇرنىلىدا بىر تۆركۈم يۇمۇرۇم ئېلان قىلىنغان،— دېدىم ئېپتىخارلانغان ھالدا،— ھېكايە، شېئىر، ماقالە، ئىشقىلىپ ھەممىنى يازىمەن، بولۇپمۇ شېئىر يېزىشقا بەكرەك قىزىقىمەن.

— ھەممىگە تەڭ يېپىشىۋالسىڭىز نەتىجە قازىنالمايسىز، ئالدى بىلەن بىر ژانىردا ئەسەر يېزىپ، شۇنىڭدا نەتىجە يارىتىشقا تىرىشىپ بېقىڭ. مۇنداق قىلايلى، سىز يازغانلىرىڭىزنى ماڭا ئەكىلىپ كۆرسىتىڭ، مەن بىر كۆرۈپ باقاي.

شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئۇستاز - شاگىرتلىقتىنمۇ چوڭقۇرلاپ دوستلۇققا يۈزلەندى. مەن يازغانلىرىمنى بىرنى قويماي ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم، ئۇ بولسا زېرىكمەي پىكىر بېرەتتى، ئۆزگەرتەتتى...

— سىز شېئىر يازسىڭىز نەتىجە يارىتالايدىغاندەك قىلىسىز،— دېدى ئۇ بىر كۈنى ماڭا ئىلھام بېرىپ،— بىز ئەمدى مۇنداق توختام تۈزەيلى، سىز كۈندە بىر كۇپلېت شېئىر يازىسىز، مەنمۇ كۈندە چوقۇم بىرەر شېئىر ياكى بىرەر ھېكايىنىڭ بىر قانچە بېتى دېگەندەك نەرسىلەرنى يازىمەن. مۇبادا قايسىمىز توختامغا خىلاپلىق قىلساق، سىزگە بېرىلىدىغان جازا — يازمىلىرىمنى كۆچۈرۈش. ماڭا بېرىلىدىغان جازا — ياتىقىمدىكى سىز خالىغان كىتابتىن بىرنى سىزگە بېرىش. قانداق قوشۇلامسىز؟

بۇنداق ياخشى تەكلىپنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىمەن - دە. شۇ كۈندىن باشلاپ ئىككىمىز توختام بويىچە ھەرىكەتنى باشلىۋەتتۇق. مەن ئارىلىقتا ئۇنىڭ نۇرغۇن نەرسىلىرىنى كۆچۈرۈپ بەردىم. بىراق ئۇنىڭ كىتابلىرىدىن بىرەر پارچىنى ئۇتتۇۋېلىش ماڭا نېسىپ بولمىدى. مەن ئۇنىڭ پىششىقچىلىق ئادىتىگە تولىمۇ ھەيران قالاتتىم. مەن قاچانلا ئۇنىڭ ياتىقىغا بارسام بىر توپ كىشىلەر ئۇنىڭ ياتىقىدا قانداقتۇر تۈگىمەس پاراڭلارنى قىلىشىپ ئولتۇرغان بولاتتى. بەزىدە قىزغىن ئېچىشىۋازلىق سورۇنىغىمۇ دۇچ كېلەتتىم. بىراق ئابدۇللا ئېلى بولسا بولۇڭغا قويۇلغان سىرلانمىغان پىششىقچىلىق ئۈستىلىگە ئېڭىشىۋېلىپ، خۇددى ئەتراپىدا ھېچكىم يوقتەك بىر نەرسىلەرنى يازاتتى. ئاندىن ماڭا شۇ كۈنى يازغانلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى. مەن ھەر دائىم ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئۇنىڭ ياتىقىدىكى ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن كىتابلارنى ئۇتتۇۋېلىشتىن ئۈمىدىمنى ئۈزگەن ھالدا ئۇنىڭ يېڭى يازمىلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلايتتىم.

— سىز ئۇنداق ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىيا-چىيالار ئىچىدە قانداق ئەسەر يازالايسىز؟ مەن كۆرگەن ماتېرىياللاردا يازغۇچى دېگەن جىمجىت، پىنھان يەرلەردە ئەسەر يازىدىكەن. بىراق سىزنىڭ پىششىقچىلىق ئادىتىڭىز غەلىتىلىكمۇ؟— دېدىم بىر كۈنى ئۇنىڭغا.

— كۆنۈپ قاپتىمەن. ئەمەلىيەتتە ياتىقىمغا كەلگەنلەرنىڭ كۆپى ئەدەبىيات ھەۋەسمەنلىرى، كىتابخۇمارلار. ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنىنى، سۆزلەيدىغىنىنى جىق. ئۇلار ھاراق ئىچكەندە ياكى پاراڭلاشقاندا مەن يېزىقچىلىقتا ئولتۇرسام، ئۇلار ماڭا زادىلا دەخلى قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇلاردىن بىزارلىق ھېس قىلمايمەن. ئەكسىچە مەن ئۇلار ئارقىلىق ئىلھامغا ئېرىشكەندەك بولىمەن.

لېكىن ئۇنىڭ قانداق چۈشەندۈرۈشىدىن قەتئىي نەزەر بۇ ئىش زادىلا ئىدىيەمدىن ئۆتمىگەنىدى. ئۇ كۆپ ھاللاردا ئاتاقلىق يازغۇچى سەمەت دۇگايلى (ھازىر «خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ باش

مۇھەررىرى) نى سېغىنىپ ئەسكە ئالاتتى. ئۇ دائىم: «سەمەت دۇگايلى مېنىڭ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىكى ئۇستازىم ھەم يېزىقچىلىق يېتەكچىم بولغان» دەيتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، سەمەت دۇگايلى ئاددى-ساددا، گەپ-سۆزلىرى تۈز، ھاراققا ئامراق، قائىدە-يوسۇنلارغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدىغان ئادەم ئىكەن. ھاراقنى كۆپرەك ئىچكىنى بىلەن يېزىقچىلىق ماھارىتى ۋە سۈرئىتى جەھەتتە كىشىنى تاڭ قالدۇرغىدەك ئىقتىدارى بار ئىكەن... مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئارىلاشماي كىتاب دۆۋىسى ئىچىگە كىرىۋالغان ياكى ھېچكىمنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان ئەبجەق ۋەلسىپىتىنى مىنىۋېلىپ قەشقەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا كىشىلەرنىڭ خىلمۇ-خىل ھەرىكەتلىرىگە نەزەر تاشلاپ يازماقچى بولغان ئەسىرىگە ماتېرىيال ئىزدەپ يۈرگەن سەمەت دۇگايلىنى خىيالەن كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلەيتتىم.

گەرچە ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە بىزگە دەرس بەرمىگەن (ئۈچ ئايلا دەرس ئۆتكەنىدى) بولسىمۇ، مۇناسىۋىتىمىز بۇرۇنقىدەكلا داۋاملاشتى. ئەسەرلىرىم باينغولىن دائىرىسىدىكى مەتبۇئاتلاردا ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. ئېلان قىلىنغان ھەر بىر پارچە ئەسىرىمدە جەزمەن ئۇنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىنىڭ ياداملىرى ئىز قالدۇرغان بولاتتى. شۇنداق قىلىپ ئەشۇ چاغلاردا ئۆزۈم ئوقۇۋاتقان مەكتىپىم دائىرىسىدە بىردىن-بىر ئەدەبىيات ھەۋاسكارى بولۇش سۈپىتىم بىلەن خېلىلا ئاتىقىم چىقىپ قالغانىدى.

ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3-يىللىقىغا چىققان يىلىم ئۇ ھازىرقى ئايالى ئايگۈزەل بىلەن توي قىلىپ خىزمىتىنى كورلىغا يۆتكەپ كېتىپ قالدى. مەنمۇ ئۇزاق ئۆتمەي ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ شىنجاڭ داشۆگە ئوقۇشقا كەتتىم. ئۇ ماڭا پات-پات ئىلھام بەخش خەتلەرنى يازاتتى ياكى ئۈرۈمچىگە خىزمەت بىلەن بارغان چاغلىرىدا مېنى جەزمەن ئىزدەپ ئەھۋاللىشىپ كېتەتتى. ئۇ مېنىڭ ھەر بىر نەتىجىلىرىمدىن تولىمۇ سۆيۈنەتتى.

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن كورلىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندىم. نەتىجىدە ئىككىمىزنىڭ ئۇچرىشىش پۇرسىتى تېخىمۇ كۆپەيدى. بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقان چاغلىرىمدا ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە يازماقچى بولغان ئەسەرلىرى ھەققىدە زوق- شوق بىلەن سۆزلەيتتى. بىراق ئۇ بەزى ئوبيېكتىپ، سوبيېكتىپ سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئارزۇسىدىكى ئەسەرلەرنى يېزىشقا ئىمكانىيەت يارىتالمىدى...

ئۆتكەن يىلى (97-يىلى) ئۇنىڭ قىلغان بىر سۆزى ھېلىمۇ ئېسىمدە:

بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن كوچىدا ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا ژۇرنىلىمىزدا «ئالتۇنتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تەسىس قىلغان تۇرسۇن ئەبەينىڭ روھىنى بىردەم تەرىپلىگەندىن كېيىن:

— مەنمۇ خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەر يىلى، كېلەر يىلى بولمىسا مۇشۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدە «بوستان» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئۆز يېنىمدىن خىراجەت چىقىرىپ مۇكاپاتلاش خىيالىم بار، — دېگەنىدى رەھمەتلىك.

بىراق خۇدا بۇيرۇمىغان ئوخشايدۇ، ھەممىمىزنى ئەپسۇستا قالدۇرۇپ ئۇنىڭ بۇ گۈزەل ئارزۇسى روياپقا چىقماي قالدى. ئەجەلنىڭ رەھىمسىز چاڭگىلى ئۇنى ئارىمىزدىن بىمەھەل ئېلىپ كەتتى.

رەھمەتلىكنى يەرلىككە قويغان كۈنى مەن ئۇنى ئۇزىتىپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدىم. ئاڭلىسام، ئۇنى ئىچ يەرلىككە ئېلىپ، گۆر ئاغزىغا كېسەك تىزىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەن ئوغلى جانىجان كېسەك تىزىۋاتقانلارغا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ:

— كېسەكنى بەك قېلىن تىزىۋەتمىسەڭلار، دادام ھۇشىغا كېلىپ قالسا، گۆرنىڭ ئاغزىنى ئاچالماي قىينىلىپ كەتمىسۇن، — دەپ مۇراجىئەت قىلىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان مېيىت ئۇزاتقۇچىلار ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلىشىپتۇ. ئاھ، تەتۈر پەلەك، بۇ كەلگۈلۈككە نېمە دەي؟ نېمە دەپ نالە قىلاي؟

دەرۋەقە ئابدۇللا ئېلىنىڭ ئارىمىزدىن كەتكەنلىكى كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان رېئاللىق. لېكىن ئۇنىڭ شۇنچە بالدۇر تېخى كۆپ ئىشلىرىنى ئورۇندىماي تۇرۇپ ئارىمىزدىن كەتكىنىگە ئىشەنگىمىز كەلمەيدۇ. تۇرۇپ تەھرىر بۆلۈمىمىزگە : «قاراڭلار، ‹دۇنيانىڭ ئاغزىدا قان بار› دېگەن پوۋېستىمنى ئۆزگەرتىپ ئەكەلدىم، ۋاقتىڭلارنى چىقىرىپ كۆرۈپ بېقىڭلار جۇمۇ» دەپ كىرىپ كېلىدىغاندەك تۇيغۇغا چۆمۈلىمەن.

ئەپسۇسكى بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ كەتتى. ئۇ كېتىش ئالدىدا بىزگە نۇرغۇن سوئاللارنى، ئارزۇلىرىنى، ئارمانلىرىنى قالدۇردى.

ھەممىگە شۇ نەرسە ئايان: باينغولىننىڭ ئەدەبىيات كۆكىدە ئۇ مەڭگۈ ئۆزىگە خاس جۇلاسى بىلەن چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەينى يىللاردا ئەدەبىياتىمىزدا ئاۋانگارت رول ئوينىغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ.

# بەربات بولغان ئولىمپىك

(ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايە)

## ئەركىن ئەمەت

بۇ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن داغدۇغا بىلەن باشلاندى. بۇ پەقەت بۇ نۆۋەتلىك يىغىننىڭ ئامېرىكىدەك باي دۆلەتتە ئۆتكۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈنلا بولماي، يەنە ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلانغانلىقىنىڭ 150 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈنمۇ ئىدى. ھەر قايسى ئەللەردىن كەلگەن تەنھەرىكەتچى ـ تىرىنەرلار، مۇخبىرلار، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن تاماشىبىنلارمۇ ئۆزلىمەي ئولىمپىك كەنتىگە كىرىشكە باشلىدى. مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىلىپ، مۇسابىقە ئالدىدىكى پىسخىلوگىيە جىددىيلىكى باشلىنىپ كەتتى. بۇ قېتىممۇ مۇخبىرلارنىڭ بەس ـ بەستە زىيارەت قىلىش ئوبيېكتى بولۇۋاتقان دۆلەت يەنىلا ئامېرىكا ئىدى. ئامېرىكا ئۇدا نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئالتۇن مېداللارنى تامامەن دېگۈدەك مونوپول قىلىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ياۋروپادىكى ۋە باياشات شەرقىي ئاسىيادىكى رىقابەتچىلىرىمۇ بۇ مونوپولىيەنى بۇزۇشقا ئامال قىلالمايۋاتاتتى. قارىغاندا يەنە نەچچە يىلدىن كېيىن باشقا دۆلەتلەرگە مىس مېدال ئېلىشمۇ نېسىپ بولمايدىغاندەك قىلاتتى. تەنتەربىيە بارغانسېرى ئىقتىسادقا بېقىنىپ، تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ مۇسابىقىدە قاتنىشىش تەننەرقى سانىغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ بېرىۋاتقاچقا، پەقەت ئامېرىكىدەك چوڭ دۆلەتلەردىكى ھەر قايسى شىركەتلەر تەنتەربىيىگە ئايىماي مەبلەغ سېلىپ، ئۆز شىركەتلىرىنىڭ ئوبرازىنى بازارغا سالىدىغان مۇشۇنداق جايدىلا مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەر كۆپلەپ يېتىشىپ چىقالايتتى. شۇڭا ئامېرىكا ئولىمپىك كوماندىسىنىڭ باشلىقى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا يۈرەكلىك ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئالتۇن مېدال مونوپوللىقىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە كۈمۈش مېدالدىمۇ مونوپوللۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنى جاركالىدى. باشقا ئىقتىسادىي كۈچلۈك ئەللەردىن كەلگەن تەنھەرىكەتچىلەرمۇ مۇخبىرلارنىڭ تالىشىپ زىيارەت قىلىش ئوبيېكتى بولدى. پەقەت ئافرىقىدىكى كىچىك دۆلەت ئېرىتارىيەنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ باشلىنىشىغا ئىككى كۈنلا قالغاندا ئاندىن كەلگەنلىكىگە قۇتلۇقتىن باشقا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. قۇتلۇقنىڭ بۇ ئىشنى بايقاپ قېلىشىغىمۇ، ئۆزىنىڭ سىيۇرىخ بىئولوگىيە تەتقىقات مەركىزىدە بىلىم ئاشۇرغان چاغدىكى ئۇستازى، ئاتاقلىق ھۇجەيرە بىئولوگىيە ئالىمى مەردانىنى بۇ دۆلەتنىڭ ئولىمپىك كوماندىسى بىلەن بىرلىكتە بۇ يەردە كۆرگەنلىكى سەۋەب بولغانىدى.

قۇتلۇق بۇ قېتىم ئۆز دۆلىتىنىڭ ئولىمپىك كوماندىسىغا تىببىي مەسلىھەتچى بولۇپ بۇ يەرگە كەلگەن بولغاچ، ئۆز ئۇستازىنىڭمۇ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش بىرەر سالاھىيەت بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلدى. بىراق ئۇ ئۇستازىنى ھەر قانچە ئويلاپمۇ ئۇنىڭ بۇ كىچىك ئافرىقا دۆلىتىگە باغلىنىپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. ئۇ ئۇستازىنى كۈتۈۋېلىش زالىدا ئۇچرىتىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بولغىچە ئېرىتارىيە كاماندىسى بىلەن تېزلا مېھمانخانىغا بارىدىغان ماشىنىغا چىقىپ يۈرۈپ كەتتى. قۇتلۇق قانداقلا بولمىسۇن مۇسابىقە باشلىنىشتىن بۇرۇن ئۇستازى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ، ئېرىتارىيەلىكلەر چۈشكەن مېھمانخانىغا بېرىپ ئۇنى ئىزدىدى. بىراق ئېرىتارىيە ئولىمپىك كوماندىسى ئۇنى نائۈمىد قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق كىشىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قۇتلۇقنى ئۇستازى بىلەن كۆرۈشتۈرمىدى. بۇ ئىش قۇتلۇققا سەل بىمەنىلىكتەك تۇيۇلدى. ئېرىيارىيە كوماندىسى ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ھەر قانداق تەنھەرىكەتچىلىرىنىمۇ مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىشقا رۇخسەت قىلىشمىغانىدى. مۇسابىقە باشلىنىپ كەتكىچە قۇتلۇققا ئۇستازى بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتى بولمىدى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى زور داغدۇغا ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن ھەيۋەت بىلەن باشلاندى. بۇ ئالاھىدە خاتىرىلەش ئەھمىيىتىگە ئىگە كاتتا يىغىلىشقا خەلقئارادىكى كۆپۈنچە دۆلەتلەرنىڭ كاتتاباشلىرى قەدەم تەشرىپ قىلىشقانىدى.

ئېچىلىش مۇراسىمى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشنى مونوپول قىلىۋالغان ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقاچقا، ئامېرىكا پىرېزىدېنتى تەرىپىدىن باشلانغانلىقى جاكارلاندى. ھاياجانلىق باشلىنىش مىنۇتلىرىدىن پۈتۈن دۇنيا تاماشىبىنلىرى ئولىمپىك مەركىزى مەيدانىدىكى نەچچە يۈز مىڭلىغان تاماشىبىنلار ۋە يەر شارى ئوربىتىسىدىكى ئاھالىلەرمۇ بىرلىكتە بەھرىمەن

بولۇشتى. ئېچىلىش مۇراسىمى ئاخىرلىشىپ مۇسابىقە باشلىنىپ كەتتى. مۇسابىقە باشلىنىپ بىرىنچى كۈنىدىكى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدىلا پۈتكۈل ئولىمپىك كەنتىنى زىل - زىلىگە سالىدىغان خەۋەر تارقالدى. ئافرىقىدىكى كىچىك دۆلەت ئېرىترىيە بىرىنچى قېتىملىق قارىغا ئېتىش تۈرىدىلا كۈچلۈك ئامېرىكا كوماندىسىنى يېڭىپ تۇنجى ئالتۇن مېدالنى تارتىۋالدى. بۇ نەتىجە يەر شارىدا بار - يوقىنىڭ ئارىلىقىدىكى كىچىك دۆلەتكە نىسبەتەن ھەقىقەتەن زور ئۇتۇق ئىدى. ئارقىدىنلا ئېغىرلىق كۆتۈرۈش تۈرىدىكى ئالتۇن مېداللارمۇ مۇشۇنداق سىرلىق كارامەت ئىگىلىرى تەرىپىدىن قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ ئافرىقا دۆلىتىنىڭ نوپۇسى ئاز، تەنتەربىيە ھەرىكىتىمۇ قانات يايمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ تاماق مەسىلىسىنىمۇ يېقىندىلا ھەل قىلغاچقا، تەنتەربىيىدەك غايەت زور مەبلەغ تەلەپ قىلىدىغان كەسىپكە ئاجراتقۇدەك ئۇنداق كۆپ پۇلىمۇ يوق، ھەتتا ئامېرىكىدەك مۇشۇنداق دۆلەتتىكى تەنتەربىيە كلۇبلىرىنىڭ بىرەر داڭلىق تەنھەرىكەتچىنى تەكلىپ قىلىش خىراجىتىمۇ بۇ دۆلەتنىڭ بىر يىللىق تەنتەربىيىگە ئاجراتقان خىراجىتىدىن ئېشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېرىترىيە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ مۇستەقىل بولغاندىن بۇيان، مەبلەغ كەمچىل بولغانلىقتىن ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا ئۇزۇن يىل قاتنىشالمىغانىدى. بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ تۇنجى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىشىدىمۇ يېنىك ئاتلېتىكا، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، سۇ ئۈزۈش قاتارلىق ناھايىتى چەكلىك تۈرلەرگىلا قاتناشقانىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ تۇنجى كۈندىكى غەلىبىسىدىن كېيىن، چوڭ سەھىپىلىك ماقالىلار ئېلان قىلىنىپ گېزىتلەرنىڭ باش ئىستونلىرىغا «بىر كېچىدىلا يېڭى بىر تەنتەربىيە دۆلىتى دۇنياغا كەلدى» دېگەندەك خەۋەرلەر بېسىلىپ، بۇ خەۋەر ھەممە يەرگە يامراپ كەتتى. كېيىنكى مۇسابىقىلەردىمۇ ئېرىترىيە تەنھەرىكەتچىلىرى يېڭى - يېڭى مۆجىزىلەرنى يارىتىپ پۈتۈن دۇنيا تاماشىبىنلىرىنى ھەيران قالدۇردى. ئېرىترىيەنىڭ ئېغىرلىق كۆتۈرۈش تەنھەرىكەتچىلىرى ئادەمنىڭ ئومۇرتقىسىنى سۇندۇرۇۋەتكۈدەك ئېغىر شتانگىنى ھېچقانچە كۈچىمەيلا كۆتۈرۈپ ئامېرىكا ئېغىرلىق كۆتۈرۈش چولپانلىرىدىن ئېشىپ كېتەتتى. بولۇپمۇ ئالتۇن مېدال كۆپ مەركەزلەشكەن يېنىك ئاتلېتىكا تۈرىدە بۇ ئىسسىق بەلباغ دۆلىتىدىن كەلگەن قارا چولپانلار سىزىقتىن خۇددى قاپلاندەك ئېتىلىپ چىقىپ، شامالدەك يۈگۈرۈپ ئاخىرقى نۇقتىغا تۇنجى بولۇپ يېتىپ باراتتى. چېلىشىش تۈرىدە بولسا، مەيلى ئامېرىكا چېمپىيونلىرى بولسۇن ياكى موڭغۇل، ئىراننىڭ چېلىشىش پالۋانلىرى بولسۇن تاغدەك گەۋدىلىرى بىلەن ئېرىترىيە چېلىشچىلىرىنىڭ ئالدىدا بىر مەيدان ئېلىشقىمۇ يارىماي يەر چىشلەيتتى. ئۇلار سۇ ئۈزۈش كۆلچەكلىرىدىمۇ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، خۇددى ئوق يىلاندەك سۇ يۈزىنى يېرىپ ئۆتۈپ ئاخىرقى نۇقتىغا بىرىنچى بولۇپ باراتتى. ئۇلار ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن سۇ ئۈزۈش كۆلچەكلىرىدە تاماشىبىنلارنىڭ كۆزلىرىنى ئالا - چەكمەن قىلاتتى. بوكس مەيدانلىرىدا بولسا، ئامېرىكىنىڭ ئېغىر دەرىجىلىك بوكس پادىشاھلىرىمۇ، ئېرىترىيە بوكسچىلىرىنىڭ خۇددى قولىغا ماتور ئورنىتىۋالغاندەك توختىماي يامغۇردەك ياغدۇرىۋاتقان مۇشتلىرى ئالدىدا مۇسابىقە مەيدانلىرىدىن ئاغزى - بۇرنى قانغا بويۇلۇپ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرگەن ھالدا مۇسابىقىدىن چېكىنەتتى ياكى قاتتىق مۇشت زەربىسىدىن ھوشىدىن كېتىپ جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى بىلەن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلەتتى. قۇتلۇق پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ ماھارىتىدىن ھەيرانلىق ۋە ئەجەبلىنىش ھېس قىلدى. ئۇ ئېرىترىيە تەنھەرىكەتچىلىرى قاتناشقان مۇسابىقىلەرنىڭ كۆپۈنچىسىنى دېگۈدەك كۆردى. بۇنىڭلىق بىلەنلا بولدى قىلماي، كېچىلەپ ئۇلار قاتناشقان مۇسابىقىلەرنىڭ سىنئالغۇلىرىنىمۇ كۆردى. گەرچە قۇتلۇقمۇ دەسلەپ ئۇلارنىڭ قوزغاتقۇچ دورا ئىشلەتكەنلىكىدىن گۇمان قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئىلغار ئۈسكۈنىلەردە قايتا - قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە بۇنداق گۇماننىڭ قىلچە ئاساسسىز يوقلۇقى ئىسپاتلاندى. بولۇپمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى ئېرىترىيەلىك تەنھەرىكەتچىلەر بىلەن مۇسابىقىگە چۈشكەن تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتى تېخىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. تەنھەرىكەتچىلەر مۇخبىرلارغا ئۆزلىرىنىڭ خۇددى ھارۋا چاقىنى توسماقچى بولغان چۈمۈلىدەك، ئېرىترىيەلىك تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ تېنىدىن چىقىۋاتقان بىر خىل قۇدرەتلىك كۈچ بىلەن تۇتىشىپ قالغاندەك، ئۆزلىرىنىڭ ئامالسىزلىق ھېس قىلىشقانلىرىنى بىۋاسىتە تۇيغۇسى بىلەن سۆزلەشتى. قۇتلۇق ئۇلارنىڭ مۇسابىقە سىنئالغۇسىنى قايتا - قايتا تەتقىق قىلىپ، ئېرىترىيەلىك تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ شۇنچە قۇدرەتلىك بولۇشىغا قارىماي بىرەر قېتىممۇ دۇنيا رېكورتىنى بۇزمىغانلىقىغا دىققەت قىلدى. ئۇلارنىڭ چىراي ئىپادىسى ۋە ھەرىكەتلىرىدىن ئۇلارنىڭ ھېچ كۈچىمەيلا بۇ ئۇتۇقلارغا ئىگە بولىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئوندىن بىرىنىمۇ تولۇق چىقارمىغانلىقىنى بايقاپ قالدى. قارىغاندا ئۇلار پەقەت ئالتۇن مېدالنىلا ئېلىشنى كۆزلەۋاتقاندەك قىلاتتى. قۇتلۇق ئۆزىنىڭ دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ھۈجەيرە بىئولوگىيە ئالىمى بولغان ئۇستازىنىڭ ئېرىترىيە كوماندىسىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە بۇ يەرگە كەلگەنلىكى ئۇنىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ قوزغىدى. ئۇ

كېچىچە كىرپىك قاقماي ئويلىنىپ تۇيۇقسىز چۆچىگەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېرىتارىيەلىك تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ مۇشۇنداق مۆجىزە يارىتالىشىنىڭ سىرىنىڭ دەل ئۆز ئۇستازى مەردان مۇئەللىمدە ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردى. مەردان دائىم مۇسابىقە مەيدانلىرىدا، تېرىنېرلارنىڭ يېنىدىكى ئورۇنلاردا پەيدا بولۇپ قالاتتى. تورۇپ يەنە بىر مۇسابىقە مەيدانىدىكى ئېرىتارىيە تەنھەرىكەتچىلىرى مۇسابىقىغە چۈشكەن مەيداندىكى ئېرىتارىيەلىك تېرىنېرلارنىڭ يېنىدا ئۆنەتتى. قارىغاندا ئۇلار ئۇنى ناھايىتى مۇھىم شەخس دەپ بىلسە كېرەك، ھەممىسى ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى.

ئۇنىڭ ئېرىتارىيەلىكلەر ئارىسىدا ئىمتىيازلىق ئادەمگە ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. قۇتلۇق قاينام - تاشقىنلىق ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان ئولىمپىك مۇسابىقە مەيدانلىرىدا، دەم ئېلىش زالى، تاماقخانا، ياتاق، ھەتتا تازىلىق ئۆيىگە كىرگەندىمۇ مەردان مۇئەللىم بىلەن ئايرىم بىرەر جايدا ئۇچرىشىش پۇرسىتى بولمىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ھامان گەۋدىلىك ئىككى ئادەم بىللە ئىدى. قۇتلۇق ئېرىتارىيەلىكلەرنىڭ بۇنداق ئۇتۇقلارغا ئېرىشىشى چوقۇم ئۇلارنىڭ باشقىلارغا ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان مەخپى قورالدىن پايدىلانغانلىقى ئېنىق دەپ قاراتتى. مەردانىنىڭ مىجەزى غەلىتە بولۇپ ئىجتىمائىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا قاتناشمايتتى. ھەتتا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغىمۇ ناھايىتى ئاز قاتنىشاتتى. ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا تەتقىقاتتىن باشقا، ئۆزىنىڭ شەخسى تۇرمۇشىغا ھېچقانداق بوشلۇق قالدۇرمىغانىدى. بۇ ئائىلە تۇرمۇشىنى تەتقىقاتىغا توسالغۇ، يۈك دەپ قارىغاچقا، يېشى 50 تىن ئاشقان بولىشىغا قارىماي تېخىچە توي قىلمىغانىدى. ئۇ باشقىلارغا كۈلۈپ سالام بېرىش، قول ئېلىشىشىپ كۆرۈشۈشلەرنىمۇ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشتىن باشقا ئىش ئەمەس دەپ قارايتتى. ئۇ پۈتۈنلەي ھۆجەيرىلەر ئارىسىدىكى مىكرو دۇنياغا چۆكۈپ كەتكەن بولۇپ، ھۆجەيرىنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ دېيىشمۇ بولاتتى. گەرچە سيورۇخ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكىلەر مەردانىنىڭ غەلىتىلىكى توغرىسىدا سۆز - چۆچەك قىلىشسىمۇ، بىراق مەردانىنىڭ مۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ نوپۇزىنى ئاشۇرۇۋاتقان ئالىمنى كۆرگەندە ھەممىسى بىردەك ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. قۇتلۇق بۇ ئىشنى ئولىمپىك كومىتېتىغا مەلۇم قىلىپ ئېرىتارىيەلىكلەرنىڭ ھىيلە - مىكرىنى ئېچىپ تاشلىماقچى بولغان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا ئاۋال ئۆز ئۇستازى بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىش قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزىدىمۇ بۇ ئولىمپىك تەنھەرىكەت تارىخىدىكى ئەڭ زور سۇيىقەستنى ئېچىپ تاشلىغۇدەك يېتەرلىك ئىسپاتمۇ يوق ئىدى. قۇتلۇق قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن مەردان بىلەن ئۇچراشماقچى بولدى. ئېرىتارىيەلىكلەر مەردانىنى قاتتىق قوغداۋاتقاچقا پەقەت خەتەرگە تەۋەككۇل قىلماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ مېھمانخانىدىكى ياتىقىغا يوشۇرۇنچە كىرىپ كۆرۈشمەكچى بولدى - يۇ. شۇ كۈنى كېچىسىلا ئۇستازى تۇرۇشلۇق بىناغا كەلدى.

ئېرىتارىيەلىكلەر ياتاق بىناسىنىڭ ئەڭ ئۈستىنكى قەۋىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياتاق رايونىغا كىرىدىغان قەۋەتنىڭ كارىدورلىرىغا مەخپى پوستلار قويۇلغانىدى. قۇتلۇق بىرىنچى كۈنى بۇ يەرنى بىر كېچە كۆزىتىپ مەردان تۇرغان ئۆينى كۆڭلىدە جەزىملەشتۈردى. قۇتلۇق ئۆز ئۇستازىنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ياخشى بىلەتتى. مەردان كۆپ ئۇخلاشنى ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈش دەۋرىدىن قېپقالغان ناچار ئادىتى دەپ قارىغاچقا، كۈنىگە پەقەت ئىككى - ئۈچ سائەتلا ئۇخلايتتى. ئۇ بۇ يەردىمۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىنى كېچىنى - كۈندۈزگە ئۇلاپ داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. قۇتلۇق پۈتۈن كېچە دېگۈدەك مۇشۇ ياتاقتىلا چىراغنىڭ يېنىق تۇرغانلىقىدىن ئۇستازىنىڭ ياتىقىنى جەزىملەشتۈرگەنىدى. ئەتىسى بىر كۈن يەنە ئېرىتارىيەلىكلەرنىڭ شانلىق غەلىبىلىرى بىلەن ئاخىرلاشتى. شۇ كۈنى كەچتە قۇتلۇق تولۇق تەييارلىق بىلەن بىر ئامالنى ئىشلىتىپ يۈرۈپ مېھمانخانىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقتى - دە، بېلىگە ئارغامچا باغلاپ ئۆگزىدىن ئاستا سېرىلىپ، چىرىغى يېنىق تۇرغان ئۆينىڭ بالكونىغا چۈشتى. قۇتلۇق ئارغامچىنى يىغىشتۇرۇپ بالكوندىن ياتاق ئۆيى ئارقىلىق مەردانىنىڭ تېخىچە بىر نېمىلەرنى يېزىۋاتقان ئىشخانىسى ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئىشىكنى قىيا ئېچىپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. مەردان ئۇنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرمىدىمۇ يەنىلا يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. بىر ئازدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ يەنە يېزىشقا كىرىشتى. ئۇ تۇرۇپ يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇتلۇققا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قورقۇشتىن كۆپرەك ھەيرانلىق، خۇشاللىق نۇرلىرى چاقنايتتى. ئۇ قەلەمنى تاشلاپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ قۇتلۇقنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ كۆرۈشۈپ كەتتى. ئۇلار قىزغىن ھال - مۇڭ بولۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سيورۇخ ئۇنىۋېرسىتېتىكى كۆڭۈللۈك ۋاقىتلىرىنى ئەسلىشىپ كېچىچە پاراڭلاشتى. قۇتلۇق ئۇستازىنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، سۆزنىڭ تېمىسىنى ئېرىتارىيە كوماندىسىغا يۆتكەپ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ كىرگەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۇستازىنىڭ نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى سورىدى.

— بۇنىڭدا ئۇلاردىن يامانلىغىلى بولمايدۇ. ھازىر ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا ھەر قايسى دۆلەتلەر يۇقىرى تېخنىكا بىلەن قوراللىنىپ كىرىۋاتىدۇ. ئېرىتارىيەلىكلەر پەقەت ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرى تېخنىكىسىنىڭ باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ۋە مېنىڭ بىخەتەرلىكىم ئۈچۈنمۇ مۇشۇنداق قىلىشى زۆرۈر.

قۇتلۇق پەيتنى قولدىن بەرمەي يەنە سورىدى.

— مەن ئولىمپىك كەنتىگە كەلگەندىن بۇيان، بوش ۋاقتىمنى پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىۋاتقان ئىرىتارىيەلىكلەرنى تەتقىق قىلىشقا قارىتىۋاتىمەن، ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى ساختىلىقىنى بايقاپ بولدۇم دېسەممۇ بولىدۇ. سىز بىلەن بىرگە تەتقىقات مەركىزىدە ئىشلىگەن تەسىراتىمغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ بۇ مۆجىزىلىرىنىڭ سىرىنىڭمۇ دەل سىزنىڭ تۆھپىڭىزدىن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى جەزىملەشتۈردۈم. مەن سىزنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ بارلىق يېڭى كەشپىياتلىرىڭىزنى خەلقئاراغا ئاشكارىلاپ، ئىنسانىيەتكە بەخت ياراتماي، ئەكسىچە ئىرىتارىيەدەك كىچىك ئافرىقا دۆلىتىگە خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىڭىزغا مەكمۇ ھەيران بولدۇم،ـ دېدى قۇتلۇق ھاياجان بىلەن، ئۇستازىغا ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ.

— بۇ ئىشنى سۆزلەپ كەلسەك ھەقىقەتەنمۇ كومېدىيەلىك تۇسكە ئىگە بىر ئىش بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچە تېز ۋە شۇنچە تەبىئى يۈز بەردى. چۈنكى يېشى 50 تىن ھالقىغان بىر ئادەمنىڭ مۇھەببەت تورىغا ئىلىنىپ قالغىنى نەدە بار دەيسەن؟ ئەمىلىيەتتە بۇ ئىش دەل شۇنىڭدىن باشلانغان. بىلەمسەن، سەن سىيۇر ۋختىن كېتىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، بىئولوگىيە تەتقىقات مەركىزىگە ئىرىتارىيەلىك بىر قىز كېلىپ مېنىڭ قول ئاستىمدا ياردەمچى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ بىلىم ئاشۇرغىلى كەلگەنىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مېنىڭ پۈتۈن تۇرمۇشۇم ئۆزگەردى. ئۇ مېنىڭ تەجرىبەخانامدا بولمىغان چاغلاردا زېرىكىش، يالغۇزلۇق ھېس قىلىدىغان، ھەتتا بىئولوگىيىلىك تەجرىبىلەرمۇ ماڭا مەنىسىز بىلىنىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، شوخ ـ چېچەن سەزگۈرلىكى، قارا بولۇشىغا قارىماي ئادەمنى ھەيران قالدۇرغىدەك چىرايلىقلىقى مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى. تۇنجى قېتىم ئۆزۈمنىڭ مۇھەببەتسىز ئۆتكەن ھاياتىمغا ئېچىندىم. ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئىستىكى مېنى توختىماي ئازابلىدى. مەن ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلدىم. توي قىلىش تەلىپىنىمۇ قويدۇم. بىراق ئۇ مېنىڭ تەلىپىمنى چىرايلىقچە رەت قىلىپ، يۇرتىدىكىلەرنىڭ ئۆزىدىن، ئۆزلىرىنىڭ نامرات دۆلىتى ئۈچۈن لاياقەتلىك بىلىم ئىگىسى بولۇپ قايتىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ ھەم بۇ يەرگە مۇشۇ مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ رەت قىلىۋەتتى. بىراق مېنى شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلدى دەمسەن، بۇ كېيىنكىپ كەلگەن مۇھەببەت مېنى ئۆزىگە ئەسىر قىلغانىدى. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە بولغان ساداقىتىدىن ھەيران بولدۇم. ئادەتتە ياۋرۇپاغا كەلگەن ئافرىقىلىقلار ھامان ئۆزلىرىنىڭ يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ ياۋرۇپادا قېلىشنىڭ ئامالىنى قىلاتتى. ئۇ ئۆز ۋەتىنى توغرىسىدا نۇرغۇن ئىشلارنى، دۆلىتىنىڭ تارىخى، مەنزىرىسى، مول يەر ئاستى بايلىقى ۋە شۇنىڭدەك ئادەتتىن تاشقىرى نامراتلىقىنىمۇ سۆزلەپ بېرەتتى. مەن قىزنىڭ بەزىدە ھەسرەت قاپلايدىغان چىرايىدىن ئاللىقانداق يۇرتىدىكى بىرەر يىگىتنى سېغىنىشتىن ئەمەس، بەلكى ئۆز ۋەتىنىگە بولغان سېغىنىش ۋە ئېچىنىش ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تېنىدىن ھەر قانداق ئاق تەنلىك قىزلاردا بولمايدىغان نازاكەت ۋە ئالىيجانابلىقنى جانابلىقنى ھېس قىلدىم. مەن ئاخىرى ئۆزۈمنىڭ بارلىق بىلىمىنى، ھەتتا ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتىمنى ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ۋەتىنىگە سوۋغا قىلىپ، ئۇنىڭ دۆلىتىگە بېرىپ ئىشلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈردۈم، ھەم ئۇنىڭ ئوقۇش مۇددىتى توشقاندا ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىرىتارىيەگە باردىم. ئۇلارنىڭ مەملىكىتى مەن ئۈچۈن زور مەبلەغ ئاجرىتىپ تەجرىبىخانا قۇرۇپ بەردى. قىزىل دېڭىزدىكى ئاراللاردىن بىرىدە ھەشەمەتلىك داچا، كۆز يەتكۈسىز زېمىننى ماڭا سوۋغا قىلىشتى. مەن ئۇ قىز بىلەن ئاخىرى توي قىلىپ بەختلىك ئائىلە قۇردۇم.

— شۇنداق قىلىپ سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھۈجەيرە بىئولوگىيە ئىلمىدىكى نەتىجىلىرىڭىزنى ئىرىتارىيەلىكلەرنىڭ تېنىدە ئىشلىتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— بۇ پەقەت بىر ۋاستە، ھەيران قېلىشقا توغرا كەلسە ئامېرىكىدەك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە مونوپولىيىلىك ئورۇننى ساقلاپ قالغان دۆلەتلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا ھەيران قېلىش ۋە چۆچۈش كېرەك. ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئىشلىتىلىدىغان مۇسابىقە ۋېلسىپىتىنىڭ تەننەرقىلا بىر مىليون دوللارغا يەتتى. ئۇلار يەنە يەلكەنلىك كېمە مۇسابىقىسىغا قاتنىشىدىغان، يەلكەنلىك كېمىلەرنى ياساشقا، ئالەم كېمىسىنى ياساشقا ئىشلىتىدىغان ماتېرىيال ۋە تېخنىكىلارنى قوللاندى. ئۇلارنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىدىغان تەنھەرىكەتچىلەرنى تەربىيلەش راسخودىمۇ ئادەمنى چۆچۈتىدۇ.

— شۇڭا سىلەرمۇ «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دەپ، بىئولوگىيە تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا تاقابىل تۇردۇڭلار ھەم مۇۋەپپەقىيەت قازاندىڭلار؟

— شۇنداق، سەن ھازىر ئاتوم بومبىسىنىڭ پارتلىغانلىقىنى كۆردۈڭ، بىراق ئاتوم بومبىسىنى ياساش تېخنىكىسىنى تېخى بىلمەيسەن، بۇ بىر دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، بۇ تېخنىكىنى ئىگىلىگەن دۆلەتلەر ھامان تەنتەربىيە مونوپوللىقىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. مېنىڭچە بۇ تېخنىكىنىڭ دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ياخشى، ئەھمىيەتلىك ئىشلىتىش جايى بولمىسا كېرەك. ئۆزۈڭمۇ كۆردۈڭ، قارا تەنلىكلەر دۆلىتى ئىرىتارىيە دۇنياغا تونۇلۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتتىكى

ئورنى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئىرىتارىيە خەلقىنىڭ مىللى ئىپتىخارى، خەلقنىڭ ئويۇشۇشچانلىقى ئېشىپ دۆلەتكە، خەلققە مىسلىسىز ئىپتىخار، شان - شەرەپ كەلتۈردى.

- سىز بىلەن كۆرۈشەلىگەن ئىكەنمەن، - دېدى قۇتلۇق دېرىزىگە قاراپ قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ جىق ۋاقتى قالمىغانلىقىنى پەملەپ، — بىر ئىشنى سورىۋالاي، مەن ئىرىتارىيەلىكلەرنىڭ سىنئالغۇلىرىنى قايتا - قايتا كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى كۆرسىتىشتىن خېلىلا يىراق تۇرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. پەممىچە ئۇلار تەگدىن تولا ئولىمپىك تەنتەربىيە تۈرىدە دۇنيا رىكورتىنى يېڭىلىيالايتى. بىراق نېمە ئۈچۈن بىرەرسىمۇ خۇددى ئالدىن پىلانلىنىۋالغاندەك بىرمۇ دۇنيا رىكورتىنى بۇزمىدى؟

— ھەقىقەتەن كۆزۈڭ بار ئىكەن. ئۆزۈڭ پەرەز قىلغاندەك ئىرىتارىيەدەك كىچىك دۆلەتلەردە، ئامېرىكىنىڭ تەنتەربىيە چولپانلىرىنى يېڭىپ چۈشەلىگۇدەك تەنھەرىكەتچىلەرنى يېتىشتۈرەلەيدىغان ئۇنداق زور مەبلەغ يوق ئىدى. مەن ئىرىتارىيەلىكلەرنىڭ تېنىدە ئۆزۈم تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان، چەكلەشكە قارشى دورىلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تېنىدىكى 700 نەچچە مۇسكۇلىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەبىئەت دۇنياسىدا مەۋجۇت بولىۋاتقىنىغا نەچچە يۈز مىليون يىل بولغان بىر خىل قۇدرەتلىك جانىۋار چۈمۈلە مۇسكۇل ھۈجەيرىسىنى ئادەمنىڭ مۇسكۇلىنىڭ تۈزۈلۈش، ئىرسىيەت گېنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈلگەن مۇسكۇل بىلەن ئالماشتۇرۇۋەتتىم. چۈنكى چۈمۈلىدەك بۇنداق تەبىئەت دۇنياسى نەچچە يۈز مىليون يىلدا يېتىشتۈرۈپ چىقارغان ئېغىرلىق كۆتۈرۈش چېمپىيونى ئۆز بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ 100 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدىغان ئېغىر جىسمىنى كۆتۈرەلەيتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ھۈجەيرىسىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ھەر بىر ھۈجەيرە بىر ماتوردەك ئېنىرگىيە چىقىرىش سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئادەم بەدىنىنىڭ ھۈجەيرىسى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ئىدى. ئەڭ مۇنەۋۋەر ئېغىرلىق كۆتۈرۈش تەنھەرىكەتچىلىرىمۇ پەقەت ئۆز بەدەن ئېغىرلىقىدىن ئىككى ھەسسە ئېغىر جىسمىنىلا كۆتۈرەلەيدۇ. شۇڭلاشقا دۇنيا چېمپىيونلىرى ئىرىتارىيەلىك تەنھەرىكەتچىلەر ئالدىدا گويا گىگانت پالىۋانلار ئالدىدىكى كىچىك بالىلارغىلا ئوخشاپ قېلىشقانىدى. شۇڭا ئۇلار ئېغىرلىق كۆتۈرۈش تۈرىدىلا ئەمەس، يەنە سۇ ئۈزۈش، يۈگۈرۈش، چېلىشىش، بوكس تۈرىدىكى مۇسابىقىلاردىمۇ ھېرىش دېگەننى بىلمەيتتى. سەن قارىغا ئېتىش ۋە ئوقيا ئېتىش تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ كۆزلىرىنىڭ بۈركۈتتەك ئۆتكۈرلىكىدىن ھەيران قالغانسەن، ئەمەلىيەتتە چەكلەشكە قارشى دورىلار ئىشلىتىلگەندىن كېيىن كۆچۈرۈلگەن ھەقىقىي بۈركۈتنىڭ كۆزلىرىگە ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن. چۈنكى بۈركۈتنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئادەم كۆزىنىڭ 10 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. شۇڭلاشقا ئىرىتارىيە قارىغا ئېتىش تەنھەركەتچىلىرى ھېچ كۈچىمەيلا ئالتۇن مېداللارنى قولغا كەلتۈرەلىدى. يەنە ئورانگوتاننىڭ ئىلاستىك، كۈچتۈڭگۈر مۇسكۇلىنى يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ مۇسكۇلىغا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان خەتەرلىك مۇرەككەپ ئۇچقۇر ھەرىكەتلەرنى بىمالال ئورۇنلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدىم. ئىشقىلىپ تەبىئەت دۇنياسى مىليونلاپ يىللار مابەينىدە تەدرىجى تەرەققىي قىلىپ يېتىشتۈرگەن جانلىقلار تېنىدىكى مۆجىزاتلارنى ئادەمنىڭ مېڭىسىدىن باشقا ھەر قايسى ئەزالىرىغا ئالماشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بۇ مۆجىزاتلار تېخى تەنتەربىيەدىن ئىبارەت كىچىككىنە ساھەدىلا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشى، خالاس. سېنىڭ ئۇلارنىڭ دۇنيا رىكورتىنى بۇزمىغانلىقىغا ھەيران قېلىشىڭغا كەلسەك، بۇنى پەقەت تاكتىكا مەسىلىسىلا دەپ چۈشەنسەڭ بولىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا بۇ مۆجىزىلەر كىشىلەرنىڭ بەك دىققىتىنى قوزغاپ كەتمەيدۇ.

قۇتلۇق ھەم ھاياجان ھەم دېلىغۇللۇق ئىچىدە مەردان مۇئەللىم بىلەن خوشلاشتى. گەرچە مەردان مۇئەللىم بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ قارىغان ئوقۇغۇچىسىغا سۆزلەپ بەرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۆز سىرىنى ئاشكارىلاپ قويۇشىنى ئويلىمىدى. قۇتلۇق بۇ چوڭ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ، دۆلەت ئىچى - ۋە خەلقارادا بىراقلا نام چىقىرىش، ھەتتا خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا كۆرسىتىلىپ قېلىشىنى، شۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغان ھەر قايسى ئەللەردىكى ساياھەتلەر، تۈگىمەيدىغان زىيارەتلەر ۋە ھەر خىل ئېرىقتىكى ئاياللارنىڭ جەلپ قىلىشىدىن ئۆزىنى تۇساپ قالالمىدى. بۇ مەخپىيەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئىرىتارىيە كوماندىسىنىڭ غەلىبە تەنتەنىسى ئىچىدە ئالتۇن مېدال، شان - شەرەپ گۈلدەستىلەرگە پۈركىنىپ، زەپەر قۇچۇپ قايتىشى بىلەن ئاخىرلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاشكارىلىنىپ بولدى. قۇتلۇق شۇندىن كېيىنكى يىللاردا، قايتىدىن ئۆز دۆلىتىنىڭ بىئولوگىيە تەتقىقات مەركىزىگە بېرىپ، مەخسۇس جانلىقلار سېلىشتۇرماشۇناسلىقىنى ئادەم بەدىنىگە تەقلىد قىلىشنى تەتقىق قىلدى. ئۇ دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ تارمىقىدىكى بىر تەتقىقات مەركىزىنى، دۆلەتكە شان - شەرەپ كەلتۈرۈپ، تەنتەربىيە چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى دەپ قارىغاچقا، پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي كۆپلەپ مەبلەغ ئاجراتقان ئىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ تەتقىقات مەركىزى مىڭلىغان بىئولوگلار تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چوڭ پەن - تېخنىكا شەھىرىگە ئايلانغانىدى. بۇ يەردە ھەر كۈنى دېگۈدەك خىلمۇ -

خىل تەجرىبىلەر ئېلىپ بېرىلىپ، ئادەم بەدىنىدە تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇ ـ خىل كارامەتلەر، مۆجىزىلەر ئۆز ئىپادىسىنى تاپاتتى. بۇنىڭ ھەممىسى بۇ دۆلەتنىڭ تەنتەربىيە سەۋىيەسىنى خەلقئارادىكى تەنتەربىيە مونوپوللىقىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان دۆلەتلەرگە يېتىشۋېلىش ئۈچۈن ئىدى. يىللار ئۆتۈپ 46. نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنتەربىيە يىغىنىمۇ يېتىپ كەلدى. قۇتلۇق بۇ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنتەربىيە يىغىنىغا ئۆز دۆلىتىنىڭ ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ باش يېتەكچىسى ۋە خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى سالاھىيىتى بىلەن كىردى. بۇ قېتىمقى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا كىشىلەرنىڭ چىرايىدا خۇشاللىقتىن ئەسەرمۇ يوق. تاماشىبىنلارنىڭ چىرايىنى ھەسرەت، ئۈمىدسىزلىك قاپلىغانىدى.

گەرچە مۇسابىقە داغدۇغىلۇق، ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلۈپ تەنھەرىكەتچىلەر، ئادەم ئەزەلدىن يېتىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان ئادەم بەدىنى، ھەتتا تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىقلار يېتەلەيدىغان يۇقىرى چەككە يېتىپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، كىشىلەر ئەمدى گۈلدىراس ئالقىش ياڭراتمايتتى. مۇسابىقە مەيدانىدا قىزغىنلىق، ھاياجان يوق ئىدى. مۇسابىقىدە نەتىجىگە ئېرىشكۈچىلەرگە مۇكاپات تارقىتىلغاندىمۇ زورمۇ ـ زور كۆلۈمسىرەش، زېرىكىشلىك دۆلەت شېئىرىلا بار ئىدى. چۈنكى باھالاش ھەيئەت ئەزالىرى، ئۆزلىرى مېدال تارقىتىپ تەبرىكلەۋاتقان تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى قايسى خىل ھايۋاننىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارىنى بەدىنىگە كۆچۈرۈش ئارقىلىق نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى بىلىشمەيتتى. ئاخىرى پۈتكۈل ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئاخىرلىشىپ، يېپىلىش مۇراسىمى باشلاندى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا كېلەر نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلىدىغان شەھەر ئېلان قىلىنماستىن، ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئېغىر قەدەملىرىنى يۆتكەپ مىكروفوننىڭ ئالدىغا كېلىپ قايغۇ ئىچىدە قولىدىكى تىزىسقا قاراپ سۆزىنى باشلىدى:

— ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى قەدىمكى گىرېكلارنىڭ دەۋرىدە ئىنسانلارنىڭ بەدەن ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئادەمنىڭ خۇدا ئاتا قىلغان بەدەن گۈزەللىكىنى، ئۇنىڭغا خۇدا بەخش ئەتكەن يوشۇرۇن كۈچ ـ قۇۋۋەتنى قېزىپ، پۇقرالارنىڭ ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، ساغلام تەن، جۇشقۇن روھنى نامايان قىلىش ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەنىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە ئۇتۇپ چىققان تەنھەرىكەتچىلەر قەھرىمان سانىلىپ، ئىلاھلار ئاتىسى زېۋس ئىبادەتخانىسى ئالدىدا قىزلار زەيتۇن يوپۇرمىقىدىن ياسالغان گۈل چەمبىرەك تەقدىم قىلىشىپ، شائىرلار ئۇلارغا ئاتاپ يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇشاتتى ياكى ھازىرقى زاماندا ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئەسلىگە كېلىپ 150 يىلغىچە ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۇرۇش، ئىقتىساد قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ توختاپ قالغان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئاستىدا يەنىلا داۋاملىشىپ، ئىنسانلارنىڭ غۇرۇرىنى ئاشۇرۇپ، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە شانلىق ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەنىدى. بىراق ئېرىنتارىيە كوماندىسى بىئولوگىيە تېخنىكىسىنى تەنھەرىكەتچىلەر تېنىدە قوللىنىپ، ئالتۇن مېدالنى مونوپولىيە قىلىۋالغاندىن بۇيان ھەر قايسى تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ تېخنىكا سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن مەبلەغ سالماستىن، بەس ـ بەستە بىئولوگىيە تېخنىكىسىنى ئىچىشنى تەتقىق قىلىپ ئادەم تېنىدە قوللىنىشتى. ھەتتا بۇ تېخنىكا قوزغاتقۇچى دورىلارنى تەكشۈرۈپ بىلىۋالغاندەك بىلىنۋېلىشمۇ تەس سەۋىيەگە قاراپ تەرەققىي قىلدى.

ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە تەنھەرىكەتچىلەر ئاساسلىق بولماي، تەنتەربىيەگە مەبلەغ سالغۇچىلار، بىئولوگىيە زاۋۇتلىرى، قەرز بەرگۈچىلەر، ئىستىراخۋانىيە شىركەتلىرىنىڭ خوجايىنلىرى ئاساسلىق چولپانلارغا ئايلىنىپ، تەنھەرىكەتچىلەر ئۇلارنىڭ قولىدىكى پۇل تاپىدىغان، ئۆزلىرىنى بازارغا سالىدىغان كوزۇرغا ئايلىنىپ قالدى، ـ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى كۆزلىرىدىكى ياشنى ئېرىتمۇەتمەي تۇرالمىدى. ـ شۇنداقلا تەنھەرىكەتچىلەر بارا ـ بارا بىئولوگىيە تەجرىبىخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتىغا ئايلىنىپ قالدى. ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئاز سانلىق يۇقىرى بىئولوگىيە تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن دۆلەتلەر كۆلۈبىغا ئايلىنىپ كۆپ سانلىق دۆلەتلەر ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، ئولىمپىك يىغىنىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلدى. تەنتەربىيە ئولىمپىك روھىدىن بەكمۇ يىراقلاپ كەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا مەن ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا ۋاكالىتەن نەچچە يىللاردىن بۇيانقى بىزنىڭ قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ چىقارغان، كۆپۈنچە كىشىلەرگە ئېنىق بولغان ئاخىرقى قارارنى ئېلان قىلىمەن. 46ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەن يىغىنى يېپىلىشى بىلەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا ئەمدى خاتىمە بېرىلدى. ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆزىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى مۇسابىقىسىنى تاماملىدى.

ئولىمپىك يىغىنىنىڭ رەئىسى شۇلارنى جاكالىشى بىلەن ئولىمپىك مەركىزى مەيدانىدىكى نەچچە يۈز مىڭ تاماشىبىنىنىڭ قايغۇلۇق نەزەرى ئاستىدا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى غايەت زور بولغان ئولىمپىك مەشئىلىنىڭ ئوتى ئاستا ـ ئاستا ئۆچتى.

# مەشھۇر شائىرلىرىمىزنىڭ تۇنجى شېئىرى ۋە كېيىنكى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە

## شائىر روزى سايىتنىڭ تۇنجى شېئىرى



شائىر روزى سايىت تەپەككۇر ئۈستىدە

### دېھقانمۇ داشۆسلىك بولدى

دېھقانمۇ بولدى داشۆسلىك زامان بەرگەچكە ئىمكاننى،
بۇرۇن كۆرگەنمۇ ئەجدادىم بۇنىڭدەك ياخشى دەۋراننى؟
ئەگەر ماۋجۇشى، گوڭچەنداڭ قاناتنى بەرمىگەن بولسا،
ئۇچالامتى، قۇچالامتى بىلىم گۈلزارى ئاسماننى؟
جاھالەت ئىلكىدە ئۆتكەن دېھقان ئۆتمۈشتە ھەسرەتتە،
«ئېلىپ»نىڭ باشقىنى بىلمەس ئىدى يادلاپمۇ «قۇرئان»نى.
«ئەنلىك بىر ماتا» قەرزى بولاتتى، توۋا، ئەللىك بىر.
(ساۋاتسىزلىق، ھوقۇقسىزلىق قىلاتتى راست بۇ يالغاننى.)
ئۇ چاغلار بولسىمۇ تىلسىز غوجاملار سۆزلىسۇن دەيتتى،
ئوقۇشمۇ مۇشتۇمى زورنىڭ بىراق ھەيدەيتتى دېھقاننى...
شەرقتىن نۇر قۇياش پارلاپ بەخت يۈز ئاچتى بىزلەرگە،
ئايلاندۇردى چىنلىققا خىيالنى — ئارزۇ ـ ئارماننى.
«ئەمگەكچى بىلىم ئەھلى بولۇش لازىم» دېدى داھى،
تاپتۇق شۇ ئۇلۇغ سۆزدىن ھېسابسىز كۈچنى ـ دەرماننى.
بۈگۈن ماۋجۇشى لوشيەنى ياراتقاچ شۇنچە كەڭ پۇرسەت،
ئوقۇشقا كەلدى داشۆگە دېھقان پەرزەنتى ـ ئوغلانى.
تۈمەننىڭ رەھمىتى باركى ئۇلۇغ يولباشچىغا دىلنىڭ،
ئەبەدكە ئېيتىمىز: «ياشناڭ، ياشاڭ ئەلنىڭ قەدىردانى!...»

1973 ـ يىل ئۆكتەبىر، خوتەن.

## شائىر روزى سايىتنىڭ كېيىنكى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە

### ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم...

1

نەپەستە كۆللى ئالەم ئېتىراپلىق مىللىتىم باردۇر،
ئوغۇز پۈشتى ـ مۇقامى كانتىلىقتا زىنىتىم باردۇر.
يۈسۈپ، مەھمۇد كىتابىغا① يېزىلغان نى باھادىرلىق،
يەنە تاڭ قامۇسىدا② قەيت ئەجىرلىك مېھنىتىم باردۇر.
يىپەك، قاشتاش، گىلەم، بۇغداي، يىدە، قەغەزگە بىز ھەمدا،
(بۇنى جاڭ چيەننىمۇ③ تەستىقلايدۇ تۆھپەم، قىممىتىم باردۇر!)
قەدىم تۆھپە ـ بىراق ئۆتمۈشكە تالىق، ماختىناي قانداق،
قۇياشلىق تاغدا يۈكسەلمەككە تاغدەك ھىممىتىم باردۇر.
مېنىڭ بۇ مىللىتىم شۇنداق «قېرى»، ياق، نەۋجۇۋان مىللەت،
بۇ مىللەتنىڭ بۈگۈن ياق، ئەتىسىدە تەم ـ تېمىم باردۇر.
مېنىڭ بۇ مىللىتىم «پەگا»غا چۈشكەن، «تۇر» كىمۇ چىققان،
بۇ ھەقتە سۆزلىسەم شان ـ كەۋكىتىم، گاھ ئىللىتىم باردۇر.
ئۆزىنىڭ مىللىتىنى يەرگە ئۇرماس ھېچكىمسى زىنھار،
مېنىڭ بۇ «ئىللىتىم»دا نەكتى ھۆرمەت، خىزمىتىم باردۇر...

2

بۇ مىللەت شەنىنى يايغان جاھانغا ئۈم ـ ئۆيۈشقاقلىق،
ھالا ئەمدى چېچىلدى قۇم كەبى، تەستەك قويۇشماقلىق.
ھەسەتلىك دىل، ھەسەتلىك گەپ، ھەسەتلىك سۆز، شۇڭا دائىم
ئارام تاپمايدۇ «كولاش»تا، تىنچى كولاپ تويۇشماغلىق.
خىيالدا ئىلىم-ئىرپان ئەمەس، جاڭجال، رىيا، پىتنە...
ئەدەپ ـ ئەخلاقنى يەم قىلدى قىزىلكۆزلۈك. ئۇرۇشقاقلىق.
كىچىكلەر چوڭغا بىھۆرمەت، ئەپۇنى خالىماس چوڭلار.
ئۆزۈم بوپ قالدىغۇ چۈجە خورازدەك تەڭ تۇرۇشماقلىق.
«مۇھەببەت-سۆيگۈدە گۈللەيدۇ ئالەم، زېمىن-نەسلىڭ،
بۇنە سېنىڭ بولنى تارقىلغاي!»نى ھېچ ئويلاپ قويۇشماغلىق.
كىشىنىڭ چىن ۋاپا ـ ئىخلاسىنى ئارتۇق غەمخورى نەدە،
بۇ مىللەت ئۆزى بۇ غەمخورلۇق بىلەن سۆھبەت قۇرۇشماغلىق.
ئىلىم ـ پەن راك بىلەن ئەيدىزگە تاپتى، تاپقۇسى مەلھەم،
بۇ مىللەت خەۋپى راك يەڭلىغ مىجەزىنى تونۇشماغلىق.

3

بۇ مىللەتتە «ساقاللىقلار» نامازخانلىقتا يۈزلەندى،
«ساقالسىزلار» لاغايلاشقا، مەمەدانلىقا يۈزلەندى.

---

① قاراخانىلار دەۋرىدە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىملىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىلەرنىڭ تەۋەرۈك كىتابلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② «تاڭ سۇلالىسى تارىخى»
③ مەشھۇر ئەلچى جاڭ چيەن

ئويۇنپەزلەر سوقۇپ تاش بىرلە تاشنى كۆڭلىنى ئاچسا،
«كاراKI()» ، «تانسكەش» نىڭ ۋاقتى بىزمانلىقا①يۇزلەندى.
جاھان نەدە؟ ئۆزى نەدە؟ . . . بۇنى ئويلايدىغانلار ئاز،
ھەجەب ئىش، پەيلى ـ خۇيدا بەخىرامانلىقا يۈزلەندى.
پاسون-موداكېيىم، چاچتۇسخىسى سۆھبەتكەچوڭ ماۋزۇ،
پاسانماقنىڭ غېمى ـ ھالى پەرىشانلىقا يۈزلەندى.
«يېرىكەك، بايلىقى مول، خەلقى ئەمگەكچان» ئاتالغان يۇرت،
ھورۇنلۇقتا كۈنى، ئىسىت، خەيرى ـ ئىھسانلىقا يۈزلەندى.
بۇ مىللەت ئىلمۇ-ئىرپان، كەشپ-ئىجادتا تۆھپىكار مىللەت،
نېمىشقا ئەمدى «ئەقلى كالتە ئىنسان» لىقا يۈزلەندى؟
بۇ مىللەتنىڭ غېمىدە تۇرسا دەۋران، يۈلىسە ھەدەپ،
نېمىشقا يولىكەنچە سالپۇ ـ سەرسانلىقا يۈزلەندى؟

4

بۇ مىللەتنىڭ قېنىنى بۇزدى يۇرتبازلىق، خوتۇنبازلىق،
ئاڭا ياندىشتى مەيخورلۇق بۇ «بازلىق» لار قىلىپ ئازلىق.
«قەيەرلىككەن؟» بىلەن ئۆلچەر ھەقىقەت، ناھەقىقەتنى،
ئىمانى، جاننى تىككەي «جانان» لار ئاتسا قاش نازلىق.
ئىچەر مەي زورلىنىپ، زورلاپ، ئەقلىنى مەي بىلەن خورلاپ،
كۆزىنى مەستلىكى كورلاپ قىلار مىڭ غەمزە ـ غەمخورلۇق.
بۇلارمۇ يەتمىگەندەك، كۆر، چىقاردى باشقىچە ئادەت،
گۇرۇھ ئايرىپ، جىدەل ئىزدەپ، گۇماندا يۈتتى ھەمرازلىق.
ئۇ چىشلەپ، بۇ تېپىپ، ئۇ كوچىلاپ، بۇ چوقچىلاپ، ھەيھات،
ئاداۋەت، غوم ـ مۇرامدا دىل يېرىنى ئەيلىدى سازلىق.
ئۆگەنمەك يوق، تىرىشماق يوق، ئىلىم تەھسىلگە قىلماس زوق،
يەنە قېپقالدى بىرمۇنچە ئىسىل خۇي، خۇيدا رەڭۋازلىق.
ئارام تاپسا تالاشتۇردى، سوقۇشتۇردى خوراز، ئىتنى،
جاھاندا بارمۇ بىر مىللەت سۇپەتتە ئۇشبۇ ئەندازلىق!؟

5

بۇ مىللەتنىڭ غەيۇرلۇق جىسمىغا چاڭ سالدى جانسىزلىق،
بۇ «جانسىز» لىقنى كەلتۈردى دېمەك غەم-غۇسسە، نانسىزلىق.
نېنى بار، ئۇستىۋاشى بار — ئەمەس ئۆتكەنكى غەمناك ئۇ،
خارابتۇر مەنىۋى ھالى، شۇڭا روھىدا ھالسىزلىق.
كىمىكى تاپسا بەش تەڭگە تەكەببۇرلۇقتا يېگانە،
سەمەردى زاھىرى، باتىنغا داغ سالدى يارامسىزلىق.
ساخاۋەت، خەيرىخاھلىق يانچۇقىنىڭ ئاغزى بەملەگىلىك،
رەھىم ـ شەپقەتنى پىخسىقلىق، ھايانى يۈتتى قانسىزلىق.
جامائەت سورۇنى، ھەر توي-تۆكۈننىڭ تۆرى «مەنسەپ» نىڭ،
كى ھېيتتا «باي»-سالامغا باي، «گاداي» غا يار سالامسىزلىق.
ناماز ھېيتتا غېرىبنىڭ ئاز نامازخان، «قارى ـ قۇرئانى»،
تەمە، نەي قىلدى پەيدا تىنچ كۆڭۈلدە، ئاھ، ئارامسىزلىق.
مۇھەببەت، قان-قېرىنداشلىق مېھرىنىڭ لەززىتى بەك-بەك!
قېنى ئۇ، قالدىمۇ مىللى نېگىزگە نام ـ نىشانسىزلىق؟!…

6

مېنى بۇ مىللىتىمنىڭ غەپلىتى ئۇندەيدۇ چوقانغا:
ئەجەب مىللەت ئىدىڭ بوش كەلمىگەن كۆپ نوھى توپانغا②
جاھالەت دەۋرى پۈتكەندە، زاماننىڭ زورى يۈتكەندە،
سېنىڭ روھى راۋاننىڭ دەسسىدى ئىللەتتە قاپقانغا.
«ئېتىمىز، بۇغداي، قوناق…» تىن ئۆزگىسى يادىڭغا كەچمەيدۇ،
ئەقىل، كۆچنى خورات تىلىڭ ئەسكى كەتمەن. «گوپپىۇ-گوپپاڭ» غا.
«ئوقۇيمەن!» دەپ تىرەجەپ يىغلىسا سەن زورلىغاچ تويغا،
يېشى ئون ئۈچ شۇ دىلپارەڭ ـ قىزىڭ ئايلاندى چوكانغا.
ئوماق ئوغلۇڭ زامانى پەن كۆكىگە ئۆرلىمەكچىدى،
چىقاردىڭ مەكتىپىدىن، باقتى قوي ـ ياندىشتى چوپانغا.
ئاياڭ! مەزلۇملىرىڭدىن قىزغىنىپ نۇر يۈزنى چۈمكەتتىڭ،
«بۇگۈنكى ئۆپكە ئەلا» دەپ پۈچەك دان توشتى دوپپاڭغا.
قېنى، ئىسىت، مىللىتىم، دائىم ئۆتەمدۇ كۈنلىرىڭ شۇنداق،
ھەۋەس ئەيلەشتە كۆز چىمچىقلىنىپ «يانقان» غا، «قوپقان» غا؟

7

خىيالىم شۇ: مېنىڭ بۇ مىللىتىممۇ نۇر قۇچالارمۇ؟
نادانلىق ئىللىتىنى ئىلمۇ ـ ئىرپاندا پىچالارمۇ؟
جاھان نۇر تېزلىكىدە، بەلكى نۇردىن تېز سەپەر ئەتمىش،
«قورساق» تىن نېرىغا ئۆتمەس نېچۈن گەپ «ۋاچ-ۋاچقىلار» مۇ؟
رىقابەت، مەرىپەتنىڭ ئالىمى بۇ ـ باشقىچە ئالەم،
ئىلىكتىرلەشتى بۇ كەمدە قازان، ھەتتا ئوچاقلارمۇ.
پەقەت بىزلا ئىرىپ تەمەچ، پاسار ياقساق تونۇر، مەشكە،
پېتىدىن چۈشمىسە، تۇۋا، قەدىم تاش ـ يارغۇچاقلارمۇ③
ھاراقتىن بىر تۇرۇشتا قانچىلىك ئىچمەكتە بەسلەشمەك،
دەرىخا! ئەقلۇ ـ ئىدراكنى بۇ قاشاقلىق پاچاقلارمۇ؟
جاھان مىللەتلىرىنىڭ سەپ ـ قاتارى بىزگىمۇ مەنسۇپ،
بۇ مەنسۇپلۇق «بىلىش» تە، بىز بىلەلمەس دۆت ـ قاپاقلارمۇ؟
ئۇنۇتما مىللىتىم، ئەۋۋەلقىسى پۇشتۇڭغا تەۋە شان،
سېنىڭ شانىڭ نېمە؟ سۇنغان ساپال، دات ئوق، رۇچاقلارمۇ؟④

8

مۇسەننىپ، بول ئۈمىدۋار، مىللىتىڭ ئىقبالدا ياشنايدۇ،
تېپىپ بىرلىك كۈچىدىن كۈچ ـ قەدەمنى پۇختا تاشلايدۇ.
ئۇنى ئويغاتتى ئىسلاھات تېڭى ـ غاپىللىقى يۈتكەي،
ئەمەس ئانچە ئۇزاق توي مەزگىلى، مەشرەپمۇ باشلايدۇ.
ئۈمىدلەن مىللىتىڭنىڭ ئەتىسىدىن، سۆيگۈسىدىن ھەم،
شېرىن پەرھادىنى، لەيلاسى مەجنۇننى باغاشلايدۇ!
ئەمەس ھېچقانچە «ئىللەت» نىڭ كۈچى قىممەتنى بىلگەنگە،
(شۇ ئىللەت تاغىنى قىممەتنى بىلگەنلەر تاراشلايدۇ!)
ئەقىل ـ ئىدراكنى قاشاقلىق تۇتالماس ئىلكىدە ھازىر،
دەۋر تۇرغاچقا پاكلاپ روھنى غاپىللىق ياۋاشلايدۇ.
كېرەم، دىلبەر⑤گە باق، مىللەتنى كۆر، روھلان، ئۆزۈڭنى تۈز،
ئىشەنمەسلەر ئۆزىگە «قىل» نى «پىل» دەپ غەم ھاپاشلايدۇ.
جامائەتكە ئەجەب جىق سۆزلىدىڭ روزى، يەنە سۆزلە،
دېگىن: ئۆزىنى بىلىشتە مىللىتىم گۈللەيدۇ، ياشنايدۇ!

1993 ـ يىل 14 ـ يانۋار، خوتەن

---

① بىزمالىق ـ كەچلىك، قاراڭغۇ.
② نوھى توپان ـ نوھ پەيغەمبەر زامانىسىدىكى توپان (سۇ) بالاسى.
③ يارغۇچاق ـ جەنۇب يېزىلىرىدا ھېلىھەم ئىشلىتىلىۋاتقان قولدا چۆرۈپ ئۇن تارتىدىغان تۈگمەن.
④ رۇچاق ـ باللارنىڭ كىچىك ئوقيايى.
⑤ كېرەم، دىلبەر ـ خوتەندىكى مائارىپنى قوللاش ئەمۈنچىسى كېرەم ئىمىن. مەشھۇر ئۇيغۇر ناخشىچى دىلبەر يۇنۇس.

# «قۇم باسقان شەھەر» — زامانىۋى ئەپسانە

**مۇھەممەتتۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار**

ئەپسانىلەر دەۋرى كەلمەسكە كەتتى. بىراق بۈگۈنكى سەنئەت ئۆزىنىڭ زامانىۋى بېزەكلىرى ئىچىدىمۇ يېڭى - يېڭى ئەپسانىلەرنى تەۋەللۇت قىلىشتىن خالىي بولالمىدى. ئامېرىكا فولكلورشۇناسى ئالاندانوۋىس: «ھازىرقى زامان سانائەت تېخنىكىسى ۋە كومپيۇتېرنىڭ ئومۇملىشىشى خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرىنى يوقىتالمايلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ» دەيدۇ. بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ ئۆز مەۋجۇتلىقىنى ساقلاش، مۇكەممەللىشىش جەريانىدا ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئەپسانىلارغا يانداشىپ كېلىپ زامانىۋى دۇنيانىڭ مەنىۋى كەمتۈكلىكىنى تولۇقلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۈگۈنكى زامانىۋى دۇنيادا بارلىققا كەلگەن ئەپسانىۋى خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەر دەل بۈگۈنكى زامانىۋى ئەپسانىلەردۇر. بۇنداق ئەپسانىلەرنىڭ بىرى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن مەتتىمىن ھوشۇر ئەپەندىنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» رومانىدۇر.

ئەينى ۋاقىتتا سېھرى رېئالىزىمدا زور شۆھرەت قازىنىپ نوبېل ئەدەبىياتىنىڭ ساھىبىغا ئايلانغان كولۇمبىيە يازغۇچىسى گارسىيا ماركۇسنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق» رومانى مەيدانغا كەلگەندە جامائەتچىلىك بۇ ئەسەرنى «لاتىن ئامېرىكىسىغا تاشلانغان ئاتوم بومبىسى» دېيىشكەنىدى. گەرچە ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى ھەققىدە كېسىپ بىر نەرسە دېيەلمىسەكمۇ، لېكىن ھەقىقەت مەيدانىدا تۇرۇپ قارىساق، مەتتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» رومانىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا تاشلانغان غايەت زور مەنىۋى بومبا دېيىشكە بولىدۇ.

توغرا، «قۇم باسقان شەھەر» دىكى «بىغەملەر شەھىرى»نى قۇم بېسىپ كەتتى. بىراق ئۇنىڭدىن بىزگە ئىلگىرىكى ئىسمى «سەپەر» بولغان «چۆل يىگىتى» بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا كىملىكىنىمۇ بىلگۈچىلىكى قالمىغان «ئۆمەر» بىلەن «بارات» لار قالدى. يەنى ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالغان «ئۆمەر» «بارات»نى ھارۋىسىغا بېسىپ، ئۇلارغا ئۆتمۈشنى ئەسلىتىپ «بىغەملەر شەھىرى» قېشىدىكى «بوۋاقلار قەبرىستانلىقى»نىڭ ئۈستىگە باشلاپ كېلىپ ھەممىيلەنگە مۇشۇ قەبرىستانلىق ئۈستىگە يېڭى شەھەر بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۈمىد ئىمكانىيىتىنى بىزگە قالدى. بىز باشتا ئېيتقان بومبىنىڭ پىلتىسى ئەنە شۇ بوۋاينىڭ قولىدا. ئەمدى پارتلايدىغىنى، كۆكۈم - تالقان بولىدىغىنى «قۇم باسقان شەھەر» بولماستىن، بەلكى بۈگۈنكى بىزنىڭ مەنىۋى دۇنيارىمىز بولۇشى كېرەك. مەشھۇر يازغۇچى لۇشۈن: «تىمتاسلىق ئىچىدە پارتلىمىساڭ، تىمتاسلىق ئىچىدە ئۆلىسەن» دېگەن ىدى. دېمەك، «قۇم باسقان شەھەر» نىڭ تىمتاسلىقىنى بۇزۇش كېرەك.

بىز باشتا «قۇم باسقان شەھەر» رومانىنى زامانىۋى ئەپسانە دېگەنىدۇق. توغرا، قەدىمكى ئەپسانىلەر ئىلاھلار بىلەن باغلانغانىدى. بۈگۈنكى زامان ئەپسانىلىرى بولسا رېئال ئادەملەردىن باشلاندى. بۈگۈنكى كۈندە «ئادەم» مەركەز قىلىنغان ئەپسانىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش بولمىسا كېرەك. رومانىنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئەسەر تەپسىلاتىدا بىر تەڭگىنى يەرگە تاشلىسا ئىككى بولۇپ چۈشۈشى، بوۋاق پادىشاھقا ئىنىكئانا بولغان ئايالنىڭ كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان سەۋەب بىلەن غايىب بولۇپ كېتىشى، ئىككى ياقتىن قارىسا ئىككى خىل چىرايدا كۆرۈنىدىغان چوكان، ئالۋاستى كەبى پەيدا بولۇپ قالىدىغان چۆل قىزى... قاتارلىقلارنىڭ قانچىلىك سېھرىي تۈسكە ئىگە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ پەقەت رومانىدىكى ئەپسانىۋى ئامىلدىن ئىبارەت.

بەزى تەنقىدچىلەر گويا ئەسەرنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تولۇق تىلغا ئېلىپ ئۆتمىسە يازغۇچىنى رەنجىتىپ قويىدىغاندەك، ھەممە ياقتىن سۆز ئاچىدىغان، ھەتتا ئەسەردە يوق نەرسىلەرنىمۇ ئۇنىڭغا مەجبۇرى تېڭىپ باھالاپ ئۆتىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. ئەپسۇسكى، مەن بۇنداق تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندىيالمايمەن. ھەم رومان ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىمنى مۇكەممەل توغرا دەپ تورنۇۋېلىشقا، بۇ كۆز قاراشلىرىمنى باشقىلارغا زورلاپ تېڭىشقا تېخىمۇ پېتىنالمايمەن. چۈنكى مەنمۇ نۆۋىتىدە ئاددى كىتابخان، بىر ھەۋەسكار ھېسابلىنىمەن، خالاس. مەن رومان ھەققىدە شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمەنكى، «قۇم باسقان شەھەر» رومانى ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ ھازىرغىچە يېتىپ بارالىغان ئەڭ يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان نادىر ئەسەر، ئىنتايىن يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن يېزىلغان زامانىۋى ئەپسانە. ئۇ كۆپ قىرلىق، كۆپ قاتلاملىقتا ئىگە رومان. مەن بۇ رومانىنى بۈگۈنكى زامان ئەپسانىسى دەپ ئاتىدىم. مۇنازىرە ئۇچۇن ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرىم چولتا بولسىمۇ، لېكىن ئاساسسىز ئەمەس.

# ئازاب ئېكىنى يېتىلدۈرۈش — ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچى

ـمەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «خاسىيەتلىك قار» ناملىق پوۋېستى توغرىسىدىكى مۇنازىرىنىڭ داۋامى

## يالقۇن روزى

سېنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىڭ چەتكە چىقماسلىق بىلەن ئىپادىلەنمەيدۇ.
— ئابدۇقادىر داموللام①

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ مېنىڭ «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت» ناملىق ماقالەمگە جاۋابەن يېزىپ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق 3. سانىدا ئېلان قىلغان «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەتكە قوشۇمچە» ماقالىسى مېنى يەنە قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى. مېنىڭ بۇ ماقالىنى يېزىشىم ئەقلىمنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مەمنۇن بولىدىغان قارشى قۇتۇپنى ئىزدەش ئۈچۈن ئەمەس، ياكى مەمتىمىن ھوشۇر ئېيتقاندەك «ئۆزلىرىنىڭ ھېچ ئىش قىلىپ باقمىغانلىقىغا قارىماي جىمى ئادەمگە ئەقىل ئۆگىتىش» ، «كۆچەپ چېكىقىلىپ، ئۆزىمۇ تېخى توزۇك چۈشىنىپ بولالمىغان ،تەلىمات، لارنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپ» قويۇش ئۈچۈنمۇ ئەمەس، ياكى «ھەممىنىڭ ساقىلىغا بىر-بىرلەپ ئېسىلىپ كۆلەڭگۈچ ئويناپ بېقىش» ئۈچۈنمۇ ئەمەس. توغرا، ياشلار ئادەتتە نېمىلا بولمىسۇن مەلۇم دەرىجىدە ئەخمەق ۋە نادان بولۇشتەك ئاجىزلىقتىن خالى بولالمايدۇ. مەنمۇ ئۆزۈمدە شۇنداق ئاجىزلىقنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىمەن. لېكىن مەن ۋىليام پىت ئېيتقاندەك: «نادانلىق ـ ئەخمەقلىقلىرى ياشلىق باھارى بىلەن تەڭ تۈگەيدىغان كىشىلەر تائىپىسىگە مەنسۇپ بولسام دەيمەن. » دېمەك، مېنىڭ «زەئىپ روھ» نى چۈرىدەپ كاج مىجەزلىك بىلەن مۇنازىرىلىشىشىم ئۆزۈمگە تولۇق قايىللىق تاپقىچە ئۆزۈم توغرا دەپ ئىشەنگەن ھەقىقەتنى قوغداش ۋە تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن.

مەن مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ بەدئىي تەپەككۇرىنىڭ خېلىلا كۈچلۈك ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايمەن. قارىغاندا بۇ ئەسىردە بىزگە بىرەرمۇ مۇتەپەككۇر يازغۇچى ـ شائىر نېسىپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئەسلى نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشى بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ۋە ھاياتىي ئىقتىدارىنى ئۆلچەيدىغان ئەڭ ئالىي ئۆلچەم ئىدى. قېرىشقاندەك دەل مۇشۇ ئىقتىدار، ئۆزگىچىلىك، چوڭقۇرلۇق، ئىلمىيلىك، كەڭلىك ۋە سېستېما بىزدە يوق دېيەرلىك. بىز ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ بەزىدە نېمىگە قارشى تۇرۇپ نېمىنى قوللاۋاتقانلىقىمىزنى، نېمىنى توسۇپ نېمىنى تەشەببۇس قىلىۋاتقانلىقىمىزنىمۇ ئېنىق بىلمەيمىز. تەپەككۇر دەلدۈشلىكى، تەپەككۇر ھورۇنلىقى، تەپەككۇر قاتماللىقى، تەپەككۇر بىر خىللىقى بىزدىكى بىر ئومۇمىي كېسەل. بىز چوڭقۇر پىكىر قىلىشقا ئادەتلەنمىگەچكە، مىللىي ئەقىل قۇرۇلمىمىز بەكمۇ ئاجىز، نەزەرىيىۋى تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىمىز يوق دېيەرلىك. شۇڭلاشقىمۇ بىزدىن يېڭى ئىدىيە تۇغۇلۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بىز يېڭى ئىدىيەلەرنى قوبۇل قىلغۇدەك مادارغىمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە ئىگە بولالمايۋاتىمىز. قىسقىسى ئەقلىي زەئىپلىك بىلەن روھىي زەئىپلىك بىزنىڭ ھاياتلىق سەپىرىدىكى مۇشكۇلاتلىرىمىزنى تېخىمۇ كۆپەيتىۋېتىپ بارىدۇ ۋە قىيىنلاشتۇرىۋېتىپ بارىدۇ.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ماقالىسىنىڭ بېشىدىلا «ئەسەر تەھلىل قىلىشنىڭ مۇنداقمۇ ئۇسۇللىرىنىڭ ئىجاد بولغىنىدىن ئانچە خەۋىرىم يوق ئىكەن» دەپ يازغان. مەن «ئەدەبىي تەنقىدشۇناسلىق» ناملىق كىتابتىكى مۇنۇ بىر ئابزاسنى ئەينەن نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتەي: «ئەدەبىي تەنقىد بىر خىل ئالاھىدە مەدەنىيەت پائالىيىتى، ئۇ مەدەنىيەتنىڭ بىر پۈتۈنلىكىگە ئېتىبار بەرمىسە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي تەنقىد ئۆزىمۇ مۇقەررەر ھالدا مەدەنىيەت تەنقىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى كىشىلەر ئەدەبىي تەنقىت پائالىيىتىنى ،ئەدەبىياتقا كىرىش، ۋە ،ئەدەبىياتتىن چىقىش، دەپ ئىككىگە بۆلۈپ پەرقلەندۈرىدۇ. ،ئەدەبىياتقا كىرىش، دېگىنىدە ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ھەم

① ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «مىفتاھول ئەدەب» ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ.

ئەدەبىياتنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى تەكىتلەيدۇ. «ئەدەبىياتتىن چىقىش» دېگىنىدە ئەدەبىياتنىڭ ھەر خىل تاشقى ئالاھىدىلىكلىرى نەزەرگە ئېلىنىپ، ئەدەبىي تەتقىدنىڭ پەلسەپە، سوتسىئولوگىيە، سىياسەتشۇناسلىق، ئېتىكا، مىللەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، تارىخشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە، مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى، ھەتتا تەبىئىي پەن قاتارلىقلار بىلەن بولغان ئىلمىي باغلىنىشىنى تەكىتلەيدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن تەكشۈرىدۇ ۋە تەتقىق قىلىدۇ.» بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مېنىڭ يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «خاسىيەتلىك قار» ناملىق پوۋېستىنى «مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئىقتىدارىنى ۋە مىللىي مەدەنىيەت پسىخىكىمىزنىڭ ساپاسىنى» تەتقىدلەش نۇقتىسىدىن باھالىشىم تامامەن يوللۇق. قاملاشتۇرالمىغان بولسام بۇ باشقا گەپ. مەن ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشۈم زۆرۈركى، مېنىڭ «خاسىيەتلىك قار» نى بۇ نۇقتىدىن باھالىشىم، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ روھىدىكى كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ بىزنىڭ نۆۋەتتىكى رېئاللىقىمىزغا «ماسلىشالماسلىق» ھادىسىسى ئۈستىدە چامىمىنىڭ يېتىشىچە تەتقىد يۈرگۈزۈشۈمنىڭ ۋە ئويلىنىش ئېلىپ بېرىشىمنىڭ مۇقەددىمىسى ھېساپلىنىدۇ.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ئۆز ماقالىسىدا يەنە مېنىڭ ماقالەمنى «ئەدەبىي ئەسەر ھەققىدىكى مۇلاھىزىنى ئەمەس، مىللەت ئۈستىدىكى پۈتۈن بىر شىكايەتنامىنى ئوقۇپ چىققاندەك بولۇپ قالدىم.» دەپ تەنقىدلىگەن. مېنىڭ نەزەرىمدە كىرىزىس تۇيغۇسى ئەڭ كۈچلۈك، مىللەتكە بولغان مۇھەببىتى ئەڭ چوڭقۇر، رېئاللىق ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئەڭ تىرەن، ئېتىقاد ۋە ئەقىدىسى، شۇنداقلا مىللىي مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ئەڭ كۈچلۈك، ياخشىچاقلىق، مادارا-مۇرەسسەچىلىك بىلەن قىلچە خوشى يوق كىشىلەرلا تەنقىدىي روھقا ئەڭ باي تەپەككۇر قىلىش ئادىتىگە ئىگە بولىدۇ ياكى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا «شىكايەتچى» كېلىدۇ. بىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن نېمىشقا شۇنچە سۆيۈنىمىز چۈنكى ئۇ ئۆچىغا چىققان «شىكايەتچى» شائىر. دە! توغرا، مىللىتىمىزنىڭ تارىختىكى سەلتەنەتلىك يۈرۈشلىرىدىن، پارلاق مەدەنىيەت سەمەرىلىرىدىن ۋە ئېسىل ئەنئەنىلىرىدىن پەخىرلىنىش بىز ئۈچۈن ھەق. لېكىن مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتى، روھىيىتى، ئىجتىمائىي پسىخىكىسىدىكى زەئىپلىكلىرى، ئۈستىدە تەنقىدىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، يۈرگۈزگەندىمۇ سىپايىلىق بىلەن ئەمەس، رەھىمسىزلىك بىلەن يۈرگۈزۈش بىز ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر. «ھايات ياشاۋاتقان بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ تارىختىن، ئۇرۇق-ئەۋلادىدىن قالغان ھەممە زەئىپلىكلىرىنى گۇناھ قىلىپ ئارتىپ تىللاپ بېرىش زادىلا قولۇمدىن كەلمەيدۇ» دەپ يۇمشاق كۆڭۈللۈك قىلساق ياكى ياخشىچاقلىق قىلساق گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىمىز. خۇددى تاگور ئېيتقاندەك: «ئەگەر سەن بارلىق خاتالىقلىرىڭغا نىسبەتەن ئىشىكنى چىڭ يېپىۋالىدىغان بولساڭ، ئۇنداقتا ھەقىقەتمۇ ساڭا ئىشىكنى يېپىۋالىدۇ.» بىزنىڭ كۆپچىلىك قەلەمكەشلىرىمىز ئادەتتە «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئۇزۇن، باتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىل-پاراسەتلىك مىللەت» دەپ ماختىشىنى، «گۈزەل تاشقۇرغان»، «گۈزەل قەشقەر»، «گۈزەل تۇرپان» ... دەپ زېرىكمەي مەدھىيە ئوقۇشنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلغان. بىز قاچانغىچە مەدھىيە شەكلىدىكى تەپەككۇر قېلىپىدىن قۇتۇلالمايمىز؟ نېمىشقا مىللىتىمىزنىڭ زەئىپلىكلىرى، رەزىللىكلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە پېتىنالمايمىز؟ نېمىشقا چىلى شائىرى پابلو نىرۇدادەك؛ «بىز بىر جىنايەتلىك مىللەتنىڭ تارىخىغا ۋارىسلىق قىلىۋاتىمىز» دەپ يۈرەكلىك ئېيتالمايمىز؟! شۇنى بىلىش لازىمكى، كىرىزىس تۇيغۇسى كۈچلۈك ئادەملەرنىڭ غايىسىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ خىل تۇيغۇغا ۋە قاراشقا ئىگە ئادەملەر مىللىي مەدەنىيىتىدىن بىر نامراتلىقنىڭ ھەسرىتىنى چېكىدۇ. ھەمدە شۇ ھەسرەت، ئۆكۈنۈش ۋە ئەندىشىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئويلىنىش ئېلىپ بارىدۇ. ئوكتاۋىئو پاز ئېيتقاندەك: «ئويلىنىش ئالدى بىلەن تەنقىدنىڭ كۆز نۇرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دېگەننى بىلدۈرىدۇ.» ئەلۋەتتە ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھاسىل قىلغان قىممىتى بىلەن غۇرۇرلىنىپ ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى سەلتەنەتلىك مەدەنىيىتى ۋە غالىبانە يۈرۈشلىرى شۇ مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مىللىي قىممىتىگە مىسلىسىز مەغرۇرلۇق تۇيسىنى قوشىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە بىز باشقا مىللەتلەرنىڭ مىللىي قىممىتىنىڭ ھەر جەھەتتىن ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىغا، بىزنىڭ مىللىي قىممەت تۇيغۇمىزنىڭ قاتتىق تەھدىتكە ئۇچراۋاتقانلىقىغا قايسى نۇقتىدىن قاراشنى بىلمەيۋاتىمىز. بۇ تېما بىزنىڭ تەپەككۇر بوشلۇقىمىزغا تېخى ئومۇمىيۈزلۈك سىڭىپ كىرگىنى يوق. بىزنىڭ ئەندىشە ئېڭىمىز تېخى يېتەرلىك ئەمەس. بىز تەنقىد ئېڭىمىزنى كۈچەيتىدىغان بولساق مىللىتىمىزنىڭ روھىيەت ئارخىپىدىن نۇرغۇن يىپ ئۇچىغا ئىگە بولالايمىز. خامۇشلارچە لاپ ئېتىپ يۈرىۋېرىسەك، ئەخمەقلەرچە ماختىنىۋېرىسەك، ياكى ياخشىچاقلىق قىلىپ قۇرۇقتىن قۇرۇق

مەدھىيەلەۋەرسەك پاجىئەنىڭ پاتقىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ قېلىشىمىز تۇرغانلا گەپ. ھەممىگە ئايانكى، ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ ئۆز مىللىتىگە بولغان مۇھەببىتى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى قۇدرەتلىك ئاڭ. مىللەت تەلپىنىڭ تارتىش كۈچى يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچىدىن قۇدرەتلىك. لېكىن شۇ نەرسە ئېسىمىزدە بولۇشى لازىمكى، ھەقىقەت بەزىلەرنىڭ شۇئارى، بەزىلەرنىڭ بولسا نىشانى.

مېنىڭ ماقالەمنى «ئەدەبىي ئەسەر ھەققىدىكى مۇلاھىزە ئەمەس، مىللەت ئۈستىدىكى پۈتۈن بىر شىكايەتنامىنى شۇ قۇپ چىققاندەك بولۇپ قالدىم» دەپ تەنقىتلىگەن يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ئۈستىدە توختىلىپ «مېنىڭ قەلىمىم ئاستىدىكى پېرسوناژلار ناھايىتى ئاددى ئادەملەر، ئۇلاردا ئۆز مىللىتىدە مەۋجۇد بولغان ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ.» دەپ يازغان. بۇ پېرسوناژلاردىن پەقەت مىللىتىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت بولغان بىر قىسىم ئىللەتلەرنى تاپقىلى بولىدىغانلىقى راست.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر مەن ماقالەمدە ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتكەن ۋە سۆزىنى نەقىل ئالغان شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنى «‹زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت› نىڭ ئاپتورى ئۆز ماقالىسىدا ... بىر مۇنچە شەرق ئۆلىمالىرىنىڭ ئىسمىنى قاتار تىزىپ ... غەربنىڭ نامدارلىرىنى گۇۋاھلىققا تارتىپ مىللەت ... ئۈستىدىكى داتلاشلىرىنى يېتەرلىك يېزىپتۇ» دەپ رەنجىگەن. ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىدە بولمىغان ياكى كام بولغان نەرسىلەرنى ئۆزىدىن باشقا بىر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ خەزىنىسىدىن قوبۇل قىلىدىغانلىقى ھەممىگە ئايانغۇ. ئۇلۇغ شائىر نەۋائى پەرھادنى نېمە ئۈچۈن غاردا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان سوقراتنىڭ ئالدىغا ئاپىرىدۇ؟ بۇ ئاز ـ تولا مەدەنىيەت ئېڭى بار كىشىلەرگە چۈشىنىشلىك ئاددىي ھەقىقەت ئەمەسمۇ؟ ئادەتتە بىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك قەلەمكەشلىرىمىز مەدھىيە بىلەن تەنقىدنىڭ نېمىلىكىنى، پاسسىپ ھۆرمەت بىلەن ئۈمىدۋار تەنقىدنىڭ پەرقىنى ئاجرىتالمايدۇ. ماختىسىلا خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىۋېرىدۇ. بىز ماختاپ قويسا خۇش بولىۋېرىدىغان ھاماقەتلىكتىن، تەنقىتلەپ قويسا چىچاڭشىپ كېتىدىغان تەنتەكلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىمىزدە ئاز ـ تولا مۇتەپەككۇرلارغا خاس پەلسەپۋى ئاڭنى يېتىلدۈرىشىمىز كېرەك.

دەرۋەقە «پۇتاقچى» تەنقىدچىلەر يوق بولسا قەلىمىنىڭ ئەيىبىنى ئاران يېپىپ، ساددا كىتابخانلارنى كولدۇرلىتىپ كۈن ئېلىۋاتقان بەزى بىچارە يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ قولىقى تىنجىپ، كۆڭلى ۋاقتىنچە ئارام تاپىدۇ. لېكىن بۇ بەكمۇ ئۆمرى كۆتە ئەسكەرلەرنىڭ تۆكمە بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئېكوئولوگىيىسىنى نورمالسىز ئاقىۋەتكە مۇپتىلا قىلىدۇ، خالاس. مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەر باشقىلارنىڭ دېتىغا ئانچە يېقىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن بۇنداق كىشىلەرسىز بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ زاۋاللىقتىن قۇتۇلالىشى مۇمكىن ئەمەس. مەشھۇر خەنزۇ ئالىم بەي ياڭ «رەزىل جۇڭگولۇقلار» ناملىق كىتابىدا: «مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارى بولمىغان ئادەمدە پەرق ئېتىش ئىقتىدارى كەم بولىدۇ، ھەممە ئىشتا ئوچۇق بولمايدۇ. ھەق ـ ناھەقنى ئايرىمايدۇ. ئۆلچەم بولمايدۇ. شۇڭا جۇڭگونىڭ بۈگۈن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى مەدەنىيەتتىن ئىزدەش كېرەك» دەپ ئېيتقان.

تەنقىددىن قورقۇش پىسخىكىسى ماھىيەتتە يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر جەھەتتىن قەدىر ـ قىممەت چۈشەنچىسىنىڭ قاتاللىقىنى، ئىلمىي پوزىتسىيىسىنىڭ كەملىكىنى بىلدۈرىدۇ. بىر مۇنەۋۋەر يازغۇچى ئادەتتە تەنقىدچى ۋە كىتابخانلارنىڭ باھاسىغا ئارتۇقچە پىسەنت قىلىپ كەتمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئىچكى ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىپ دائىمىي ھالەتتىن ھالقىپ ئۆتۈش كويىدا بولىدۇ. تەتقىقاتچىلار مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىدە ئادەتتە دائىمىي ھالەتتىن ھالقىپ ئۆتۈش، ئالدىدىكىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈش، ئۆزىدىن ھالقىپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئۈچ ئالاھىدىلىك ئىپادىلەنگەن بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەر قانداق بوشۇش مادارچىلىقتا، كونا تەرتىپلەرگە قارشى تۇرىدۇ. مادارچىلىق ئېڭى كۈچلۈك يازغۇچى ھامان ئۆزىدىن قانائەت ھاسىل قىلىشتەك قارىغۇلۇق ھالەتتە تۇرغان بولىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ باھاسىنى، كىتابخانلارنىڭ رايىنى ئالىي ئۆلچەم قىلىۋاتىدۇ.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ماقالىسىدا يەنە تەنقىدچىگە بولغان ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن «ئابباس لويى چېغىدىمۇ سورىغان نېمىسىنى بەرمىگەنلەرگە ئانچىۋالا قايىل كەتمەيتتى» دەپ ماڭا ئابباس لويىدىن ئۆگىنىشىم ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ. مەمتىمىن ھوشۇر ماقالىسىدا بىزگە ئۆزىنىڭ ۋەتەن قارشى، تارىخ قارشى، ئەنئەنە قارشى، مىللەت قارشى، ئەدەبىيات قارشى ھايات قارشى، ئەدەبىي تەنقىد قارشى ۋە تىراگېدىيە قارشىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. مەن يازغۇچىنىڭ بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدىكى

قارشى ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

يازغۇچى ماقالىسىدا «خىيالىي بەختنى ئىزدەپ قاڭقىپ چىقىپ كېتىش ئەمەس، شۇ زېمىننىڭ ھەقىقىي ئىگىسى، خوجايىنى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ھاياتىي كۈچىنى مەنىلىك ئىشلارغا بېغىشلاپ، ئۆز ئېلىدە مەھكەم دەسسەپ تۇرۇشلا بۈگۈنكى كۈندە مەدەمىيلەشكە تېگىشلىك ئەڭ جاسارەتلىك روھ!» دەپ يازىدۇ. بۇ خىل ۋەتەن قارىشى بىزگە ناھايىتى تونۇش بولۇپ، بۇنىڭ مىللىي مەدەنىيەت پىسخىكىمىزدىكى يىلتىزى ناھايىتى چوڭقۇر. خەلقىمىز «ئۆزگە ئەلدە سۇلتان بولغۇچە ئۆز ئېلىڭدە ئۇلتان بول» دەپ ئېيتقان. شائىر تېيىپجان ئېلىيوپمۇ «ئۆزگە ئەلدە شاھى تون ئىچرە قورۇنغان تەنلىرىم، ئۆز ئېلىمدە يايرىغاي كىيسەم كولاھۇ جەندەمەن» دەپ يازغان. مانا بۇ بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى ئېتىقادىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى. لېكىن ئېتىقادنىڭ مەزمۇنى قېتىپ قالغان نەرسە ئەمەس ئەگەر ئېتىقاد ئىرادە تەرىپىدىن قانچە قوغدالسا سۈيىبېكت ئۆزىنى شۇنچە مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ۋە سەپسەتىگە شۇنچە يول قويىدۇ. ئوبيېكت پاكىتلار ۋەجىدىن ئېتىقاد قانچە ئىنكار قىلىنسا سۇبيېكت ھەقىقەتكە شۇنچە يول ئاچىدۇ. بىزنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى ئېتىقادىمىزنىڭ مەزمۇنى نۆۋەتتە ئوبيېكت پاكىتلار ۋەجىدىن ئىنكار قىلىنىۋاتىدۇ. بىز بۇ رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. بۈگۈنكى دۇنيادا ۋەتەنگە بولغان ئېتىقاد كىندىك قېنى تۆكۈلگەن زېمىندا بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا كۈرمىڭ مۇسۇلماننىڭ بىرى بولۇپ ياشاشتا ئەمەس. «خاسىيەتلىك قار» دىكى تىلغۇالدىدەك ۋەتەنگە بولغان قۇرۇق مۇھەببەت بىلەن ھاياتنى لاي سۇدەك مەنىسىز ئۆتكۈزۈپ «ئۇلتاڭ» بولۇپ ياشاش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. بۇ خىل ياشاشنىڭ مۇشكۈل يېرى يوق. ئۆزىگە خاس ئەھمىيىتى، ماھىيىتى ۋە مەقسىتى بولمىغان ھايات، خاسلىق قىممىتى ۋە تەشەببۇسكارلىقى يوق روھ، رىسقىدىن تاشقىرى ئىشتىھانى بىلمەي قارغۇلارچە ئۈمىدۋارلىق ۋە نادانلارچە قانائەتچانلىق ئىچىدە ياشاش ئۇسۇلى مىڭچە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. بىزنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى چۈشەنچىمىزنى ئەڭ ئىپتىدائىي، ھەتتا ئەڭ نادان ھالەتتە دېيىشكە بولىدۇ. بىز ۋەتەننى «كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن زېمىن» دەپلا چۈشىنىمىز. بىلىشىمىز كېرەككى، بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ۋەتەن ئۆز مەنىسىنى ئىزدەۋاتقان ئۇقۇم.

بىزنىڭ ئەنئەنىگە ئىنتائەتمەن بولۇشتەك ئاجىز پىسخىكىمىز دائىمىي ھالەتتىن ھالقىپ ئۆتۈشىمىزگە ئاسانلىقچە مۇمكىنلىك بەرمەيدۇ. شۇڭىمۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ بەدىئىي تەرەققىياتى بىر قەدەر رەڭدار بولسىمۇ، لېكىن تەپەككۇر تەرەققىياتى بىر تۈز سىزىقتىن ئىبارەت. تارىخنىڭ ئىسترېلكىسى 21 - ئەسىرنى كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ، بىز تەپەككۇرىمىزدا يېڭى سەكرەش، ئىدىيىمىزدە يېڭى بۆرۈلۈش ياساپ بېقىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلىپ يەتمەيۋاتىمىز. ئىدىيە، ئېتىقاد ۋە ھەرىكىتىمىز يەنىلا ۋاقتى ئۆتكەن كونا پەدىدىن ئىبارەت. بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز كىشىلەرنىڭ ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىسىدە قانچىلىك ئۆزگىرىش ياسىيالىدى؟ ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىغا قانچىلىك تەسىر كۆرسىتەلىدى؟ بىرەر يازغۇچى - شائىر بىرەر يېڭى ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەقىدە - ئېتىقادلىرىدىن گۇمانلىنىشقا مەجبۇر قىلالىدىمۇ؟ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا كۆتۈرۈپ مۇنازىرىگە سەۋەب بولغان ئەسەرلەردىن، كىتابخانلىرىمىزنىڭ قوبۇل قىلىشىدىن ھالقىپ كەتكەن ئىدىيىلەر بىلەن تويۇنغان ئەسەرلەردىن نەچچىسى بار؟! گەرچە «گۈللەر ھەر باھاردا ئېچىلسىمۇ، لېكىن يەنىلا شۇ كونا يۇراق!» (ئورفات). بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز قاچانمۇ شىددەت بىلەن داۋالغۇپ تۇرىدىغان، ساھىللارغا زەرب بىلەن ئۇرۇلىدىغان بولار؟! فېيرباخ: «ھاياتىڭدىكى ئەڭ چوڭ خاتالىقىڭ - ئەزەلدىن ئادەت بولۇپ قالغان قائىدىلەرگە چېقىلمىغانلىقىڭ ۋە جىنايەت ئۆتكۈزمىگەنلىكىڭدۇر…» دېمىگەنمىدى؟ ئالدىمىزدىكىلەر ياراتقان پەللىنى تەكرارلاۋېرىشتىن نېمىشقا زېرىكىش ھېس قىلمايمىز؟ بىز ئىلگىرىكىلەر سىزىپ قويغان سىزىقتىن ھالقىپ ئۆتەلمىسەك، خۇددى قەشقەرنىڭ ئۇستەڭبويى كوچىسىدىن ئۆتكەندە، كېتىۋاتقان يولىدا بىرەر توغرا سىزىلغان سىزىقنى كۆرسە ئۆتۈشكەپېتىنالماستىن كەينىگە قايتىپ كېتىدىغان «ئاخۇنۇم سىزىق» قا ئوخشاپ قالىمىز.

يازغۇچى مەتتىمىن ھوشۇر ماقالىسىدا يەنە «ھايات ياشاۋاتقان بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۈستىگەئۇلارنىڭ تارىخىدىن، ئۇرۇق ئەۋلادىدىن قالغان ھەممە زەئىپلىكلەرنى گۇناھ قىلىپ ئارتىپ تىللاپ بېرىش قولۇمدىن زادىلا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ ،تىراگېدىيە ئېڭى ئاجىز بۇ بەختسىز خەلق، نىڭ تارىختا تارتقان ئازاب - ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلاش ئەدەبىياتىمىزنىڭ جىنايىتى ئەمەس، بۇرچى!» دەپ يازىدۇ. مانا بۇ تۇرمۇشتا، رېئاللىقتا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدىغان يازغۇچىنىڭ ئەدەبىيات ۋە تىراگېدىيە قارىشى. تىراگېدىيىلىك كىشىلەرگە ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ئاتا قىلىدۇ، دەپ تونۇش ماھىيەتتە بىزنىڭ تىراگېدىيە ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنىڭ چوڭقۇر ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر ئەدەبىي ئەسەرلەردە

ئازاب ئېكىنى ئىپادىلەش، تراگېدىيىلىك چىنلىقنى يېزىش «ئادەملىرىمىزگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلىيالمايدۇ» دەپ قارايدىغان بولساق ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى نامراتلىقىمىزنى، روھىي جەھەتتىكى زەئىپلىكىمىزنى بەكمۇ بىچارىلەرچە شەكىلدە ئېتىراپ قىلغان بولىمىز. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، غەرب ئىستېتىكا تارىخىدا ئارىستوتىلدىن كېيىن تراگېدىيىنى سەنئەتنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى دەپ قاراش بىر ئەنئەنىگە ئايلانغان. ( ئەلۋەتتە بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «تراگېدىيە» مۇستەقىل تىياتىر شەكلى بولغان تراگېدىيىنى ئەمەس، بەلكى ئىستېتىك كاتېگورىيە بولغان تراگېدىيىنى كۆرسىتىدۇ. ) بىز كەمسىتىش نەزەرىمىز بىلەن قارايدىغان چۈشكۈنلۈك ئېڭىمۇ رېئال چىنلىقنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ تۇرغان بىر خىل ئىستېتىك پەلسەپۋى ئاڭ. بىز غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىكى ئەڭ مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان كافكانىڭ ھايات قارىشىنىڭ يادروسى دەل ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغان چۈشكۈنلۈك ئېڭى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. كافكا: «بالزاك ھاسىسىغا: ،مەن ھاياتتىكى ھەربىر توسالغۇنى بىت-چىت قىلىپ ماڭدىم، دەپ يېزىۋالغان بولسا، مەن قالپىقىمنىڭ ئېچىگە: ،ھاياتتىكى ھەر بىر توسالغۇ مېنى بىت -چىت قىلىپ كەلدى، دەپ يېزىۋالدىم دېگەن. بۇ بىزنىڭ ھايات ۋە سەنئەت ھەققىدىكى كۆز قارىشىمىزنىڭ چۈشەنچىمىزنىڭ نامراتلىقىنى ياندىن يورۇتۇپ بېرىدىغان بىر ئاددى مىسال.

تىراگېدىيە — كىشىلىك ھاياتتىكى قىممىتى بار نەرسىلەرنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش دېمەكتۇر، دېگەن قاراش تراگېدىيە ھەققىدىكى كىلاسسىك تەبىرلەرنىڭ بىرى. قەلبىمىزگە تەسەللى بېرىپ كېلىۋاتقان قەدىردان يازغۇچىمىز زوردۇن قادىرىنىڭ بىر قىسىم دىراما، ھېكايىلىرىنىڭ بىزنى شۇنچە مەپتۇن قىلىشىدىكى سىر دەل بىزگە غۇنچەم، باقىلارنىڭ ھاياتىنى، ياشلىقىنى، بەختىنى، كىشىلىك ھوقۇقىنى ۋەيران قىلىپ كۆرسىتىپ، بىزنى رېئاللىقنىڭ پەرداز سىز چىنلىقىدىن ھوزۇرلىنىش بەختىگە مۇيەسسەر قىلالىغانلىقىدا، مىللى تراگېدىيە ئېڭىنى ئۆز ئەسىرىنىڭ ۋە پېرسوناژلارنىڭ ئۇگە-ئۇگىلىرىگە سىڭدۈرۈپ ئىپادىلىگەنلىكىدە ئىدى. بىزنىڭ باشقا يازغۇچىلىرىمىز زوردۇن قادىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن بۇ قىممەتلىك ئەنئەنىگە قانچىلىك ۋارىسلىق قىلالىدى؟ شۇنى يوشۇرماستىن ئېيتىش كېرەككى، بىزنىڭ كۆپچىلىك يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇنداق ساپ تراگېدىيە ئېڭى كەمچىل بولغاچقا، ئۇلار رېئاللىقتا بەختىنى تاپالمىغان، مۇرادىغا يېتەلمىگەنلەرنى ئەسەرلىرىدە بەختكە ئېرىشتۈرۈپ، مۇرادىغا يەتكۈزۈپ يازدى. ئۆزلىرىچە بۇنى «كىشىلەرگە ئۈمىد بېغىشلاش» دەپ چىرايلىق سۈپەتلەشتى. بىزنىڭچە ئىجتىمائىي قاباھەتنى جاسارەت بىلەن ئېچىپ تاشلاش، ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئە، ھالاكەت ، ۋەيرانچىلىق، ۋە بەختسىزلىكلەرنى ياساپ-تاراپ، شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيا-ئەڭلىكلىرى بىلەن پەردازلاپ ئولتۇرماستىن ئەينەن ئىپادىلەش تراگېدىيىلىك تېرەنلىكنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئەگەر «خاسىيەتلىك قار» دىكى ۋەقەلىكنى راۋاجلاندۇرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ تاسادىپىي ھادىسىلەر ياكى پېرسوناژنىڭ پائالىيىتى بولماستىن، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى بولغان بولسىدى، جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتى، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەرلىكى جانلىق ئېچىپ بېرىلىپ، چوڭقۇر تراگېدىيىلىك مەنە ھاسىل قىلىنغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، كىتابخانلارغا «ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ئاتا قىلىشقا» بېرىلىپ كەتكەن يازغۇچى ئەينى يىللاردىكى رېئال تۇرمۇشنىڭ مەنتىقىسىگە خىلاپ ھالدا تەگرىدىن «ئۆلسەممۇ ئەشۇ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن شۇ تۇپراقتا يېتىپ ئۆلەي» دەپ تىلەيدىغان، ئەمما ئۆزىنى تەقدىر بورىنىنىڭ ئەشۇ قىممەتلىك نەرسىلىرىدىن ئايرىپ، قانداق قىلىپ شۇنچە يىراق يەرلەرگە تاشلىۋەتكىنىنى زادى ئويلاپ يېتەلمەيدىغان بىر پېرسوناژنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپ، ئۆز قىسمىتىنى ئاخىرلاشتۇرغان.

ئەسەرنى تراگېدىيىلىك ئامىللار بىلەن باشلاپ، زەپەر تەنتەنىسى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئادەتتە «مۇقام ئاياغلاشقانچە شادىيانىغا چېلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداق «مۇقام ئاياغلاشقانچە شادىيانىغا چېلىش» ئەمەلىيەتتە يالغانچىلىقتىن، ئۆز-ئۆزىنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. «خاسىيەتلىك قار» دەل مۇشۇنداق ئاياقلاشتۇرۇلۇپ رېئاللىق پەردازلانغانلىقى تۈپەيلى، تراگېدىيىلىك خۇسۇسىيىتى رېئال ئاساسىدىن، ئىجتىمائىي تەنقىدىي ئەھمىيىتىدىن ۋە ئىستېتىك جەلىبكارلىقىدىن مەھرۇم قىلىنغان. شۇڭا مەن تىلشۇالدىنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشلىرى تراگېدىيىلىك قىممەت ھاسىل قىلالمايدۇ، دەپ قارايمەن. بۇ دېگەنلىك باش پېرسوناژ ھاياتىنى چوقۇم ئۆلۈم بىلەن تۈگەللىگەن بولۇشى كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. ئەلبەتتە ئۇنىڭ سارسانلىق، بەختسىزلىك، غۇربەتلىك، ھەسرەتلىك، مەھرۇملۇق مەۋجۇتلۇقىمۇ بىزگە ھاياتتىكى ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

شۇ نەرسە ئايانكى، تراگېدىيە ئېڭى ئاجىز يازغۇچى مەڭگۈ ئۇلۇغ ئەسەر يارىتالمايدۇ. تراگېدىيىلىك

ھەرگىزمۇ ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك بىلەن تەڭداش ئۇقۇم ئەمەس، بەلكى ئۇ «ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقەتنى ئىزدەش يولىدىكى مۇتلەق ئىرادىسىدە ئىپادىلىنىدۇ» (كارىل. ياسىرىس)

يازغۇچى مەتتىمىن ھوشۇر ماقالىسىدا «ھايات ياشاۋاتقان بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ تارىخىدىن، ئۇرۇق-ئەۋلادىدىن قالغان ھەممە زەئىپلىكلەرنى گۇناھ قىلىپ ئارتىپ تىللاپ بېرىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ، ‹تراگېدىيىلىك ئېڭى ئاجىز بۇ بەختسىز خەلق›، نىڭ تارىختا تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى يېتىپ ئاشىدۇ» دەپ يازىدۇ. مېنىڭچە ئازابنى كۆپ تارتقانلىق ھەرگىزمۇ «ئازاب ئېڭى»غا ئېرىشكەنلىك ئەمەس. خەلقىمىزنىڭ «ئازاب ئېڭى»نى ھەرگىزمۇ يېتەرلىك دېگىلى بولمايدۇ. تارىختىكى ئازابلىرىمىزنىڭ تەكرارلانماسلىقى ۋە داۋاملاشماسلىقى ئۈچۈن بىزدە ئىنتايىن چوڭقۇر «ئازاب ئېڭى» بولۇشى كېرەك. ھازىرقى مەسىلە بىزنىڭ «ئازاب ئېڭى» نىڭ ئالاھىدىلىكىنى، مەزمۇنىنى ۋە شەكىللىنىش سەۋەبىنى چۈشەنمىگەنلىكىمىزدە. شۇنىسى ئېنىق بولسۇنكى، «ئازاب ئېڭى» ئاڭنىڭ ئالاھىدە بىر خىل ھادىسىسى. ئۇ ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان خاس پەلسەپىۋى مەزمۇنغا ئىگە. ئۇ پسىخولوگىيىدىكى ئازابلىنىش كەيپىياتىغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، «ئازاب ئېڭى» — ئادەمنىڭ قېنىدا ئېقىپ تۇرغان بىر خىل ھاياتىي كۈچ، بىر مەنىۋى سۈپەت، بىر خىل قوزغاتقۇچ ئېنېرگىيە. بىلىم جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى ئەڭ يۇقىرى، جەمئىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچىسى مول، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئەڭ كۈچلۈك كىشىلەرنىڭ «ئازاب ئېڭى»غا ئېرىشىشى ئەڭ بالدۇر، ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ئۇزۇن بولىدۇ. «ئازاب ئېڭى» ئادەمنىڭ ئۆز-ئۆزىدىن ھالقىش، مەنىۋى جەھەتتە تاكامۇللىشىش، ئۆز-ئۆزىنى ئىپادىلىشىنىڭ بىر مۇھىم مەنىۋى قورالى. شۇڭا مەن مەتتىمىن ھوشۇرنىڭ «ئادەملىرىمىزگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلاش - ئەدەبىياتىمىزنىڭ جىنايىتى ئەمەس، بۇرچى!» دەپ ئېيتقان خىتابىغا قارىمۇ-قارشى ھالدا: «ئادەملىرىمىزدە ‹ئازاب ئېڭى›نى يېتىلدۈرۈش — ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچى!» دەپ جار سالىمەن.

## كېلەر ساندىكى مۇھىم ئەسەرلەر

**مىللىي ئىنكارچىلىك ۋە روھىي چۈشكۈنلۈك ................ مۇھەممەت ئىمىن**

بۇ - مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى، تونۇلغان يازغۇچى مۇھەممەت ئىمىننىڭ ماقالىسى بولۇپ، ماقالىدا ئۇيغۇرلار تەنقىدلەنگەن ماقالىلارغا قارىتا ئىلمىي ئاساستا يەكۈن چىقىرىلغان.

**سېلىشتۇرۇپ ھوزۇرلىنىڭ.................................. ئابدۇقادىر جالالىدىن**

سېلىشتۇرۇپ ھوزۇرلىنىڭ — ژۇرنىلىمىزدا يېڭىدىن ئېچىلغان سەھىپە بولۇپ، چەت ئەل شېئىرلىرىنىڭ ئەسلى يېزىقتىكى نۇسخىسى، خەنزۇچە نۇسخىسى، شۇنداقلا ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى تەڭلا بېرىلىدۇ. بۇ سىزنىڭ شېئىرنىڭ ئەسلى گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلىنىشىڭىزغا، ھەمدە شېئىر تەرجىمىسىدە ئۈلگە قىلىپ پايدىلىنىشىڭىزغا ئەرزىيدۇ.

**شېئىرلار ........................................ مۇھەممەتجان راشىدىن**

شائىرنىڭ بۇ شېئىرلىرى «مەشھۇر شائىرلىرىمىزنىڭ تۇنجى شېئىرى ۋە ۋەكىللىك شېئىرلىرىدىن نەمۇنە» سەھىپىسىگە بېرىلگەن بولۇپ، شېئىرلار شائىرنىڭ كامالەتكە يېتىش جەريانىنى مەلۇم نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**روھنى پاكلاش تەس ........................................ روزى سايىت**

شائىر روزى سايىتنىڭ بۇ شېئىرى دىلمۇرات تۇرسۇننىڭ «ھاراق ئىچمەك تەس» دېگەن مۇشائىرەسىگە قارىتا يېزىلغان بولۇپ، چۈچۈك تىلى، ئوبرازلىق پىكىرلىرى بىلەن سىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

# مۇھەببەتلىك دۇنيا، ئاتەشلىك يۈرەك

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئە. ياسىن، پەخرىدىن موسا، مۇھەممەتجان مەمتىلى

## ئۈنىڭ جەننىتى



«ئىپتىدائى جەمئىيەتتە پۇل يوق ئىدى. قەدىمقى ئىنسانلار توپلىشىپ تىرىكچىلىك قىلغاچقا تەڭ تەقسىماتچىلىق شۇ جەمئىيەتنىڭ ياشاش ئۇسۇلى بولۇپ ھېساپلىناتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇرۇش-تالاش، باي-كەمبەغەللىك، تەڭسىزلىك مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت تەبىئەت بىلەن ئورتاق كۆرەش قىلىش نىشانىلا مەۋجۇت ئىدى. بۇ تارىخىي كىتابلاردىكى ئىبارىلەر. مەيلى قايسى تەرەپتىن ئېيتايلى، ئۇ- پۇل، بايلىق بولمىغان، ھوقۇق-ئىمتىياز بولمىغان غايىۋى جەمئىيەتنىڭ خىيالەن كۆرۈنۈشى. ھازىر تەرەققى قىلدۇق. يۈكسەك دەرىجىدە زامانىۋىيلاشقان مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ پۇقراسىغا ئايلاندۇق. بۈگۈنكى كۈندە پۇل تۇرمۇشىمىزنىڭ كىچىككىنە بۆلۈكى-پۈشقاقلىرىدىمۇ ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلماقتا. پۇل- دۇنياۋىي مۆجىزىلەرنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ، ھەم دەھشەتلىك جىنايەتلەرنىڭ سادىر بولىشىغىمۇ سەۋەب بولىدۇ. ھەي، پۇل! ئاجايىپ سېھىرلىك نەرسىدە - بۇ...»

چەرچەن ناھىيىلىك ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى غېنى ئەمەتنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ ئولتۇرغان ماشىنا بىر - ئىككى سىلكىنىپلا توختاپ قالدى.

— ئاپلا، ماشىنىدىن يەنە چاتاق چىقتى، — دېدى شوپۇر ئۆمەرجان ماشىنىدىن چۈشۈۋېتىپ.

— بۇ ئەسلىدە ھارۋىمۇ ئاران ماڭالايدىغان يول ئىدى. ھارۋىدا كېلەي دېسىڭىز قىلماقچى بولغان ئىشىمىزنى بىر يىلدىمۇ تۈگۈتەلمەيمىز. ماشىنىدا كەلسىڭىز قەدەمدە بىر چاتاق چىقىپ كىشىگە ئارام بەرمىگەن. يەنە نەرىدىن چاتاق چىققاندۇ بۇ ماشىنىنىڭ؟

غېنى ئەمەت خۇرسىنغان ھالدا ماشىنىدىن چۈشتى. كىرىدىت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئوسمانجانمۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ توپىغا كۆمۈلۈپ تۇرغان ماشىنىغا خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا قاراپ تۇردى. ئۇلار ئەسلىدە ناھىيە بازىرىدىن 200 نەچچە كىلومېتىر يىراق بولغان ئوييايلاق يېزىلىق ئامانەت - قەرز پونكىتىنى تەكشۈرۈپ چىققانئىدى. مەنزىل يىراق، يولنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى ئوسال بولغاچقا ماشىنا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتاتتى. 1-ئاي مەزگىلى بولغاچقا جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق نەشتەردەك ئۇرۇلاتتى. ئەتراپتا ئېگىز تاغ - تاشلاردىن باشقا، نە ئادەم، نە بىر تۈپ گىياھ كۆرۈنمەيتتى. يىراقتا سوزۇلغان، ھارۋىلارمۇ تەستە ماڭىدىغان تاغ يولى بولسا خۇددى يولۇچىلارنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك كۆز يەتكۈسىز يىراقلىققا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ماشىنىدىن ھەر قېتىم چاتاق چىققاندا، شوپۇر ئۆمەرجان ئۆزىنىڭ ھەممە تېخنىكىسىنى ئىشقا سېلىپ ماشىنىنى ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى.

— يەنە نەرىدىن چاتاق چىقىپتۇ ئۇكام؟ - دەپ سورىدى غېنى ئەمەت ئۆمەرجاندىن.

— ماشىنىنىڭ سۈيى ئېقىپ قاپتۇ، — دېدى ئۆمەرجان كاپۇتنى يېپىۋېتىپ.

— ئەستا، بىر تېمىم سۇ تاپقىلى بولمايدىغان بۇ سايلىقتا كۆرگۈلۈكمىزنى كۆرىدىغان بولدۇقتە ئەمدى، — دېدى ئوسمانجان قايغۇرغان ھالدا.

ئۇلار دەرھال ئۆزلىرى ئىچىشكە ئېلىۋالغان سۇنى ماشىنىغا ئىشلەتتى. ئەمما بۇ سۇ ئۇزاققا يايلىماي قالدى.

— ئەمدى ھەممىمىز ماشىنىغا جىغايمىساق بولمىدى، — دېدى ئۆمەرجان.

ئىيگۈسى كەلگەنلەرمۇ كەلمىگەنلەرمۇ ماشىنىغا جىغايدى. ماشىنا قوزغالدى. ئۇلار «ئۇھ» دېيىشىپ يولنى داۋام قىلدى. بىراق ئۇلارنىڭ ئۇھ دېيىشى ئۇزاققا بارماي ماشىنا يەنە توختاپ

قالدى. بۇ چاغدا ئەتراپ ئاللىقاچان كۆكۈم پەردىسى بىلەن قورشالغان ئىدى. ئۆمەرجان كاپوتنى ئېچىۋىدى، قويۇق ھور ئاسمانغا كۆتىرىلدى.

— غېنى مۇدىر، ئەمدى ماشىنا قوزغىلالمايدىغان بولدى.

— نېمىشقا؟

— سۇمۇ تۈگەپتۇ، ماتورىدىمۇ چاتاق چىقىپتۇ.

— قېنى يىگىتلەر، ئالدىمىزدا يەنە 40-50 كىلومېتىر يول بار. ئەمدى ئىككى پۇتىمىزنىڭ ماغدۇرىنى كۆرسىتىدىغان چاغ كەلدى، — دېدى غېنى ئەمەت جۇۋىسىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىپ تۇرۇپ.

ئۇلار خەتەرلىك تاغ يولىنى بويلاپ توختىماي يول يۈرۈپ، سەككىز سائەتتىن كېيىن ناھىيىدىن 240 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئوييايلاق يېزىسىغا يېتىۋالدى.

بۇ غېنى ئەمەت ئۈچۈن 1-قېتىم يۈز بەرگەن ئىش ئەمەس. ئۇ چەرچەن ناھىيىلىك ئامانەت-قەرز كوپراتىپلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە مۇدىر بولغاندىن كېيىنمۇ تالاي قېتىملاپ يۈز بەردى. ئۇ ھەر قېتىم تاغلىق يېزىلاردىكى ئامانەت-قەرز پونكىتلىرىغا تەكشۈرۈشكە چىققاندا ئويلىمىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلەتتى. ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، داق يەردە تۈنەش... دېگەن ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغان ئادەتتىكى ئىشلار ئىدى. ئۇ ھېچقاچان ۋايساپ باقمىدى. بىر-بىرسىگە خىزمەتنىڭ ئېغىرلىقى ئۈستىدە دەرت تۆكۈپ باقمىدى. نېمىشقا؟ ئۇ كەسپىگە پۈتۈن مۇھەببىتىنى بېغىشلىغان. ئۇنىڭ ئانا يۇرتى چەرچەنگە بولغان مۇھەببىتى، كەسپىگە بولغان مۇھەببىتىگە ئوخشاشلا ناھايىتى كۈچلۈك. راست گەپنى قىلغاندا، ئۇنىڭغا تالاي قېتىملاپ چوڭ شەھەرلەردە خىزمەت قىلىش پۇرسىتى كەلدى. بىراق ئۇ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا رەت قىلدى. چۈنكى ئۇ چەرچەندە تۇغۇلغان، ئالتۇن چايقاپ ئاقىدىغان چەرچەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، مۇشۇ زېمىندىن ئوزۇق ئېلىپ چوڭ بولغان. مۇشۇ ئۇلۇغ زېمىندىكى خەلق ئۇنى بېشىدا كۆتۈرۈپ ئەزىزلىگەن...

ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق چاغلىرىنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقىرالمايدۇ.

ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەن يىلى يەنى 1971-يىلى كۈزدە، قايتا تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن چوڭ كۆل يېزىسىغا چۈشتى. سىياسەتنىڭ تايىنى بولمىغان بۇ چاغلاردا، كىشىلەرنىڭ روھى دۇنياسىمۇ بارغانسېرى قۇرغاقلىشىپ، بارغانسېرى پۇچەكلىشىپ، تۇرمۇشنىڭ تازا مەزىسى قالمىغان ئىدى. نى-نى ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈككەن غېنى ئەمەت، بۇ خىل بۇرۇختۇملۇق تۇرمۇشتىن تولىمۇ بىزارلىق ھېس قىلدى. بىراق ئۇنىڭغا تەقدىرگە تەن بەرمەكتىن باشقا چارە يوق ئىدى. مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان ئېتىز ئەمگىكى، سىياسەتتىكى ساختىلىق، ئادەملەردىكى بوشاڭلىق ئۇنى شۇ قەدەر زېرىكتۈرگەن ئىدىكى، ئۇ تالاي قېتىملاپ يۇرتىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشنى ئويلاپ باقتى. بىراق ئۇ قىيالمىدى. ئانا تۇپراققا ئۈن-تىنسىز ئېقىۋاتقان چەرچەن دەرياسىغا، ھەمىشە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىلا ئويلايدىغان ئاقكۆڭۈل خەلقىگە قىيالمىدى.

— ھەي... بۇ كۈنلىرىمىزمۇ ئۆتۈپ كېتەمدىغۇ... — دەيتتى ئۇ لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلەپ تۇرۇپ.

بىراق كۈنلەر ئۇ ئويلىغاندەك ئۇنداق تېز ئۆتۈپ كەتمىدى. ئۇ يەنىلا ئېتىزغا چىقتى، بىر نەچچە تىيىن نومۇر ئېلىشنىڭ كويىدا ئۆلەر تىرىلىشىگە قارىماي كەتمەن چاپتى، ئورما ئوردى... بەزى كۈنلىرى ئۇ ئەمگەكتىن ھېرىپ كەلگىنىگە قارىماي تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي تۈننى تاڭغا ئۇلايتتى.

— مۇشۇمۇ كۈن بولدىمۇ؟ ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا نى ئارمانلارنى قىلغان ئىدىم-ھە. ھازىر بولسا نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈيمەن؟ — ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ پېغانى ئۆرلەشكە باشلايتتى.

ئۇ ئەنە شۇنداق ئۈمىدسىزلىنىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە ئۆزىمۇ بىلمەيلا مەھەللىدىكى بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ ھاراقكەشلىك تازا قايناۋاتقان بەزمە سورۇنلىرىغا قېتىلىپ قالدى. مەھەللىدە پات-پات بولۇپ تۇرىدىغان، بەزىدە تاڭ ئاتقۇچە داۋاملىشىدىغان بۇنداق بەزمە سورۇنلىرى غېنى ئەمەتنىڭ غەم-ئەندىشىسىنى، قايغۇ-ئەلەملىرىنى بىردەملىك بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇپ، نەغمە-ناۋالار ئىچىدىكى گۈزەل مۇھىتقا باشلاپ كىرەتتى. ئۇ مەستخۇش بولغان ھالدا چىلاشقۇدەك ئىچەتتى. دە، ئۆدۈل كەلگەن يەرلەردە يېتىپ قالاتتى. ئېھ، ياشلىق! بەزىدە ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق بىمەنە گۈزەللىكمۇ ئارىلىشىپ قالىدۇ. ياشلىقتا ئادەم ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بەزى گۇناھكارانە ئىشلارنى ئويۇن تەرىقىسىدە سادىر قىلىدۇ.

— غېنى ئاداش، ھەممىمىزگە قارىغاندا سىنىڭ پۇت-قولۇڭ چاققان. توخۇ ئوغرىلاپ كېلىپ سورۇنىمىزنى ئاۋاتلاشتۇرغان بولساڭ تازىمۇ كۆڭۈللۈك ئىش بولاتتى-دە، — دېدى بىر كۈنى ھاراق سورۇنىدىكى ئۈلپەتداشلاردىن بىرى غېنى ئەمەتكە.

بۇ پىكىرنى باشقىلارمۇ قىزغىن قۇۋۋەتلىدى.

— ئوغرىلىساق ئوغرىلىدۇق. بۇمۇ بىر تاماشا.

ئىچىپ خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالغان غېنى ئەمەت سەندىرەكلەپ ئورنىدىن تۇرغىنىچە بىر نەچچە ئۈلپەتدىشى بىلەن سىرتقا ماڭدى. شۇ كېچىسى ئۇلار بىر نەچچە توخۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوغرىلاپ كېلىپ «غەلىبە»نى تاڭ ئاتقۇچە تەبرىكلىدى. بۇنداق ئىش كېيىنمۇ بىر قانچە قېتىم تەكرارلاندى.

تەقدىر ـ پىشانە شۇنداقمۇ، بىر قېتىملىق توخۇ ئۇغرىلاشتا باشقىلارنىڭ ھەممىسى قېچىپ قۇتۇلۇپ، مەسلىكتىن كۆزىنىمۇ ئاچالماي قالغان غېنى ئەمەت تۇتۇلۇپ قالدى. نەتىجىدە ئۇ ناھايىتى تېزلا ئوغرى دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۇ زادىلا ئەقىلگە سىغمايدىغان بۇ قاباھەتلىك رىشاللىق ئالدىدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىرىدى. ئۇ ئوغرىلىغان توخۇمۇ، ئوغرىلىمىغانلىرىمۇ بىر ھارۋىغا بېسىلدى. ئۇنىڭ بوينىنى پەسكە ئېگىپ، بازارنى ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلدى.

ئەشۇ كۈن ئۇنىڭ يۈرىكىدە مەڭگۈلۈك داغ سۈپىتىدە ئويۇپ قالدى. ئۇ ئەسلى شۇنداق ئادەممىدى؟ شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ باشقىلا بىر غېنى ئەمەتكە ئۆزگەردى. ئويۇن ـ تاماشا، ھاراق سورۇنى دېگەنلەرگە يېقىنمۇ يولاپ قويمىدى…

كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ كەنت بوغالتىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەشكە باشلىدى. بوغالتىرلىق ئەقىل پاراسەت تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت بولغاچقا ئۇ پۈتۈن زېھنىنى خىزمەتكە سەرپ قىلدى. 76 ـ يىلى ئۇ چوڭكۆل يېزىسىنىڭ بوغالتىرلىقىنى قىلىشقا يۆتكەلدى. 81 ـ يىلىغا كەلگەندە يېزا ئامانەت قەرز كوپراتىۋىغا خىزمەتكە كىردى. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ چېھرىدە بەخت كۈلكىسى پارلاشقا باشلىدى. قەلبى ئۈمىدۋارلىققا، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىكە تولۇپ تاشتى:

— ئەمدى راسا ئىشلەيدىغان چاغ كەلدى!

—دەپ ئويلىدى ئۇ.

دەرۋەقە ئۇ راسا ئىشلىدى. قوشتاغ يېزىسىدا ئىشلىگەندىمۇ، توغراقلىق يېزىسىدا ئىشلىگەندىمۇ ھېرىشنى، دەم ئېلىشنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلىپ ئىشلەپ كەتتى. زامان ئوخشۇلۇپ ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق بولىدىغان چاغلار بولغاچقا، ئۇمۇ بارغانلا يېرىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، پونكىتلاردا مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئارىتقۇردى. 92 ـ يىلىغا كەلگەندە ناھىيىلىك ئامانەت ـ قەرز كوپراتىپلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى. مانا ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئويلىسا ئۆتكەن ئىشلار گويا چۈشتەكلا…

ئۇ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن كەسىپكە بولغان چوڭقۇر مۇھاببىتى، يۇقىرى خىزمەت ئىقتىدارى بىلەن ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە، ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ ئۆز كەسىپ دائىرىسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر قاتار چارە ـ تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، ئامانەت ـ قەرز كوپراتىپلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇردى. ئامانەت ـ قەرز كوپراتىپىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسي — ئامانەت.

ئۇ بۇ نوقتىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى.

تۈزۈم! ئۇنىڭ تۇنجى بولۇپ تۇتقان خىزمىتى ئىدارىنىڭ تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بولدى. ئەتىگىنى يېرىم سائەت بالدۇر خىزمەتكە چۈشۈش، چۈشتە ئىشنىڭ تاقىماسلىق ، كەچلىكى يېرىم سائەت كېيىن ئىشتىن چۈشۈش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، ئامانەت ـ قەرز كوپراتىۋىنىڭ باشقا كەسپىي بانكىلار بىلەن بولغان رىقابەت ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى. تۇرلۇك ئامانەت توپلاش، خىزمەت سۈپىتى، بىخەتەرلىك جەھەتلەردە مەسئۇلىيەتچانلىق زور دەرىجىدە كۈچەيتىلدى.

مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش تۈزۈمى ئېنىق ئايرىلدى. 96 ـ بوغالتىرىيە، كاسا ئىككى ئاساسي تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەللىشىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈشتە نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولغان يېگىنئۆستەڭ ئامانەت ـ قەرز پونكىتى بىلەن ئارال ئامانەت ـ قەرز پونكىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ماددى بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلاندى. غېنى ئەمەت ئامانەت توپلاشتا ئىناۋەتنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيتتى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن كوپىراتىپتا خېرىدارلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدىغان ، خوش مۇئامىلىدە بولىدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ خېرىدارلارنىڭ ئىشەنچى قولغا كەلتۈرۈلدى.

دۇنيا پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، پۇل ـ مۇئامىلە ساھەسىنىڭ زامانىۋىلىشىش دەرىجىسى كۈنسايىن كۈچەيدى. بۈگۈنكى كۈندىكى پۇل ـ مۇئامىلە ساھەسىنىڭ كومپيۇتېرلىشىشى سۆزىمىزنىڭ روشەن دەلىلى. غېنى ئەمەت، كومپيۇتېر تېخنىكىسىنى تېز ئىگىلىمىگەندە، خىزمەتلەرنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ تېزدىن كۈچ تەشكىللەپ بىر تۈركۈم خادىملارنى كومپيۇتېر ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ھازىر بۇ ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپى خىزمەتلەرنى كومپيۇتېر ئارقىلىق بېجىرمەكتە. كېيىنكى نىشان ـ ئاساسي قاتلام ئامانەت ـ قەرز پونكىتلىرىنى كومپيۇتېرلاش- تۇرۇشتىن ئىبارەت.

قەرز پۇللارنى يىغىۋېلىش ، ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىدىكى قىيىن خىزمەتلەرنىڭ بىرى . غېنى ئەمەتنىڭ بۇ ھەقتە ئۆزىگە خاس تەجرىبىسى بار. ئۇ يىغىش ھەقىقەتەن قىيىن بولغان قەرز پۇللارنى سوت مەھكىمىسىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق يىغىۋېلىشنى قولغا كەلتۈرۈپ ، يىللاردىن بۇيان ھېسابتا تۇرۇپ قالغان 71 مىڭ يۈەن قەرز پۇلنى ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرىۋالدى. ئۇ يەنە ئاساسي قاتلام ئامانەت ـ قەرز پونكىتلىرىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قاتناش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. غېنى ئەمەتنىڭ ۋاقىت كۆز قارىشى تولىمۇ كۈچلۈك . ئىشقا ئەڭ بالدۇر كېلىدىغىنىمۇ، ئەڭ كېيىن قايتىدىغىنىمۇ غېنى ئەمەت.

ئۇ ئەنە شۇنداق زور غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئامانەت ـ قەرز كوپراتىپلار بىرلەشمىسىنىڭ 97 ـ يىللىق تۇرلۇك ئامانەت قالدۇقى ، 34 مىليون 120 مىڭ

يۈەنگە، خەلق ئامانىتى 30 مىليون 856 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ئارىختىكى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. غېنى ئەمەتمۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ئامانەت - قەرز سىستېمىسى ئارا « ئىلغار شەخس » بولۇپ تەقدىرلەندى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ئوبلاست ۋە ناھىيە بويىچە كۆپ قېتىم ھەر خىل ناملاردا مۇكاپاتلانغانىدى.

— غېنى مۇدىر، مېنى چاقىرتىپتىكەنسىز، بىرەر ئىش بارمىدى؟ — دەپ سورىدى ئۆمەرجان ئىشخانىغا كىرىپ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغان غېنى ئەمەتتىن.

— ماشىنىڭىز رېمونتتىن چىقتىمۇ؟ — دېدى غېنى ئەمەت ئۆمەرجانغا سوئال نەزىرىدە قاراپ.

— ھېلىلا ئېلىپ چىقتىم. بىرەر ياققا چىقامدۇق؟

— ئاتچان ئامانەت - قەرز پونكىتىغا بېرىپ كېلەيلى.

ئاتچان - تاغلىق يېزا. ناھىيە بىلەن ئارىلىقى 100 كىلومېتىر ئارتۇق يول. يەنىلا شۇ تاغ يولى. ئۇلارنى يەنە قانداق خەۋپ - خەتەرلەر مۈشكۈلاتلار كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ؟ ۋاھالەنكى، غېنى ئەمەت بۇنداق ئىشلارغا پەرۋا قىلىدىغانلاردىن ئەمەس، خىزمەتلەر كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشسە، ئارزۇدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ ھاردۇقى چىقىدۇ. جەننەتكە كىرگەندەك ھۇزۇرلىنىدۇ. كۆزلىرىدە بەخت كۈلكىسى پارلايدۇ...

غېنى ئەمەت ئولتۇرغان ماشىنا ئاتچاننى نىشانلاپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

## ئەل ئوغلى



مۇشتىرى خىزمىتىنى ئىشلەش ئۈچۈن بۇگۇرگە بارغان چېغىمدا كۈندە دېگۈدەك ھەر قايسى يېزا، ئورگان، مەكتەپلەرگە قاترىدىم. يېڭىسار يېزىسىغا بارغان چېغىمدا، « بوستان» كەنتىنىمۇ ئارىلاپ چىقتىم. بىلىشىمچە، « بوستان» كەنتى باشقا كەنتلەرگە سېلىشتۇرغاندا نامرات كەنتلەرنىڭ بىرى ئىكەن. بىراق يېقىنقي يىللاردىن بېرى ئىلگىرىلەشى تېز بولۇۋېتىپتۇ. مەن يەنە « بوستان» كەنتىدىكىلەرنىڭ جۇمە رەجەپ ئىسىملىك بىرەيلەننىڭ نامىنى كۆپرەك تىلغا ئېلىشىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدىم.

— جۇمە رەجەپ دېگىنى كىم؟ — دەپ سورىدىم بىر ھەمراھىمدىن.

— ھە، جۇمە رەجەپنى دەمسىز؟ — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ھەمراھىم — يېڭىسار يېزىسىنىڭ باشلىقى، ھازىر مۇشۇ كەنتتە نوقتىدا تۇرۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ ئامىمنىڭ قالتىس ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئىشەنمىسىڭىز باشقىلاردىن سوراپ كۆرۈڭ، بولسا ئۇ توغرىلىق بىرەر نەرسە يازغان بولسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

ھەمراھىمنىڭ بۇ سۆزلىرى مېنى بىردىنلا قىزىقتۇرۇپ قويدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا قەلەم خۇمارىم تۇتتى. شۇنداق قىلىپ، بىر تەرەپتىن مۇشتىرى توپلاش خىزمىتىنى ئىشلىسەم بىر تەرەپتىن جۇمە رەجەپ ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى ئېگىلەشكە باشلىدىم. مەن ئالدى بىلەن ئامىمنىڭ جۇمە رەجەپ ھەققىدىكى باھالىرىنى ئاڭلىدىم:

[ مېنىڭ ئىسمىم جۇمە قاسىم. « بوستان» كەنت 3 - گۇرۇپپا باشلىقى. مۇشۇ كەنتتە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانمەن. جۇمە شاڭجاڭ ھەققىدىكى كۆز قارىشىمنى بىلمەكچى ئىكەنسىز، ئۇنداقتا گېپىمنى باشتىن باشلاي، 95 - يىلى يېزىمىزدا سايلام بولدى. مۇئاۋىن يېزا باشلىقى نامزاتى ئىچىدە جۇمە رەجەپ ئىسىملىك بىرەيلەننىڭ بارلىقىنى بىلدۇق. بىز دېھقان خەق، يېزا باشلىقىغا كەلگەندە تازا زېھىن قويۇپ ئىش قىلمىساق ئىشىمىز ئوڭغا تارتمايدۇ. شۇڭا جۇمە رەجەپ ئىسىملىك بۇ نامزاتنى دىققىتىمىزدىن نېرى قىلمىدۇق. تەرەپ- تەرەپتىن سۈرۈشتۈرۈپ ئۇنىڭ دۇرۇس يىگىت ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. نەتىجىدە قۇرۇلتاي مەزگىلىدە ئۇنىڭغا بەس - بەس بىلەن بېلەت تاشلىدۇق. ئاخىرى ئۇ يېزىمىزنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بولدى. كېيىن قارىساق بىزنىڭ كەنتكە نوقتىدا تۇرۇپ ئىشلەشكە چۈشتى. ھەممىمىزنىڭ خوشاللىقتىن بېشىمىز كۆككە يەتكۈدەك بولدى. سىز بىلمەيسىز، كەنتىمىز نامرات. بۇنداق بولۇشىدا تەبىئىي شارائىتىمىز ناچار، يەرلىرىمىز زەي ھەم شورلۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقۇرۇش ئۇسۇلىمۇ تازا مۇكەممەل ئەمەس. بىر مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنىڭ كەنتىمىزگە نوقتىدا كېلىشى ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئىدى. ئويلىغىنىمىزدەك جۇمە رەجەپ كەنتىمىزگە كېلىپلا يەرلەرنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش، ئامىمنى ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزۈش يولىدا ئىزدىنىشكە باشلىدى. بىز بىلەن ئوخشاش ئېتىزغا چىقىپ كەتمەن چېپىپ ھەددى.ھېساپسىز تەر تۆكتى. بىز دېھقان خەق سۆزگە سەل ناقىس كېلىمىز. جۇمە رەجەپنىڭ بىز بىلەن ئىشلەش جەريانىدا تارتقان مۇشەققەتلىرىنى راستىنلا تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. ئۇنىڭ ھەتتا دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدە ئېتىز بېشىدا يېتىپ قوپۇپ ئۆيىگە قايتمىغان،

تاماقنىمۇ ئېتىز بېشىدا يېگەن چاغلىرى بولغان. مېنىڭچە مۇشۇنداق ئادەمنى گېزىت ـ ژۇرنالدا تەشۋىق قىلسا تازا ئەرزىيدۇ جۇمۇ…

مېنىڭ ئىسمىم ھەسەن يۇسۇپ، بۇ يىل 56 ياشقا كىردىم. « بوستان» كەنتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىمغا بەش يىل بولدى. جۇمە رەجەپ دەسلەپ كەنتىمىزگە كەلگەندە، كەنتىمىزنىڭ جاپالىق شارائىتىغا كۆنەلىشىگە ئىشەنگۈمىز كەلمىگەنىدى. بىراق ئۇيلىغىنىمىزنىڭ ئەكسىچە ئۇ خۇددى بىز بىلەن بۇرۇندىن تارتىپ بىرگە ياشىغان ئادەمدەك كەنتىمىزگە سىڭىشىپلا كەتتى. مەن ئۇنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىمىزغا قانداق يېتەكچىلىك قىلغانلىقىنى قويۇپ كەنتىمىزنىڭ ئامانلىق ئىشلىرىنى قانداق تۇتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرەي: بىر ـ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا كەنتىمىزدە بىر بوتكا بولىدىغان، گەرچە بوتكىنىڭ بولىشى ياخشى ئەھۋال بولسىمۇ، بىزگە كەلگەندە مەنىسى ئۆزگىرىپ هاراقكەشلەرنىڭ، جېدەلخورلارنىڭ ئۇۋىسىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى بولۇپ قالدى. جۇمە رەجەپ كەلگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن مۇشۇ بوتكىغا كېلىدىغان ياشلار بىلەن سىرداشتى. كېيىن ئۇنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلىگەن خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلدى. بوتكىغا كېلىپ هاراق ئىچىدىغان، جېدەل چىقىرىدىغان ئىشلار بارا ـ بارا يوقالدى. ھازىر بۇنداق ھادىسىلەرنى كەنتىمىزدىن مۇتلەق تاپالمايسىز. ھەتتا دۇكان ئىگىسى بۇ بوتكىغا زادىلا هاراق سالمىدى.

"مېنىڭ ئىسمىم سىدىق توختى، كەنت باشلىقى بولىمەن. جۇمە شاگجاڭ ھەققىدە سۆزلەڭ دېسىڭىز گەپ جىق. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلغاندا جۇمە شاگجاڭ تاماخور ئەمەس. ئۇنىڭ كەنتىمىزگە كەلگىنىگە خېلى ئۇزاق بولدى. بىراق بىرەرسىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرىپ تۇزۇكرەك غىزالانغىنىنى كۆرمىدۇق. بودىلىۋاتقان قوي ـ كالىمىزغا كۆز قىزارتقىنىنى تېخىمۇ كۆرمىدۇق. بىز نېمە يېسەك ئۇمۇ شۇنى يەپ كېلىۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ جىلا ئوغول بالا. ياماندىن قورقۇپ قالمايدۇ، يۇۋاشنى بوزەك قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ھەققەتچى، راستچىل مىجەزى ھەممىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتىدۇ. بىزدەك دېھقان خەققە مۇشۇنداق شاگجاڭ بولسا بولدى."

مەن ئاممىدىن ئەھۋال ئىگىلىگەنسېرى جۇمە رەجەپكە بولغان قىزىقىشىم، ھۆرمىتىم ئېشىپ باردى. مەن يۇقىرىقى كىشىلەردىن باشقا يەنە كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ياسىن مەمەت، كەنت ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى قۇۋانخان ياسىن، ھەم مۇشۇ كەنتلىك دېھقان ئابلىمىت تۆرە … قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتۇم. ئۇلار بەس-بەس بىلەن جۇمە رەجەپنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىشتى. مەن جۇمە رەجەپنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىگە كەلدىم. مەن ئۇنى كەنت داۋالاش پونكىتىدا ئاسما ئوكۇل ئۇرىۋاتقان ھالەتتە ئۇچراتتىم.

— قارىماسىز ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى، — دېدى ئۇ ماڭا خىجىل بولغاندەك قاراپ — دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدە سالامەتلىكىم ياخشى بولمايۋاتىدۇ دەڭا… ئۆيگە بېرىپ يېتىپمۇ باقتىم، لېكىن خاتىرجەم بولالمايدىكەنمەن. يەنىلا ئىش ئورنۇمدا تۇرغىنىم ياخشى ئىكەن. شۇڭا بىر تەرەپتىن داۋالىنغاچ بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلىۋاتىمەن.

مېنىڭ زىيارىتىم ئەنە شۇنداق باشلىنىپ كەتتى.

96-يىلى 1-ئايدا جۇمە رەجەپ يېڭىسار يېزىسىدىن ئىبارەت بۇ ناتونۇش تۇپراققا مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىق سالاھىيىتى بىلەن قەدەم باستى. ئۇ يېزا باشلىقى بولغاندىن كېيىن ئورمانچىلىق، دېھقانچىلىق، يەر باشقۇرۇش… قاتارلىق خىزمەتلەرنى تۇتۇپ ئىشلىدى. ئۇنىڭغا دەسلەپتە ناتونۇش بىلىنگەن بۇ تۇپراق، بارا-بارا كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ مۇلايىم رايىش دېھقانلار توپىغا ئۆزلىشىپ كەتتى. شۇڭا ئۇ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي بۇگۇر بازار ئىچىدىكى ئۆيىنى يېزىغا كۆچۈرۈپ كەلدى.

— قانداق ئاداش سەن هوي! — دەپ كايىپ كەتتى ئۇنىڭ بىر دوستى ئۇ يېزىغا كۆچۈشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە — ھەممە ئادەم شەھەرنىڭ چوڭىنى تالىشىۋاتسا، سەن سەھرايى قىيامەتكە مېڭىپسىنا… ئەخمەقلىق قىلما، خوتۇن-باللىرىڭ شەھەردە تۇرىۋەرسۇن، سەنمۇ بېرىپ كېلىپ يېزا باشلىقلىقىڭنى قىلىۋەر. خوتۇن-باللىرىڭنى يېزىغا ئاپىرىپ نېمە قىلاي دەيسەن؟

— خوتۇن-باللىرىم بۇ يەردە قالسا خىزمەت ئىشلىشىمگە تەسىر يېتىدىكەن. شەھەردىن ئايرىلىپ قالسامۇ مەيلى، خىزمەتنى ياخشى قىلغىلى بولسا شەھەر بىلەن يېزىنىڭ نېمە پەرقى؟ مەيلى، يېزىغا بېرىپ خاتىرجەم خىزمىتىمنى قىلاي، — دېدى جۇمە رەجەپ دوستىغا چۈشەندۈرۈپ.

ئۇ يېڭىسار يېزا «بوستان» كەنتىدە نوقتىدا تۇرۇپ ئىشلەشكە باشلىدى. « بوستان» كەنتى يېزا ئىچىدىكى نامرات كەنتلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇنداق بولىشىدا تەبئىي، ئىجتىمائىي شارائىت جەھەتتىن باشقا كەنتلەرگە يەتمەيتى. كەنتنىڭ ئەھۋالى ئىزچىل مۇشۇنداق بولۇپ كەلگەچكە بىر قىسىم ياشلار ئۈمىدسىزلىنىپ ھە دېسىلا كەنت بېشىدىكى هاراق بوتكىسىغا هاراق ئىچكىلى باراتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن جۇمە رەجەپنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى. بىر كۈنى ئۇ ئەشۇنداق ياشلارنى بىر يەرگە يىغدى.

— ئىسىت، ئىسىت… مۇشۇ قاۋۇل بەدەنلەر، مۇشۇ چاقناپ تۇرغان كۆزلەر بىھۇدە خاراپ بولۇپ

كېتەرمۇ؟ مۇشۇ كىچىكلا قولۇڭلار بىلەن ئالدىمدىكى مۇنۇ ئۈستەلنى بىر ئورساڭلار پاچاق-پاچاق قىلىۋېتەرسىلەر ھە... بىراق ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ قاغجىراپ ياتقان ئەشۇ بىپايان تۈپرىقىڭلارنىڭ سىلەرگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇدىڭلارما؟ سىلەردىكى ۋىژدان، غورۇر قېنى؟

— جۇمە رەجەپ سۆزلىگەنسېرى قايناپ كەتتى — توغرا، سىلەر ھاراق ئىچەلەيسىلەر. بىراق ئەشۇ ھاراقنى مەنىسى بىلەن ئىچىپ باقتىڭلارمۇ؟ ھاراق دېگەننى ھەقىقىي ئەزىمەت ئىچىدۇ. سىلەرگە ئوخشاش نامرات، ھەتتا خوتۇن-بالىلىرىنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلارنىڭ ھاراق ئىچىشى ئۇيات ئەمەسمۇ؟ ھاراقنى يۇرتۇڭلار ئاۋات، ئائىلەڭلار باياشات، ئۆزۈڭلار ھاياتقا مەغرۇر قارىيالايدىغان چېغىڭلاردا غورۇر بىلەن ئىچىڭلار. ئەشۇ چاغ كەلگەندە مەن سىلەرگە ئۆز قولۇم بىلەن ھاراق قۇيۇپ بېرەي.

بۇ ئاچچىق سۆزلەر بەزى يىگىتلەرنى ئىختىيارسىز يىغلىتىۋەتتى. يىغلىمىغانلارمۇ نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇشتى. شۇنىڭدىن كېيىن كەنتتىكى ئەشۇ يىگىتلەرنىڭ ھاراق ئىچىپ يۈرگىنىنى ھېچكىم كۆرمىدى. كەنت ئۆزگىرىشكە باشلىدى. كېشىلەر نامراتلىقنىڭ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان رىئاللىق ئەمەسلىكىنى تونۇشقا باشلىدى. مۇشۇ ھالەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنمۇ جۇمە رەجەپ ئاز بەدەل تۆلىمىدى. ئايلاپ-ئايلاپ ئۆيىگە قايتماي كەنتتە قونۇپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە شەنبە، يەكشەنبە دېگەنلەر يوقالغان ئۇقۇمغا ئايلاندى. كېسەل بولۇپ قالغان چاغلىرىدا كەنت داۋالاش پونكىتىغا كىرىپ داۋالانغاچ خىزمىتىنى قىلىۋەردى.

— سىز ناھايىتى جاپالىق ئىشلەۋېتىپسىز، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ھەققىدە سۆزلەپ باقسىڭىز، — دېدىم ئۇنىڭغا.

— ھازىرچە نەتىجە يوق. بىز ئىشنى ئەمدى باشلىدۇق. لېكىن نەتىجە يارىتىشتا، ھەتتا مۆجىزە يارىتىشتا ئۈمىد بار.

ئۇنىڭ دېگەنلىرى توغرا. ئۇنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقى بەدىلىگە مۆجىزە بارلىققا كېلىشىمۇ مۇمكىن. ھەممىدىن قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭ ھېرىپ چارچاشتىن قورقمايدىغان، بېرىلىپ ئىشلەش روھى. ئەنە شۇنداق روھ كىمدە بولمىدىكەن شۇنىڭغا گۈزەل كېلىچەك باغرىنى ئاچىدۇ. بىز كۆپ ھاللاردا بىر ئادەمنىڭ خىزمىتىگە باھا بېرىشتە، سان-سىفىرغا، ئالغان لەۋھە-تەقدىرنامىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە كۆنۈپ قالدۇق. بىراق، ئارىمىزدا جۇمە رەجەپكە ئوخشاش خەلقنىڭ چىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ ياشاۋاتقان ئادەملىرىمىز قانچىلىك؟ مۇخبىرلىرىمىز نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئادەملىرىمىزنىمۇ يېزىشنى ئويلاپ كۆرمەيدۇ؟

## مەرپەت ئوغلى



مۇھەممەتجان ئۆمەر 1978-يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق دارىلمۇئەللىمىننى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى 9-ئايدا كورلا شەھرىگە قاراشلىق 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چەرچى باغۋەنچىلىك مەيدانىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىندى. بۇ يەرنىڭ مائارىپ ئەھۋالى باشقا جايلارغا سېلىشتۇرغاندا خېلى بەكلا ناچار ئىدى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ يۈرىكىنىڭ ئېچىشقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ مەكتەپ رەھبەرلىكى بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ، بىر قاتار يېڭى ئوقۇتۇش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بارا-بارا مەكتەپ ۋەزىيىتىدە جۇشقۇن بىر ھالەت قەد كۆتىرىشكە باشلىدى. ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بىلەن ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ ئىشلەش نەتىجىسىدە، ئۇ دەرس بەرگەن سىنىپلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى يىلدىن يىلغا يۇقىرى كۆتىرىلىپ پۈتۈن مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىگە تەسىر كۆرسەتتى. ھەر يىلى مەكتەپ بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى، مۇنەۋۋەر سىنىپ تەربىيىچىسى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلىنىپ كەلدى.

سەككىز يىل ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى.

مۇھەممەتجان ئۆمەرنىڭ ئەنە شۇنداق چەت ماكاندىمۇ ئۇدا سەككىز يىل نەتىجە يارىتالىغاندىن تولىمۇ رازى بولغان كورلا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى رەھبەرلىكى ئۇنىڭغا ئىشەندى، ئۇنىڭدىن زور ئۈمىد كۈتتى. شۇ سەۋەپتىن 1986-يىلى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىغا يۆتكەپ كېلىنىپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىپ بەلگىلەندى. بۇ خىزمەتنى ئىشلەشنى ئۈلتۈرۈپ روياپقا چىقارغىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇ يېزىمۇ يېزا، مەكتەپمۇ مەكتەپ چېپىپ يۈرۈپ ئۆز خىزمىتىنى بىر جانىدىل ئورۇنلىدى. بەلگىلىك قائىدە-تۈزۈم، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، توققۇز يىللىق مەجبۇرى مائارىپ ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئاساسەن خىزمىتىنى يېڭىچە ئۇسۇل بىلەن تەرتىپكە سېلىپ مۇكاپاتلاش-جازالاش تۈزۈمىنى جانلىق يۈرگۈزدى. ئۇ توققۇز يىللىق مەجبۇرى مائارىپ خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا خىلمۇ-خىل قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. ئوقۇشتىن قالغان

باللارنى ئويلىسا ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشاتتى. بولۇپمۇ يېزىلاردا ئوقۇشتىن قالغان باللار كۆپرەك ئىدى. ئۇ ئەشۇ باللارنى مەكتەپ قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش يولىدا هارماي خىزمەت ئىشلىدى.

— بولدى، باللىرىمىزنى سىز گىلا بېرىۋېتەيلى. كۆدە-كۆرپىسى بىلەنلا ئېلىپ كېتىڭ! — دېدى بەزى ئوقۇشتىن قالغان باللارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى. ئۇ لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى. مىللەتنىڭ ساپاسى ئەنە شۇنچىلىك... ئۇ بۇنداق ئەھۋالدا ئەڭ توغرا چارىنىڭ سەۋرچانلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى.

— ئاكا، سىلى بۇنداق رەنجىمىسىلە. باللىرى ئوقۇشمىسىز، نادان هالەتتە قالسا كەلگۈسىگە قانداق جاۋاب بېرىمىز؟ ئاتا - ئانا بولغۇچىلار خىجىللىق تارتمامدۇق؟ ...— ئۇ ئەنە شۇنداق چۈشەندۈرۈشكە باشلايتتى ...

ئۇ ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن ئالتە چوڭ كۆرسەتكۈچ ۋە 60 كىچىك كۆرسەتكۈچكە ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىپ، خاتالىق سادىر بولماسلىقتا تولۇق كاپالەتلىك قىلدى. ئارىلىقتا يەنى1989 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە ئۇ شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتوتىدا بىلىم ئاشۇرۇپ كەلدى... 1994 - يىلى كورلا شەھرى بويىچە يۇقىرى ئۆلچەمدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، دېهقان - چارۋىچىلار مەدەنىيەت - تېخنىكا مەكتىپى قۇرۇلىشى ۋە توققۇز يىللىق مەجبۇرى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. مانا مۇشۇ نەتىجىلەر بارلىققا كەلگۈچە، مۇھەممەتجان ئۆمەر پۈتۈن زېهنى - قۇۋۋىتىنى ئۆز خىزمىتىگە بېغىشلىدى. ئۇ خىزمىتىنى دەپ ئىدارىدا قاتناش قورالى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۆز پۇلىغا بىر موتسىكلىت سېتىۋېلىپ، يېزىمۇ - يېزا قاتراپ يۈردى. سىڭدۈرگەن ئەجرىگە لايىق ئۇ، 1991 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستى بويىچە يېزا مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىسلاھ قىلىش ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتىكى ئىلغار شەخس، 1992 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس، شۇ يىلى يەنە 3 - قېتىملىق قىشلىق پەن - تېخنىكا خىزمىتىدە بايىنغولىن ئوبلاستى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى، 1993 - يىلى كورلا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى. ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى ۋە خىزمىتىدىكى قابىللىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن كورلا شەھەرلىك پارتكوم، خالق هۆكۈمىتى 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنى كورلا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى.

مۇھەممەتجان ئۆمەر كورلا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئاساسلىق مىللى مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا مەسئۇل بولۇشتەك يۈكسەك مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ چاغدا كورلا شەھرى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىسلاھ قىلىشتىكى 2 - قېتىملىق قۇرۇلۇشىغا قاتناشقانىدى. بۇنىڭ بىلەن شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدا « يانغىن پىلانى» ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، مۇھەممەتجان بۇ ئىشخانىنىڭ مەسئۇللىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. ئۇ بىر ياقتىن « ئىككى ئاساسەن» مائارىپنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ هەل قىلسا ، يەنە بىر ياقتىن ئۆز ئالدىغا مائارىپ ئىسلاهاتىدىكى يېڭىچە تەپەككۇر، يېڭى تەكلىپ، يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى تۈزۈپ چىقتى. كىشىنى خوشال قىلىدىغىنى، توققۇز يىللىق مەجبۇرى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

يېزا مائارىپنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش ئىنتايىن مۇرەككەپ سىستىما قۇرۇلىشى بولۇپ، مۇھەممەتجان ئۆمەر مائارىپنىڭ ئىچكى قىسمىدا « ئۈچ مائارىپ» نى ماسلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش، مائارىپنىڭ سىرتقى قىسمىدا مائارىپ، پەن - تېخنىكا، يېزا ئىگىلىكىنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىگە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىپ، قانچە كېچىلەرنى تاڭغا ئۇلاپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ بىر قانچە يىللىق جاپالىق تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئاخىر كۆرۈلدى. ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خۆيىيۈي باشچىلىقىدىكى ئاپتونوم رايوننىڭ « ئىككى ئاساسەن» نى تەكشۈرۈپ باهالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكىدىكى 40 نەپەر خادىم 1996 - يىلى 6 - ئايدا كورلىغا كەلدى. تەپسىلىي تەكشۈرۈشتىن كېيىن كورلا شەھرى توققۇز يىللىق مەجبۇرى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئەلا نەتىجە بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ « ئىككى ئاساسەن» نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتۈپ جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بولۇپ، « ئىككى ئاساسەن» نى ئەمەلگە ئاشۇرغان شەھەر بولۇپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتى كورلىغا بىر بۆلۈك ئادەم ئەۋەتىپ، ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، كورلا شەهرىنىڭ « ئىككى ئاساسەن» مائارىپنى ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتكۈزۈۋالدى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون كورلا شەهرىنى سۈپەت مائارىپنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويىدىغان شەهەر قىلىپ بەلگۈلىدى...

مۇھەممەتجان ئۆمەر بوش ۋاقىتلىرىنى قەدىرلەپ قوشۇمچە تەرجىمە خىزمىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، هازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گېزىت - ژۇرناللاردا 100 پارچىدىن ئارتۇق تەرجىمە ئەسەر ئېلان قىلدى. 10 پارچىدىن ئارتۇق ئوقۇتۇش تەتقىقاتىغا ئائىت ئىلمىي ماقالە يازدى.

يۇقىرىقىدەك جاپالىق ئەمگەك ۋە ئىزدىنىش بەدىلىگە ئۇ بۇ يىل كورلا شەهرى بويىچە « ئىككى

ئاساسەن» خىزمىتىدىكى مۇنەۋۋەر رەھبەر، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - مائارىپ خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىپ يۇقىرىغا يوللاندى.

سىز قاچانلا قارىماڭ، ئۇ ئالدىراشلا ئۆتىدۇ. خۇددى مەرھۇم ئۆتكۈر ئەپەندى باشئەگمەس دەرياسىنى «كىمنىڭدۇر ئارقىسىدىن يەتمەك بولۇپ قوغلاشقاندەك تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ شىددەت بىلەن چاپسەن...» دېگىنىدەك، ئۇمۇ خۇددى كىمنىڭدۇر ئارقىسىدىن قوغلاپ يەتمەكچى بولغاندەك تىنىمسىز ئالدىرايدۇ. دۇرۇس، باشئەگمەس دەرياسى توختاۋسىز چاپقانىكەن، ئۇنىڭ ئوغلىمۇ تىنىمسىز چاپىدۇ ئەلۋەتتە. چۈنكى، ئۇنىڭ يۈرىكىدە يېڭىۋاتقىنى مەرىپەت يالقۇنى.

## كېلەچەك بوسۇغىسىدا



مەن ئارال يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى تۇرسۇن نۇرىنى خېلى بۇرۇنلا ياخشى تونۇيتتىم. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ياخشى باغۋەنلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ 70 - يىللارنىڭ ئاخىرى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ چوڭ شەھەرلەردە قېلىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ يۇرتى چەرچەنگە قايتىپ ئىزچىل ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتاتتى. 92 - يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىلىم ئۇنىڭ قول ئاستىدا بىر يىلغا يېقىن ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇنى خېلىلا ياخشى چۈشىنەتتىم. گەرچە كېيىن خىزمىتىم باشقا ئورۇنغا يۆتكەلگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرى كۆڭلۈمدە چوڭقۇر ئورناپ قالغان ئىدى. بۈگۈن مەن ناھىيە بازىرىدىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى، چەرچەن دەرياسى بىلەن ياقا ئېقىن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئارال يېزىسىغا قاراپ يولغا چىقتىم. مەقسىدىم ئارال ئوتتۇرا مەكتىپىنى ۋە تۇرسۇن نۇرىنى زىيارەت قىلىش ئىدى. كېلىشكىنىمىز بويىچە مەكتەپ مۇدىرى تۇرسۇن نۇرى مېنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن.

— كېلىڭ، زىيارەت قىلغىلى بارىمەن دېيۇدىكەنسىز، قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ تايىنى بولمىسا نېمىنى زىيارەت قىلار دەپ بېشىمغا غەم چۈشتى، — دېدى تۇرسۇن نۇرى كەمتەرلىك بىلەن.

— زىيارەت قىلىشنى ئالدى بىلەن سىزدىن باشلىسام بولامدىكىن؟ سىزنىڭ بۇ مەكتەپكە قوشقان تۆھپىڭىزمۇ ئاز ئەمەس، - دېدىم ئۇنىڭغا.

— ياق، ياق. بۇنداق قىلىشىڭىزغا ھەرگىز قوشۇلالمايمەن. مەكتىپىمىز ھەققىدە سورايدىغانلىرىڭىز بولسا مانا مەن تەييار. بىراق ئۆزۈم توغرىلىق ھېچنىمە دەپ بېرەلمەيمەن.

مەن ئامالسىز ھالدا ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆنۈپ قولۇمغا خاتىرىنى ئېلىپ مەكتەپ ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشلارنى خاتىرىلەشكە باشلىدىم.

— مەكتىپىمىز — دەپ سۆزىنى باشلىدى تۇرسۇن نۇرى — 1956 - يىلى چوڭكۆل يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ شۆبىسى بولۇپ قۇرۇلغان. ئۇ چاغلاردا مەكتەپنىڭ شارائىتى ياخشى ئەمەس ئىدى. كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا تېز ئىلگىرىلەپ بۈگۈنكىدەك كۆلەمگە، يۇقىرى سەۋىيەتكە ئىگە مەكتەپ بولۇپ تەرەققى قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ مەكتەپ پارتىيەنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىغا زىچ ماسلىشىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋال ئوقۇتقۇچىلار-نىڭ كەسپىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى، يەنە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆز ئورنىدا تەربىيەلىدى. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ كەسپىي ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتىرىلىشىگە ئەگىشىپ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يېزا تەۋەسىدىكى خەنزۇ دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ناھىيە مەركىزىدىكى مەكتەپكە بېرىپ، كېلىپ ئوقۇش جەريانىدىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەكتەپ مەمۇرىيىتى ۋە ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ بۇ مەكتەپتە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا مەخسۇس سىنىپ تەسىس قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ كىچىك ئائىلىسىنى بەرپا قىلدى.

1993 - يىلى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن، ئۇزاق يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋىي ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ نىشانلىق ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى. بۇ جەرياندا بىز خېلى كۆپ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدۇق. لېكىن بىز ھەر خىل چارىلەر بىلەن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كېرەكلىك ئۈسكۈنە سايمانلارنى تەدرىجى تولۇقلاپ ھازىر مەكتىپىمىز خېلى مۇكەممەل ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىگە ئىگە مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. مەكتىپىمىز يەنە مەكتەپ باشقۇرۇش، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتە يېڭىلاش، ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ ئوقۇتۇش

سۈپىتىنى كۆرسىنەرلىك يۇقىرى كۆتەردى. شۇنداق بولغاچقا، مەكتىپىمىزدىن ئوتتۇرا تېخنىكوم، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئېششىپ ئوقۇيدىغانلار يىلمۇ - يىلى كۆپەيدى.

— كۆپ سۆزلەپ سىزنى چارچىتىپ قويمىغاندىمەن ھە، — دېدى تۇرسۇن نۇرى ماڭا خىجىل بولغاندەك قاراپ.

— ئەدىكىنى، ئوبدان سۆزلەۋاتىسىز، داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭ، — دېدىم ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ.

ئۇ ئالدىدىكى ئىستاكاندىكى چايدىن بىر ئوتلىۋالدى.

— ئەمىسە سۆزۈمنى داۋام قىلىۋېرەي، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ، — ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش جەھەتلەردە كۆپ ئىزدەندۇق. يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس قىلىپ 24 مو تېرىلغۇ يېرى ھەل قىلىپ 15 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلدۇق. بۇ پۇلنى ئوقۇتۇشتىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا ئىشلىتىش بىلەن بىرگە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىسمەن ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ ئۇلارنى ۋاقىتلىق بولۇشمۇ غەمدىن خالاس قىلدۇق. بىز يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ 800 كۋادرات مېترلىق خىش قۇرۇلمىلىق ئوقۇتۇش سىنىپلىرىنى يېڭىلاپ سالدۇق. 10 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ نىشانلىق ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىدىغان كۆلەڭگۈ چۈشۈرۈش ئاپپاراتىنى سېتىۋېلىپ مەكتەپنىڭ ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇشتا دەسلەپكى ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىن ئەتتۇق. 12 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق راسخوت ئاجرىتىپ مەكتەپ تەجرىبىخانىسىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇقلىدۇق. بىز يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا مەكتىپىمىزنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى يىلمۇ - يىل ئاشۇرۇپ، مەكتىپىمىزنى ئوقۇتۇش شارائىتى تولۇق بولغان، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى يۈرۈشلەشكەن، ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي مەرىپەت باغچىسىغا ئايلاندۇرىمىز.

مەكتەپ مۇدىرى تۇرسۇن نۇرىنىڭ سۆزلىرىدىن ئارال مەكتىپىنىڭ كەلگۈسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. مەن تۇرسۇن نۇرى بىلەن خوشلىشىپ قايتقان چېغىمدا ئەتراپ كەچكى شەپەق نۇرىغا پۈركەلگەنىدى.

## كورلا «بوستان» بازىرىدىكى «مەڭگۈ تاش مەدەنىيەت ـ مۇلازىمەت كىتابخانىسى»غا قەدەم تەشرىپ قىلىڭ!

كورلىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان «بوستان» بازىرى ئۆزىگە خاس ئۇيغۇرچە پۇراقىغا ئىگە ئىكەنلىكى، ئاۋاتلىقى بىلەن يىراق ـ يېقىنغا مەشھۇردۇر. «بوستان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىمىز بازارنىڭ قىياپىتىگە يېڭى تۈس قوشۇش نىيىتىدە بۇ بازاردا «مەڭگۈ تاش مەدەنىيەت ـ مۇلازىمەت كىتابخانىسى» ئاچتى. مەزكۇر كىتابخانىدا ھەر خىل كىتابلار سېتىلىشتىن باشقا يەنە ھەر خىل ماتېرىياللارنى تۈرلۈك تىللارغا تەرجىمە قىلىش، ماتېرىياللارنى كومپيۇتېر ئارقىلىق بېسىپ بېرىش، تەھرىرلىك قاتارلىق تۈرلۈك شەكىللەردە مۇلازىمەت ئېلىپ بارىدۇ. شۇ نەرسە سەمىڭىزدە بولسۇنكى، بىز سىزگە پۇلدىن باشقا ھەر قانداق ماتېرىيالىڭىزنى بېسىپ بېرىشكە ھەرقاچان تەييار!

كىتابخانا ئورنى: «بوستان» بازىرى 27 ـ دۇكان

ئالاقىلىشىش ئورنى: «بوستان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

تېلېفون: 2024226

BP: 128ئارقىلىق 8273273 ۋە 8273271نى چاقىرىسىز.

# ھۇجۇم، ھۇجۇم، يەنە ھۇجۇم

(ئەدەبىي ئاخبارات)

لىيۇ ياجۇ

ئابلىكىم تۇراپ تەرجىمىسى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

بىر سائەتتىن كېيىن

نىتانىياھۇ ۋېلسىپىت مىنىپ گازارما ئىچىدە ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. ۋېلسىپىتىنىڭ قۇيرۇقىدىكى قىسقۇچتا يوغان بىر قونچاق ۋە «ئىسرائىلىيە ۋاقتى گېزىتى» نىڭ 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى كەچلىك بېتى قىستۇرۇقلۇق ئىدى. ئۇ ئەسكەرلەر ياتىقىنىڭ ئالدىدا ۋېلسىپىتىنى تورمۇزلىدى - دە:

— بۈگۈنكى كەچلىك «ئىسرائىلىيە ۋاقتى گېزىتى» بارمۇ؟ — دەپ توۋلىدى.

ۋېلسىپىت ئۈستىدىكى گېزىت بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ئىدى. بىر ئايال خىزمەتچى گېزىت كۆرۈپ كېتىۋاتاتتى. نىتانىياھۇ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە:

— گېزىتنى ماڭا بېرىڭ، — دېدى.

— مەن كۆرۈۋاتمەمدىغۇ؟ دەرۋازىنىڭ سىرتىدىن سېتىۋالدىم، كۆپ ئىكەن، — دېدى ئۇ ئايال.

— مەن مۇشۇنى ئالىمەن! — نىتانىياھۇ گېزىتنى ئالدى - دە، ئۇنىڭ قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ قويدى. ئايال ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. نىتانىياھۇ ۋېلسىپىتنى مىنگەن پېتى گازارما دەرۋازىسىدىن چىققاندىن كېيىن يول بويىدىكى گېزىت ساتقۇچىغا كۆزى چۈشتى.

— بۈگۈنكى «ئىسرائىلىيە ۋاقىت گېزىتى» نىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالاي!

ئۇ گېزىتلەرنى ياتىقىغا ئاپىرىپ يۇيۇنۇش كۆلچىكىگە تاشلىدى - دە، ئوت يېقىۋەتتى. يالقۇن لاۋۇلداشقا باشلىدى. ئۇ قىمىر قىلماستىن بىر دۆۋە گېزىت كۆيۈپ بولغىچە قاراپ تۇردى.

ھۆكۈمەت تەرەپ تۇنجى قېتىم تېرورچىلار ئالدىدا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ يۈرىكىنىڭ دەھشەتلىك ئاغرىشىنى ھېس قىلدى. ئۇ مۇشۇ گېزىتنىڭ باش بېتىگە بېرىلگەن «ئايرۇپىلان بۇلىغۇچىلارغا مۇراجىئەت» ناملىق ماقالىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

گۆرۈگە ئېلىنغان قېرىنداشلار، بىز سىلەر ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشكە چارىسىزمىز. بىز پەقەت قېرىنداشلارچە سەمىمىي ھېسسىياتىمىز ۋە ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ سىلەرنى تىلىۋېلىشتىن ئۆزگە ئامالىمىز يوق. سىلەرنىڭ ئاتا - ئانىڭلار بار ئىدى. سىلەرنىڭ ئۆي - ۋاقىڭلار، خوتۇن - بالىلىرىڭلار بار ئىدى...

— چارىسىزمىز؟ بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟ بىز ھەربىلەرچۇ؟ دۇنيادا ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى قىلالمايدىغان ئىشمۇ بارمۇ؟ — دېدى نىتانىياھۇ.

ئۇ گېزىتنى يىرتىپ پارچە - پارچە قىلىۋەتتى.

— نومۇس!

ئۇنىڭچە ئەسكەرلەر بۇنداق ماقالىلارنى كۆرسە بولمايتتى.

— بۇ ماقالىنى يازغان ئەبلەخ جاسۇس بولمىغاندىمۇ جەزمەن ۋەتەن ساتقۇچ! ئىسرائىلىيەنىڭ قۇدرەتلىك ئارمىيىسى بار. ئارمىيىدە ھەر قانداق ئىشنى قىلالايدىغان زەربىدارلار ئەترىتى بار. زەربىدار ئەترەتتە ماڭا ئوخشاش كوماندىرلار بار. ھازىر كارامىتىمنى كۆرسىتىدىغان پۇرسەت كەلدى، — دېدى ئۇ يېشىنگە.

ئۇ زوڭلى رابىنغا خەت يازدى.

«زوڭلى ئەپەندى، بۇيرۇق بەرگەيسىز. مەن زەربىدارلار ئەترىتىنى باشلاپ بېرىپ ئۇگانداني تۈپ - تۈز قىلىۋېتىمەن» دېگەندى ئۇ خېتىدە.

شومۇلۇن ئادەتتە ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى ھەربىي ئەمەلدارلارغىلا تېلېفون بېرەلەيتتى. ئەكسىچە نىتانىياھۇ ئۆزىدىن بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى دەرىجىلىككە خەت يېزىشقا جۈرئەت قىلدى.

7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دا

زوڭلىنىڭ ئالدىدا ئالدىنقى كۈنى گېنېرال گور بەرگەن كۆك تاشلىق خاتىرە تۇراتتى. ئۇ بىر تال قەلەمنى گويا شەمشەرنى تۇتقاندەك قامالاپ تۇتۇۋالغانىدى.

— سىز بۇ قەلەمنىڭ سالمىقىنى بىلەمسىز؟ ئۇ يۈز نەچچە ئىسرائىلىيىلىكنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلانغان، — دېدى زوڭلى پىچىرلىغاندەك قىلىپ.

— ياق، ئۇ پۈتۈن ئىسرائىلىيىلىكنىڭ تەقدىرىگە چېتىشلىق، — دېدى گور سوغۇققانلىق بىلەن.

رابىن گورغا لاپپىدە قاراپ قويدى.

— «شەپقەتلىك ئۇگاندا ئۈچۈش پىلانى»، بۇ نامنى سىز قويدىڭىزمۇ؟ شېئىرى تۇسى نېمە دېگەن قويۇق... — دېدى زوڭلى.

— بىر قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋە مۇكەممەل ئورۇنلانغان ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنىڭ

ئۆزى بىر شېئىر.

رابىن خاتىرىگە بىر نەچچە قېتىم ئىمزا قويماقچى بولۇپ تەمشىلىپ نېمىدىندۇر ئەنسىرىگەندەك توختاپ قالدى.

— بۇ بىر رىۋايەت، «ملك بىر كېچە»گە ئوخشاپ كېتىدىغان رىۋايەت، شۇنداقمۇ؟

— تامامەن شۇنداق.

— سىزنىڭچە بۇ رىۋايەتنىڭ قىزىقچىلىكى بارمۇ؟

— تولىمۇ قىزىقارلىق.

— باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشنى خالامسىز؟

— سىز سۆزلىشىڭىز كېرەك، زوڭلى جانابلىرى.

— بولىدۇ ئەمىسە.

رابىن كۆك تاشلىق خاتىرىگە ئىمزاسىنى قويدى.

— زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ باش قوماندانى كىم؟— رابىن چوڭ پىلاننى گورغا تاپشۇرىۋاتقاندا كەيپىياتى بىر ئاز جىددىيلىشىپ قالدى.

— باش قوماندانلىقنى گېنېرال شومۇلۇن ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىشكە نىتانىياھۇ قوماندانلىق قىلىدۇ.

— ئۇلار بىلەن بىۋاسىتە كۆرىشەي، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا.

ھايال بولماي شومۇلۇن بىلەن نىتانىياھۇ زوڭلى ئىشخانىسىغا پەيدا بولدى.

گور ئۇلارغا «شەپقەتلىك ئۇگاندا ئۇچۇش پىلانى»نى تەنتەنىلىك يوسۇندا ئوقتۇردى.

رابىن شىرەنى چېكىپ ئولتۇراتتى.

— سىلەرچە بۇ قېتىمقى ئۇشتۇمتۇت زەربىنىڭ مەغلۇبىيەت كۆلەڭگۈسى سەل قويۇقمۇ قانداق؟

—ياق،— دېدى شومۇلۇن.

— نېمىشقا؟

— ئىسرائىلىيە ھەر قانداق مەغلۇبىيەتكە تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ— دېدى ئۇ سەل ـ پەل تۇرىۋېلىپ.

— سەنچۇ يىگىت، — دېدى زوڭلى نەزىرىنى نىتانىياھۇغا ئاغدۇرۇپ — سېنىڭچە بىز بەك قارامىلىق قىلىۋاتىمىزمۇ قانداق؟ بۇ ھەرىكەتنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراش ئېھتىمالى بارمۇ؟

— ياق!

— نېمىشقا؟

— چۈنكى ئىسرائىلىيە دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت.

رابىن گور بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇردى.

— دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت، — دېدى نىتانىياھۇ ئۆز سۆزىنى تولۇقلاپ.

گور ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى.

بىر يېرىم سائەتتىن كېيىن
شومۇلۇن پۈتۈن بىرىگادىنىڭ رويخېتىنى نىتانىياھۇغا تاپشۇرۇۋېتىپ:

— سىز ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىش ئەترىتىنىڭ قوماندانى. خادىملارنى تاللاشتا تولۇق ھوقۇقىڭىز بار،— دېدى.

— پىلان بويىچە 166 ئادەم تۆت زەربىدار گورۇپپىغا ئايرىلدى. يېشىم بىر زەربىدار گورۇپپىنىڭ گورۇپپا باشلىقى بولسا بولىدۇ.

— قوشۇلىمەن.

ئوفىتسىرلار تاللىنىپ بولۇپ نۆۋەت ئەسكەرلەرگە كەلگەندە نىتانىياھۇ چاقىرغان بىر ئىسىم شومۇلۇننى ھەيران قالدۇردى.

— كېن!

بۇ ھېلىقى 2 ـ دەرىجىلىك يارىماس ئەسكەر ئىدى.

— ئۇمۇ بارامدۇ؟

— بارىدۇ. مېنىڭچە ئۇنىڭ ئازار يېگەن غورۇرىغا مەلھەم بېرىش كېرەك. بىراق ئۇ ئەسكەرلىك سالاھىيىتى بىلەن ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 3 دە

گېنېرال گور تېلېفوندا شومۇلون بىلەن نىتانىياھۇنىڭ دەرھال كېلىشىنى بۇيرىدى.

— ماشىنىدىن چۈشمەڭلار، — دېدى ئۇ قولىنى پۇلاڭشىتىپ، — ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار!

ئۇلار شەھەردىن چىقىپ غەربكە قاراپ مېڭىپ، قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتتى. ئىسرائىلىيىنىڭ بۇ ئۇنۇمسىز يەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قۇملۇققا تۇتىشىپ كەتكەنىدى. بىر سائەتتىن كېيىن گورنىڭ ماشىنىسى توختىدى. قاقاس قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياغاچ ـ تاشتىن ياسالغان ئاددىيلا بىر ئايرودروم تۇراتتى. ئۇنىڭ مودېل ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولاتتى. لېكىن ئۇ قارىماققا ھەقىقىي ئايرودرومدىن پەرقلەنمەيتتى.

— سىنچىلاپ قاراپ بېقىڭلار، مانا بۇ سىلەر بارىدىغان شىندىپى ئايرودرومى!

ئۇلار سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. يىراقتا بىروۋنىڭلار ئۇياقتىن بۇ ياققا چېپىپ يۈرەتتى. توپا ـ چاڭلار ئاسماننى بىر ئالغانىدى.

— بۇ يەر تامامەن قامال قىلىنىدى، ئەتە سەن زەربىدار ئەترەتنى مۇشۇ جايغا باشلاپ كېلىپ مەشىق قىلىسەن. سىلەرگە تولۇق بىر كۈن ۋاقىت بېرىمەن، لېكىن ئېسىڭدە بولسۇنكى، مۇشۇ بىرلا كۈن!— دېدى گور.

7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن 10 دا نىتانىياھۇ 32 ـ قېتىم ئاشۇ «كۆتۈش بىناسى»غا ئاتاكا قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. گەرچە بۇ مانېۋىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ زەربىدار ئەترەت خادىملىرىدىن ئاۋازىنىڭ بارىچە چوقان سېلىشىنى تەلەپ قىلاتتى. توپا رەڭلىك ئىسپانكا كىيىۋالغان زەربىدار ئەترەت خادىملىرى باشلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ، قەددىنى تىك تۇتقان پېتى

يۈگۈرۈشەتتى. ئېگىشىپ يۈگۈرگەندە بەلكىم ئوقتىن پاناھلىنىشقا پايدىلىق بولاتتى. لېكىن سۇرئەتكە تەسىر يېتەتتى. ھاياتلىق بىلەن سۈرئەت ئىچىدىن زەربىدار ئەترەت خادىملىرى كېيىنكىسىنى تاللىۋالدى. ھۇجۇم دولقۇنى بىناغا قىستاپ كەلگەندە، ئويلىمىغان بىر ئەھۋال يۈز بەردى. «بىنا» لىڭشىشقا باشلاپ، قاراسلىغان ئاۋاز چىقىرىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا گۈلدۈر - قاراس قىلىش بىلەن تەڭ «بىنا» نىڭ سول تەرىپى ئۆرۈلۈشكە باشلىدى. زەربىدار ئەترەت خادىملىرى بۇ مەنزىرىنى ئوچۇق كۆرسىمۇ، لېكىن بىرەر قەدەمنىمۇ ئاستىلاتمىدى.

ئۇلار زەربىدار ئەترەت خادىملىرى بولغان شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئەڭ كۆپ ئويلايدىغىنى: «ھۇجۇم قىل، ھۇجۇم قىل، ھۇجۇم قىل!» ، «يۈرەكلىك بول، يۈرەكلىك بول، يۈرەكلىك بول!» دېگەن ئىككى جۈملە سۆز ئىدى. ئىتانىياھۇ جەڭچىلىرىگە بىر نەچچە قېتىم:

— ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، بىز ھۇجۇم قىلغۇچىلارمىز. بىز دائىم شەپقەتسىز ھالدا ھۇجۇم قىلىشىمىز كېرەك. پەقەت ئۆزۈڭگە دۈشمەننىڭ ئوقىنى تەككۈزمىسەڭلا، ئاندىن دۈشمەنگە تەگكۈزەلەيسەن، — دېگەنىدى.

زەربىدار ئەترەت خادىملىرى ئۆرۈلۈپ چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان «بىنا»غا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. دەل شۇ پەيتتە «بىنا» ئۆرۈلۈپ چۈشتى. چاڭ - توزاڭ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. زەربىدارلار يەنىلا ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

ئىتانىياھۇ بۇ مەنزىرىگە قاراپ شومۇلۇنغا:

— بۇنداق قوشۇن قانداقمۇ غەلىبىلىك جەڭ قىلالمىسۇن؟ — دېدى كۈلۈپ.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 5 دە

ئىتانىياھۇ دىۋاندا كۆزىنى يۇمغان پېتى ياتاتتى. شۇ تاپتا ئۇلۇم ئىلاھى بىلەن جەڭ ئىلاھى بىرلا ۋاقىتتا يولغا چىققان بولۇپ، يەنە بىر سائەتتىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلەتتى. ئۇ ياڭراۋاتقان مۇزىكىدىن لەززەتلىنىۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئادىتى بولۇپ، ھەر قېتىملىق جەڭدىن ئىلگىرى خانىسىغا بېكىنىۋېلىپ، يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە مۇزىكىغا غەرق بولاتتى.

(داۋامى كېيىنكىساندا)

## ئىلھام زوردۇن نامىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان «قۇياش مېھرى» مۇكاپاتلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسىغا قاتنىشىڭ!

يۈكسەك ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈككەن، بىراق قۇياش نۇرىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قالغان، باشئەگمە دىيارىدىن چىققان ئىجتىھاتلىق ياش شائىرىمىز ئىلھام زوردۇن ئۆز يېنىدىن خىراجەت چىقىرىپ «قۇياش مېھرى» مۇكاپاتلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى! بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار:

1. مۇسابىقىغا قاتنىشىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ژانىر چەكلىمىسى يوق. ئەسەرلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپ: مەزمۇنى ساغلام بولۇشى، بەدىئىيلىك ۋە ئىدىيىۋىلىك جەھەتتە بوشۇش خاراكتېرلىق يېڭىلىق ياراتقان بولۇشى كېرەك.

2. مۇسابىقە ئەسەرلىرى ھازىردىن باشلاپ قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر كونۋېرت ئۈستىگە ۋە ئەسەرلەرنىڭ بېشىغا «'قۇياش مېھرى ' ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسىغا» دەپ ئەسكەرتىشى، تىزىملاش ھەققى ئۈچۈن تەھرىر بۆلۈمىمىزگە00 .15يۈەن ئەۋەتىشى لازىم. (تىزىملاش ھەققى ئەۋەتىلمىگەن ئەسەرلەر مۇسابىقىغا قاتناشتۇرۇلمايدۇ.)

3. ئەسەر ئەۋەتىدىغان ئادرېس: بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «بوستان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى: 巴州文联《博斯坦》杂志编辑部

4. بارلىق قەلەمكەش، ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىدە بولسۇنكى، ئىلھام زوردۇن كورلا شەھىرى كونا بازار كوۋرۈكىنىڭ بېشىدا ('تەبەسسۇم' رېستورانىنىڭ يېنىدا) «ئىلھام زوردۇن مەدەنىيەت ئۈن-سىن بۇيۇملىرى دۇكىنى» ئاچتى. سۈپەتلىك ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىشنى ئارزۇلىغۇچىلار ياكى ئىلھام زوردۇن بىلەن ئەدەبىيات ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرغۇچىلار، مۇكاپات تەپسىلاتىنى بىلىشنى خالايدىغانلار ئىلھام زوردۇن بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلەشسە بولىدۇ.

ئادرېسى: كونا بازار كوۋرۈكى يېنىدىكى ('تەبەسسۇم'، رېستورانى يېنىدا) «ئىلھام زوردۇن مەدەنىيەت ئۈن - سىن بۇيۇملىرى دۇكىنى»

دۇكان تېلېفونى: 2037783 (0996)   ئۆي تېلېفونى: 2072148 (0996)

## تىنىمسىز ئۆتكەن 42 يىل

**ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن**

ئېلىمىزدە 1979 ـ يىلدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش شامىلى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىگە غايەت زور يېڭىلىق ئېلىپ كەلدى. جۈملىدىن «سول» لۇشيەنىنىڭ كاساپىتىدىن كۆڭۈللىرى يەتكۈچە جاراھەتلەنگەن تۆمەنلىگەن ئىجادىيەتچىلەر ئۆز كۆڭۈل يارىسىغا شىپالىق مەلھەم تاپقاندەك بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە مىسلىسىز ئىلھام بەخش ئەتكەن بۇ تارىخىي پۇرسەتتە، ياشلىق باھارى قايتىدىن جۇلالىنىپ، ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ يېڭى دەۋرنى كۈيلىدى. ئۇرغۇپ تۇرغان ھېسسىياتى بىلەن ئۆز قانۇنىيىتى، ئۆز ئىزىغا چۈشكەن ئەدەبىي ئىجادىيەت قايىنىمىغا ئۆزىنى ئاتتى. دېمەك، ئەدەبىي ئىجادىيەت باغچىسى قايتىدىن گۈللەندى ۋە ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى كەينى ـ كەينىدىن ئۆز جامالىنى نامايىش قىلدى. شۇ يىللاردا ئاپتونوم رايونىمىزدا، جۈملىدىن باشئەگىم ۋادىسىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە مۇشۇ شەرەپلىك يولدا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان ئەزىمەتلەر تىلغا ئېلىنسا، سۆيۈملۈك قەلەم ئىگىلىرى قاتارىدا پېشقەدەم شائىرىمىز ئابلىز ھەسەن كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

شائىر ئابلىز ھەسەن 1939 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بولغان ۋەتەنپەرۋەر، تەرەققىپەرۋەر، دېموكراتىك ئىنقىلابىي شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياشىغان تۇرپان يېڭى شەھەردە دۇنياغا كەلگەن. 1959 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ دارىلمۇئەللىمىننى تۈگىتىپ، ياشلار نەشرىياتى باسما زاۋۇتىغا تەقسىملەنگەن. 1961 ـ يىلى ئالتايدا ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ ئەسكەر بولغان. 1962 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى باسما زاۋۇتىغا قايتىپ كەلگەن. 1970 ـ يىلى يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن كورلا دۆڭ قاتخوڭ باسما زاۋۇتىغا، يەنى ھازىرقى شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىغا يۆتكىلىپ كەلگەن. مەتبەئەچىلىك ئىشلىرى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىش، شۇنداقلا ئۇنىڭ قەلبىدە كىچىككىدىنلا بىخلانغان ئەدەبىي ھەۋەس ئاخىرى «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1955 ـ يىل 11 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «شۇ يولدا» ناملىق شېئىرى ئۇنى ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە باشلاپ كىردى. شۇندىن بۇيان ئۇ تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىز قايناملىرىدا شۇڭغۇپ، ئاز بولمىغان چۈچۈك شېئىرلىرى بىلەن خەلقنىڭ ئىستىبىتىك تەلىپىنى قاندۇرۇشقا تىرىشىپ كەلدى. بۇ جەرياندا «سول» لۇشيەنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، ئېچىلىش ئالدىدىكى ئۈمىد غۇنچىسى سولاشقان چاغلىرىمۇ بولدى. شۇنداقلا ياشلىق باھارى قايتىدىن گۈللىنىپ ئىجادىيەت بۇلىقى بۇلدۇقلىغان كۆڭۈللۈك چاغلىرىمۇ بولدى. شائىر ئابلىز ھەسەن ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن 42 يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇساپىسىدە رايونىمىز ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشتى. تۆۋەندىكى سان ـ سىفىرلار بۇ سۆزىمىزنى دەلىللەيدۇ:

شائىر ئابلىز ھەسەننىڭ «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم») ژۇرنىلىنىڭ 1955 ـ يىل 11 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «شۇ يولدا» ناملىق شېئىرىدىن باشلاپ ھازىرغىچە «شىنجاڭ گېزىتى»، «تارىم»، «شىنجاڭ دېھقانلىرى»، «تەربىيىچى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ سودا گېزىتى»، «شىنجاڭ پىئونېرلىرى»، «مىراس»، «ياش كوممۇنىست»، «بوستان»، «يېڭى قاشتېشى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «ئىلى دەرياسى»، «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ تەنتەربىيىسى»، «بايىنغولىن گېزىتى»، «تۇرپان ژۇرنىلى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا 500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، داستان، ھېكايە، ئەدەبىي ئوبزورلىرى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. 1988 ـ يىلى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ھايات قەدرى» ناملىق شېئىرى توپلىمى نەشر قىلىندى. 1990 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن يەنە باشقىلار بىلەن بىرلىكتە «ھايات باھارى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. يېقىندا «يۆتكىلىپ ئاقىدىغان دەريا» ناملىق رومانىنى نەشرىياتقا تاپشۇردى. خېلى بىر قىسىم ئەدەبىي ئوبزورلىرى، بىر تۈركۈم شېئىرلىرى، جۈملىدىن «باغراش ئاق قۇلىرى»، «چۈمۈلە روھى چىللايدۇ» ناملىق شېئىرلىرى ۋە «قويۇۋەت»، «لازا خوتۇن» قاتارلىق ھەجۋىي شېئىرلىرى كىتابخانلارنىڭ

قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى ئۇنىڭ ئەمگىكى تەرىپىدىن، خەلققە، ۋەتەنگە قوشقان خالىس تۆھپىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئۇنى پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. ئارقا ئىشىكتىن مېڭىپ قولغا كەلتۈرگىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ ئېسىل پەزىلىتى ۋە ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى بەلگىلەيدۇ. ھەقىقەت ئۇچۇن كۈرەش قىلىشلا ئادەمنى ھەممە نېمىگە ئېرىشتۈرىدۇ. شائىر ئابلىز ھەسەن ئۆز ئىجادىيىتىدە مۇشۇ مەنىۋى نىشانى ئۇچۇن كۈرەش قىلدى، ئىزدەندى. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆز كىتابخانلىرىغا ئىگە بولدى، ئۆز خەلقىنىڭ ئېگىشلىك ھۆرمىتى بىلەن تارتۇقلاندى. 1991 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېچىلغان 3 - قېتىملىق «خاڭتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تارقىتىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئۇنىڭ بىر توركۇم شېئىرلىرى مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. 1994 - يىلى ئۇنىڭ «شېئىرىيىتىمىزنىڭ 40 - يىللاردىكى ئازادلىق كۈرىشى تېماتىكىسى» ناملىق ماقالىسى «بوستان ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. 1990 - يىلى ۋە 1995 - يىلى مەملىكەتلىك مەتبەئە ئويۇشمىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىيات - ئاخبارات، مەتبەئە ئويۇشمىسىنىڭ «شەرەپ مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. ئۇنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەھۋالى جىلىن خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ھازىرقى زامان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر شەخسلەر قامۇسى» نىڭ 3 - تومىدا ۋە جۇڭگو ئىشچىلار نەشرىياتى نەشر قىلغان «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى قامۇسى» دا تونۇشتۇرۇلدى. 1995 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن «شەنبىلىك سۆھبەت» پىروگراممىسىدا ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى مەخسۇس تونۇشتۇرۇلدى. دېمەك، پارتىيە، ھۆكۈمەت، خەلق ئۇنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى ھەققانى باھالاپ، ئۇنىڭغا ئىلھام بەردى.

شائىر ئابلىز ھەسەن يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر كىتابخانلارغا بىر قەدەر تونۇشلۇق بولغان شائىرلىرىمىزدىن بىرى. ئۇنىڭ «غالىبلار ۋەتىنىگە» ناملىق شېئىرى ئۆزبېكىستاندا چىقىدىغان نوپۇزلۇق ئەدەبىي ژۇرنال «شەرق يۇلتۇزى» نىڭ 1962 - يىل 2 - سانىدا ۋە موسكۋادا چىقىدىغان «ھەقىقەت» گېزىتىدە ئېلان قىلىندى. قازاقىستاندا نەشر قىلىنىدىغان «بىزنىڭ ۋەتەن» ناملىق گېزىتنىڭ 1985 - يىل 23 - دېكابىردىكى سانىدا «شىنجاڭ ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن» سەرلەۋھە ئاستىدا «باشئەگمەم»، «نەشپۈت خاتىرىسى» ناملىق شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. قازاقىستاندا چىقىدىغان «كوممۇنىزىم تۇغى» گېزىتىدە شائىرنىڭ بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «يۈرەك ساداسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن تاللانغان ئالتە پارچە شېئىرى سۈرىتى بىلەن تونۇشتۇرۇلدى. 1990 - يىلى ئالمۇتا «يازغۇچى» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تەڭرىتاغ سادالىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا ئۇنىڭ «ۋەتەن ئىشقىدا» ناملىق ئۈچ پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلدى.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، شائىر ئابلىز ھەسەن ئۆز ئىجادىيىتىدە ئوبزورچىلىقتىمۇ خېلى كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكى بىلەن كىتابخانلارغا تونۇشلۇق. ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇش بىر گەپ، ئۇنى باھالاشنى بىلىش، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە خاس ھوزۇر ئېلىش يەنە بىر گەپ. بۇنىڭغا بەلگىلىك نەزەرىيىۋى سەۋىيە ۋە كۆزىتىش ئىقتىدارى كېرەك بولىدۇ. شائىر ئابلىز ھەسەن بۇ ساھەدىمۇ ئۆزىنى سىناپ كۆردى، سىناپ كۆردىلا ئەمەس، خېلى كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى ئەستايىدىل ئوپېراتسىيە قىلىپ، تالايلىغان قەلەم ئىگىلىرىگە مەدەتكار بولدى.

42 يىللىق ئۆمرىنى، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىنىمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان پېشقەدەم شائىر ئابلىز ھەسەن ئۆز ئەمگىكىگە يارىشا يۇرتداشلىرىنىڭ، ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە نائىل بولدى. ئۇ ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. بايىنغولىن ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، «بوستان» ژۇرنىلىنىڭ پېشقەدەم تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى. بىز شائىرنىڭ ئىجادىيەت ھاياتى ۋە قولغا كەلتۈرۈلەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن سۆيۈنمەي تۇرالمايمىز!

مەن سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئىجادىيىتىگە يەنىمۇ يۇقىرى ئۇتۇق تىلەش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ خاتىرىسىگە مۇنۇ مىسرالارنى تەقدىم قىلىمەن:

ئەللىك توققۇز باھار ئۆتتى بېشىڭدىن،
ھايات بولسا زۆھرە، سەن تاھىر ئىدىڭ.
مىسرالار قويىندا قىرىق ئىككى يىل —
يايرىدىڭ،
«خەلقىمگە گۈل تۇتاي» دېدىڭ.
ئاپىرىن، قويۇۋەتتىڭ تالاي نەرسىنى،
ئەمما قەلىمىڭنى قويۇۋەتمىدىڭ!

1998 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى

(بۇ ماقالە ۋە كېيىنكى بەتتىكى ماقالە شائىر ئابلىز ھەسەن ئىجادىيىتىنىڭ 42 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى» دا ئوقۇلغان.)

# پېشقەدەم شائىر ئابلىز ھەسەن ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى

پەرھات ئابدۇرەھىم

چارەك ئەسىردىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خۇددى زەبەردەست ئوغلاندەك تىنىمسىز يىللارنىڭ خىلمۇ - خىل بوران - چاپقۇنلىرىنى بېشىدىن كۆچۈرۈپ، ئۆزىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس ھاياتى كۈچىنى نامايەن قىلىپ، ئاجىزلىقتىن قۇدرەت تېپىپ، يۈزەكىلىكتىن چوڭقۇرلىشىپ، ئازلىقتىن زورىيىپ، دەۋرىمىزگە خاس رەڭدارلىققا، جۇشقۇن روھقا، يۈكسەك ئىجادىي سېزىم ۋە بەدىئىي تەپەككۇرغا ئىگە قۇدرەتلىك ئىجادىيەت قوشۇنىنى يېتىلدۈردى. شائىر ئابلىز ھەسەن ئۆزىنىڭ تىنىمسىز ئىجادىي ئەمگەكلىرى ۋە مول مېۋىلىرى بىلەن مانا مۇشۇ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن پېشقەدەملىرىمىزنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، شائىرنىڭ ئىجادىي ھاياتى، شائىر قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان يالقۇنلۇق مۇھەببىتى، شۇنداقلا ۋولقاندەك پارتلاپ چىققان غەزەپ - نەپرىتى دەۋر بىلەن، خەلق بىلەن مۇستەھكەم باغلانغان. بىز شائىرنىڭ ئىجادىي ھاياتىدىن بەختىيار ئەلنىڭ باھاردەك ياشناپ تۇرغان گۈزەل ھاياتى كارتىنىسىنى سىزىۋاتقان چېۋەر رەسسامنى كۆرگەندەك بولىمىز. شائىر «ئالتاي تاغلىرىدا» ناملىق شېئىرىدا:

مەن بۇلۇت ئۈستىدە، ئېگىز چوققىدا،
نۇرلانغان كۆزلىرىم تىكىلگەن يىراق.
كۆلمەكتە ياش قەلبىم ھايات زوقىدا،
ۋەتەنگە باققان ئۇ دەريادەك ئويغاق.

دەپ يېزىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئانا ۋەتىنىنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇستەھكەم باغلىغان جەڭچىنىڭ يارقىن ئوبرازىنى ياراتقان بولسا، «ۋەتەن مېھرى بىلەن» دېگەن شېئىرىدىكى:

كىيىملەر مۇز تۇتقان، ئەمما بوران، سوغ —
يېڭەلمەي ئاۋارە قەلبىم ئوتىنى.
مۇزلىماي كۆزەتتىم، دىلدا ساقلىغاچ
ۋەتىنىنىڭ يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنى. -

دېگەن مىسرالىرىدا چېگرا جەڭچىسىنىڭ ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغداش يولىدا ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىدىن كېچىشتىنمۇ يانمايدىغان قەيسەر ئىرادىسىنى نامايەن قىلىدۇ.

ئاق قار، كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان ئالتاي تاغلىرىدىكى گازارما ھاياتى شائىرغا ھاياتنىڭ چىن مەنىسى، ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسى بولغان سۆيگۈ، دوستلۇق ۋە دوستلۇق بۇرچىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ھەقىقىي تونۇتىدۇ:

دوستۇڭغا ئىشەن سەن ئېغىر كۈنلەردە،
قول سۇنسا بېشىڭغا كۈن چۈشكەن ھامان.
ياخشى دوست دەردىڭنىڭ بولار داۋاسى،
ئەكسىچە ئۈستىڭدىن كۈلگىنى يامان.
دوستۇڭغا ئىشەن سەن خۇشال كۈنلەردە،
بىلسە ئۆز بەختىگە سېنىمۇ تەڭداش.
خۇشال كۈنلىرىڭدە قول بەرمىگەن دوست،
ئېغىر كۈنلىرىڭدە بولالماس يولداش.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، پەقەتلا ئىككى كۇپلېتتىن تەركىب تاپقان بۇ شېئىردىكى شېئىرىي پىكىرنىڭ ئېنىقلىقى ۋە چوڭقۇرلۇقى، ھېسسىياتنىڭ جانلىق ۋە تەسىرچانلىقى، بولۇپمۇ شېئىردىكى تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن شائىرنىڭ بەدىئىي تالانتىغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز. ئەينى يىللاردىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن سىياسىي ھەركەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيەتكە چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن كىرىپ كەلگەن ياش تالانت ئىگىسىنىڭ بېشىغا ئارقىمۇ - ئارقىغا بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇ بىزگە مەشھۇر خەلق چاقچاقچىسى ھېسام قۇرباننىڭ ئەينى يىللاردىكى قەلەم ئىگىلىرىنى ئەسلەپ: «شائىر دېگەنمۇ ئاجايىپ خەقكەن، ياشىغىنى ياراپ قالسا 15 كوي بېرىدىكەن، يامان بولسا 15 يىل سولاپ قويىدىكەن» دېگەن چاقچىقىنى ئەسلىتىدۇ.

ئەشۇ يىللاردا شائىر گەرچە ئىجادىيەت ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، چەتكە قېقىلغان ۋە نازارەت ئاستىغا ئېلىنىپ بارلىق پائالىيەتلىرى چەكلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قەلبىدىكى يالقۇنلۇق ۋەتەن مۇھەببىتىنى، يىراقنى كۆرەر روھ، چىدام ۋە غەيرەت، ئۈمىد - ئىشەنچىنى يوقىتىۋېتەلمىدى. شائىرنىڭ ئەينى يىللار ئۈستىدە شىكايەت قىلىپ يازغان «باغراش ئاق قۇلىرى» ناملىق شېئىرى بۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدۇ. شائىر شېئىردا:

باغراش ئاق قۇلىرى كۆپ جاپا تارتتىم،
زۇلۇم چاڭگىلىدا قالدى ھاياتىم.

زۇلۇمسىز ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقاتتىم،
بولسىدى سىلەردەك ئەركىن قاناتىم.
ئۇچۇڭلار ئاق قۇلار تاراڭلار ھەريان،
ئېيتىڭلار قەلبىمدىن چىققان نالىنى.
ئېيتىڭلار باغراشتا مەن ئېيتالمىغان
جاپاكەش خەلقىنىڭ دەردۇ ھالىنى. - دەپ يېزىپ، خەلق شائىرىنىڭ ئەل بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈلپەتلەرگە كەلگۈسىگە بولغان ئىچىنىشىنى، بەختىيار ھاياتقا، گۈزەل كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىشى ۋە ئۈمىدۋار روھىنى، رەزىللىك ۋە پەسكەشلىككە بولغان چەكسىز غەزەپ - نەپرىتىنى سىمۋوللۇق ۋاستىلار ئارقىلىق لىرىكىلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن شائىرنىڭ نامى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە جۇشقۇن روھ بىلەن كىرىپ كەلدى. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ باھار شامىلى شائىرنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنى كەڭ ئىمىتىك مۇھىت، رەڭدار ۋە چوڭقۇر مەزمۇن جەڭگىۋارلىق بىلەن تەمىن ئەتتى. شائىر ئۆتكۈر قەلىمىنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ ۋەتەن باھارىنى، خەلقىنىڭ قاينام - تاشقىنلىققا تولغان بەختىيار ھاياتىنى ئاكتىۋال تېمىلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىپ، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى زوق - شوق بىلەن كۈيلىدى. شائىرنىڭ ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆپۈنچە ھاللاردا گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسى بىلەن ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ بىرىكىشىدە كۆرۈلىدۇ. شائىر تەبىئەت گۈزەللىكلىرىنى دەۋرنىڭ يۈرەك سوقۇشى، ھايات قاراشلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى جانلىق ۋە جۇشقۇن روھنى يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. تەبىئەتتىكى ۋە ھاياتتىكى ئەڭ ئاددىي دېتال ۋە غىل - پال قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان تاسادىپىيلىقلارمۇ شائىرنىڭ ئۆتكۈر كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى؛ شاد - خورام ھايات پەيزىنى سۈرۈۋاتقان قوشاقچى بوۋاي، جۇشقۇن روھ بىلەن تاغلاردىن يول ئېچىپ رېلىس يانقوزۇۋاتقان تۆمۈر ئىشچىلىرى، مولچىلىك بىلەن تولغان قايناق دېھقان بازىرى، خېنەن يېزىلىرىغا كۆندۈرۈلگەن قاراشەھەر ئېتى، شورلۇقتا باغجانلاپ ئۆسكەن لوپنۇر كەندىرى، كەپتەر خۇمار شوخ ۋە ساددە دېھقان باللىرى، ئانا ماكانىنىڭ تاغ - دەريالىرى، ھەر بىر گىياھ تاشلىرى، گۈلۈستان باغلىرى ۋە دەشتى - چۆللىرى شائىر قەلىمى ئاستىدا ئىستېتىكىغا تويۇنۇپ، ئۆزىنىڭ سېھرى كۈچىنى نامايەن قىلدى:

قار ياغدى دالاغا ئاق تون كىيدۈردى،
دەرەخ شاخلىرىغا تارتتى ئاق چىلتەك.
بىپايان ئېتىزلار كۆڭلىنى تىندۈردى،
كۈمۈشرەڭ دالاغا يېيىپ كەڭ ئېتەك.
ئاھ، ۋەتەن يېرى قار بولۇپ ئېقىپ،
سېنى كەڭ غۇلاچلاپ قۇچاقلىغىم بار.
قار بولالمىسام قار بولۇپ ياققان -
ساڭا مۇھەببەتلىك قوشاقلىرىم بار.
(قار لىرىكىسى)

يوقىرقى لىرىكىلىق مىسرالاردىن بىز شائىرنىڭ ۋەتەن تۇپرىقىنى قەدىرلەيدىغان، ۋەتەن نامىنى ئۇلۇغلاپ قانمايدىغان روھىنى كۆرىۋالالايمىز. شائىرنىڭ بىر - بىرىگە ئىزچىل باغلىنىشلىق بەش پارچە لىرىك شېئىرىدىن تەركىپ تاپقان «كۆنچى ناخشىلىرى» ناملىق سىكلى تەسۋىرلەرنىڭ ئىنچىكىلىكى، بەدىئىي ۋاستىلار بىلەن تويۇنغانلىقى، شېئىرى پىكىرىنىڭ چوڭقۇر ۋە مەنتىقە جەھەتتىن يېقىن باغلانغانلىقى، بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ يېتەرلىك قاناتلاندۇرۇلغانلىقى ۋە ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغانلىقى جەھەتتىن خاراكتېرلىكتۇر. شائىر ھەر بىر ئۆتۈشۈش ئارىلىقىدا «ئەي كۆنچى دەرياسى بويلىرىڭدا مەن» دېگەن مىسرالارغا ماس ھالدا ئۆتكۈنچى كۆبلېت ھاسىل قىلىپ سىكلنى تەشكىل قىلغان شېئىرى مەزمۇنلارنى بىردەكلىككە، مەنتىقىلىققا ئىگە قىلغان ۋە ئاخىرىدا ئۆز يۇرتىنىڭ گۈزەللىكىدىن چەكسىز پەخىرلىنىش ھېسسىياتىغا چۆمۈلگەن ھالدا شېئىرىنى:

ئەي كۆنچى دەرياسى بويلىرىڭدا مەن،
كۆيچىڭمەن قىزىتقان تويلىرىڭدا مەن.
جۇر بولدۇم چۆللەرنى گۈلىستان ئەيلەپ،
دەرياچە ياڭراتقان كۈيلىرىڭگە مەن. - دەپ ئاياقلاشتۇرغان.

ئومۇمەن ئېيتقاندا پېشقەدەم شائىر ئابلىز ھەسەن تىنىمسىز قەلەم تەۋرىتىپ، بەختىيار ھاياتنى، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، ئەلنىڭ ئۈمىدىنى بىجادىل ئورۇنداپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. شائىرنىڭ ئەڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىدىن بىرى - يولداشلارغا بولغان سەمىمىلىك، قىزغىنلىق ۋە دوستانىلىق بولۇپ، ياش ئاپتورلارنى يېتەكلەش، بايقاش، ئۇلارغا ئىلھام بېرىش، شائىر ئۇلارنى ئىجادىيەت سېپىگە باشلاپ كىرىشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى دەپ بىلدى. كۈچلۈك ئاپتورلار قوشۇنىغا ۋە ئالاھىدە تەسىرگە ئىگە بوگۈنكى «بوستان» ژۇرنىلىنىڭ 25 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىدا پېشقەدەم شائىر ئابلىز ھەسەننىڭ ئەجىر - مېھنەتلىرىنىڭ ئۆچمەس ئىزى بار، ئەلۋەتتە.

# ئۇچۇر سۇغىنى

1998 - يىلى 9 - يانۋار بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «بوستان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئوبلاستلىق پوچتىخانا يىغىن زالىدا «شائىر ئابلىز ھەسەن ئىجادىيىتىنىڭ 42 يىللىقىنى خاتىرىلەش»، «ئالتۇنتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ۋە «تەكلىماكان روھى مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئوسمان ئۆمەر، ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى تۇختى ئابدۇللا ۋە بۇ قېتىمقى يىغىنغا ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلغان ئوبلاستلىق پوچتىخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل نىياز، شۇنداقلا ھەر قايسى ناھىيىلەردىن، ئوبلاست، ھەم شەھەرگە قاراشلىق ئورۇنلاردىن بولۇپ 100 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. يىغىنغا يەنە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ھەبىبۇللا مۇھەممەت، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى پولات ھېۋزۇللا، «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بەگمەت يۈسۈپ، «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى مۇھەممەت نىياز قاتارلىقلار ئالاھىدە كېلىپ قاتناشتى. يىغىندا ئابلىز ھەسەن ئىجادىيىتىگە يۇقىرى باھا بېرىلىپ، ماقالىلار ئوقۇلدى (ماقالىلار ئايرىم بېرىلدى)، تەنتەنە سادالىرى ئىچىدە شائىرغا تون كىيدۈرۈلدى. 17 ئاپتورغا مۇكاپات تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ئالاھىدە تەبرىك خېتى ئەۋەتىپ يىغىننى تەبرىكلىدى.

## «ئالتۇنتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

1. «قان - ياشقا تولغان قەدەم ۋە ئۆتمىز سۆيگەست» (ئەدەبىي ئاخبارات) ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى، ئەنۋەر ئەختەرى (1997 - يىل 1 - سان)
2. «كۆلەڭگىسىز ئادەم» (ھېكايە) تۇرسۇن مەخمۇت (1997 - يىل 1 - سان)
3. «ۋاقىت ئاقار باغرىمدا تىمتاس» (شېئىرلار) ئالىمجان ناسىر (1997 - يىل 2 - سان)
4. «ۋىسال سىرتمىقى» (نەسرلەر) قۇربان ئەمەت (1997 - يىل 4 - سان)

## «تەكلىماكان روھى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

### 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

1. «كۆز يېشى ۋە ۋەھىمىگە تولغان كۆزلەر» (پوۋېست) ئەنۋەر مۇھەممەت (1997 - يىل 2 - سان)
2. «يىراقتىكى ئورمان» (ھېكايە) ئەمەتجان مۇھەممەت (1997 - يىل 4 - سان)

### 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

1. «قارا تاشتىكى چۈش كۆلەڭگىسى» (نەسرلەر) مۇھەممەتجان ئەمەت (1997 - يىل 1 - سان)
2. «مۇھەببەت ۋە ئازاب» (ھېكايە) ماھىنۇر ئابدىلىم (1997 - يىل 2 - سان)
3. «سۆيگۈ ساماسىدىكى نۇرلۇق يۇلتۇزلار» (نەسرلەر) مۇھەممەتجان ئىلياس (1997 - يىل 2 - سان)
4. «شەھەردىن چىقىپ كېتىش» (ھېكايە) پەخرىدىن مۇسا (1997 - يىل 3 - سان)
5. «يوقسۇل» (ھېكايە) مۇختەر سوپى (1997 - يىل 3 - سان)

### 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

1. «ئەمەل كوچىسىدىكى پاراڭلار» (ھېكايە) ئابدۇقادىر سادىر (1997 - يىل 2 - سان)
2. «شەيتان قەغەز» (ھېكايە) باھاۋۇدۇن ھەسەن (1997 - يىل 3 - سان)
3. «تەكلىماكان ناخشىسى» (نەسرلەر) ئەنۋەر ئابدۇرەھىم (1997 - يىل 3 - سان)
4. «ئاچچىق كۈلكىلەر» (ھېكايە) مۇھەممەت تەشنائى (1997 - يىل 3 - سان)
5. «قەلب چۇقانلىرى» (ئەدەبىي خاتىرە) ھۆرلىقا ئابدۇرشىت (1998 - يىل 1 - سان)


بوستان
博斯坦

بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
«بوستان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
巴州文联《博斯坦》杂志编辑部编辑出版　　تەننەرقى: 3.00 يۈەن
«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى 《工人时报》印刷厂印刷

شىنجاڭ گېزىت - ژۇرناللار ئىجازەتنامىسى: 0139 新疆报刊准印证第 0139 号
تېلېفون نومۇرى: 2024226　　پوچتا نومۇرى: 841000

# شائىر ئابلىز ھەسەن ئىجادىيىتىنىڭ 42 يىللىقىنى خاتىرىلەش، «ئالتۇنتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى»، «تەكلىماكان روھى نەسرىي ئەسەرلەر مۇكاپاتى» يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر



✦ ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى تۇختى ئابدۇللا (ئوتتۇرىدا) مۇھىم سۆز قىلدى



✦ يىغىنغا قاتناشقان قېرىنداش ئەدەبىي ژۇرناللار مەسئۇللىرى



✦ يىغىن قاتناشچىلىرى



✦ لوپنۇردىكى مەرىپەتپەرۋەرلەر يىغىندا



✦ مۇكاپاتلانغۇچىلار سەھنىدە



✦ شائىر ئابلىز ھەسەنگە تۇغقانلىرى گۈل تەقدىم قىلماقتا

# تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈر ناھىيىلىك ... ۆمە



▲ ئۆمەك باشلىقى تۇرسۇن ئىسلام



▲ ناھىيە رەھبەرلىرى ئۆمەك تەرەققىياتى
ئۈستىدە كۆرسەتمە بەرمەكتە



▲ جاپالىق مەشىق



▲ كۈلدۈرگە ئارتىسلىرى ماھارەت سىنىماقتا



▲ قىزغىن ئىشتىياق



▲ ئۆمەك خادىملىرى جەم بولدى